شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال ، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال

# BULAK

2004

6



# بۇلاق

ISSN 1005 0876

12>

9 771005 087006

源泉(布拉克)

www.uyghurkitap.com





ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

## قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

25 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 99 ـ سان

# ئاناتىل

ئاناتىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززىتىن قىلغۇم كېلۇر
ئاناتىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بىلىپ ئالغۇم كېلۇر

بۇ ئاناتىل بولسا گەر ئافرىقىيۇ ئامېرىكىدا،
سەپەر ئېتىپ مىڭلارچە يىللاپ ئاندا مەن بارغۇم كېلۇر

ئەي ئاناتىل، بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن نىشان
سەن بىلەن روھىي زېمىندا ئىپتىخار ئەتكۈم كېلۇر

—— قۇتلۇق هاجى شەۋقى



# بۇلاق

2004 - يىللىق 6 - سان





باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن


تارىخى رەشىدىي ............ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


### دىن، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ مۇقەددىمىسى ............ روبېرت. دانكوف (ئامېرىكا) (17)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەكبەر ئەمەت

قاراخانىيلار ............ ئۆمەلژان پىرتساك (27)

تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن

قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئاياللار ۋە ئائىلە ھوقۇقى...... نەجدەت سەۋىنچ (32)

تەرجىمە قىلغۇچى: ۋەلى كېرىم كۆكئالپ

مىللىي كۈلتۈر ۋە مەدەنىيەت ............ زىيا گۆكئالپ (58)

تەرجىمە قىلغۇچى: يۇسۇپجان ياسىن



مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

«مەسنەۋىي خەراباتى» نىڭ قولىيازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرى ............
............ ھۆرمەتجان فىكرەت (67)

ئۇيغۇرلاردا ئالما ھېرىسمەنلىكى
............ ئابدۇرۇسۇل داۋۇت (77)

## ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى

قەدىمكى مۇ قۇرۇقلۇقى ............ ج. چېرچۋارد (81)
تەرجىمە قىلغۇچى: يۈسۈپ ئىگەمبەردى

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

زۇلمەت ئىچىدە نۇر ............ مىركەرىم قاسىم (85)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ

* *

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: بارخان

* *

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: مۇتالىئە (ئىران رەسساملىرىدىن)
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بەتلىرىدە: ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىغا
سىزىلغان قىستۇرما رەسىملەر (رەسسام: لارىسا. ئى. داۋاتس ، رۇسىيە)
مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: رەھمەت بەرگىلىرى (رەسسام: دىلمۇرات تۇرسۇن)

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827726 (0991)
E—mail: bulak7@Hotmail.com

# تارىخى رەشىدى[1]

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

### موللا مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

### نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت

### ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ بايانى

تارىختا توققۇز يۈز يىگىرمە بىر جەمادىيەل - ئاخىر ئېيى[2] ئىدى، بەخت - دۆلەتنىڭ مۇبارەك بېغىدا خانلىق دەرىخى مۇراد مېۋىسىنى بەردى. ئۈمىد دېھقىنى ئارزۇ ئۇرۇقىنى «ماڭا بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىن»[3] دېگەن ئايەتنىڭ ئېكىنزارىغا تېرىغانىدى، «بىز ھەقىقەتەن ساڭا ناھايىتى بىلىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇشخەۋەر بېرىمىز» دېگەن ئايەتتە ئېيتىلغاندەك ھوسۇلنى كۆرسەتتى، بېيىت:

*كىرامى گەۋھەرى دەريايى شاھى،*
*چەراغى رەۋشەنى نۇرى ئىلاھى.*

ئۇلۇغلۇق ۋە سەلتەنەت بېغىدا يېڭى كۆچەت باش چىقاردى، خانلىق دەرىخى سۇلتانلىقىنىڭ يېڭى مېۋىسىنى كۆرسەتتى. يەنى بىر پەرزەنت دۇنياغا كەلدى. خاننىڭ مومىسى شاھ بىكەم تەرەپتىن نەسەبى ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە يېتەتتى. شۇڭا، تەۋەررۇك بىلىپ بۇ پەرزەنتنىڭ ئېتىنى ئىسكەندەر دەپ ئاتىدى. شۇ دەۋرنىڭ پازىل كىشىلىرى ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ تەۋەللۇتى ئۈچۈن تارىخلارنى ئېيتىشتى. شۇلار جۈملىسىدىن بولغان مەۋلانا مۇھەممەد شىرازى بۈيۈك ئالىملاردىن ئىدى، پۈتكۈل ئىلىملەردە ماھىر ئىدى ۋە ئۇستا تېۋىپ ئىدى، تېبابەت ئىلمىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىدە بىردەك كامىل ئىدى. ئۇ زات ئوتتۇز يىلدىن بېرى موغۇل خانلىرىنىڭ مۇلازىمىتىدە ناھايىتى لاياقەتلىك خىزمەتلەرنى قىلغانىدى. خاننىڭ سەلتەنەتى زامانىدا ئۇ سەدرى سۇدۇر (باش ۋەزىر) ئىدى. مەۋلانا مۇھەممەدشىرازىنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى پات يېقىندا بايان قىلىنىدۇ. شۇ مەۋلانا مۇھەممەد «شاھ ئىسكەندەر فەر» (شاھ

---

① بېشى ئۈزۈكەن ساندا.

② ھىجرىيە 921 - يىلى جەمادىيەل - ئاخىر ئېيى مىلادىيىنىڭ 1515 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

③ «قۇرئان كەرىم» 19 - سۈرە مەريەم، 5 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com

اسكندر فەر[①] ـــ ئىسكەندەر پادىشاھنىڭ شان - شەۋكىتى) دېگەن تارىخنى تاپقانىدى. تەقۋادار ۋە پەزىلەتلىك نۇرىددىن ئەبدۇلۋاھىد تەھۇرى قازى ـــ ئۇنىڭ ئەھۋالىمۇ كېيىن بايان قىلىنىدۇ ـــ «نەخلى ئىرەم» (نخل ارم[②] ـــ جەننەت كۆچىتى) دېگەن تارىخنى تاپقانىدى. بەزى پازىللار «لەشكەرشىكەن» (لشكرشكن[③] ـــ لەشكەرنى يەڭگۈچى) دېگەن سۆزنى تارىخ ئۈچۈن تاپتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نەچچە تارىخلارنى تاپقانىدى، ئەمما يۇقىرىقىلاردىن ئۆزگىسى ئېسىمدە قالماپتۇ.

تولا مەيخورلۇق قىلغان سەۋەبتىن ئاشۇ كۈنلەردە خاننىڭ شەرەپلىك مىزاجىدا ناھايىتى ئاجىزلىق يۈز بەردى. شۇڭا، خان تەبىئىتىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن ھاۋالىناماقچى بولۇپ موغۇلىستانغا باردى. خان بىر مەزگىلدىن كېيىن موغۇلىستاندىن قايتىپ كېلىپ، ماڭا مۇنداق پەرمان قىلدى: «سەن ماڭا گوياكى پەرزەنتىنىڭ ئورنىدا سەن. خانلىق سەدىپىنىڭ يېگانە گۆھىرى بولغان سىڭلىمنى ساڭا نىكاھلاپ بەردىم، بۇنىڭدىن ئۈمىدىم شۇ ئىدىكى، سىزلەردىن بىر پەرزەنت ۋۇجۇدقا كەلسە، ئۇنىڭ ئوڭ كۆزى مېنىڭ جامالىم بىلەن يورۇسا، سول كۆزى سېنىڭ يۈزۈڭ بىلەن روشەن بولسا، بىر ئوغۇل ئىككى ئاتىغا باغلانسا، ئىككى ئاتا بىر ئوغۇلغا شادلانسا، دەيتتىم. بۇ ئۈمىدىمنىڭ نەتىجىسى تېخىچە كۆرۈلمەي تۇرىۋاتىدۇ. ئەمدى سەن بۇ يېڭى پەرزەنتىمنى ئۆزۈڭگە پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلغىن، مېنىڭ سەندىن كۈتكەن ئۈمىدىم مەندىن يۈزەگە چىقسۇن. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭدىن پەرزەنت ۋۇجۇدقا كەلسە، بۇ پەرزەنتكە قېرىنداش بولسۇن، ئەگەر پەرزەنتىڭ بولمىغان تەقدىردىمۇ پەرزەنتكە ئېھتىياجىڭ چۈشمىسۇن.»

خان شۇنداق دەپ، ماڭا ۋە سىڭلىسىغا بۇ قەدەر ئىلتىپات ۋە ئىنايەتلەرنى قىلىپ، بۇ سۆزنى ئارىغا سالدى. بىز ئىككىلىمىز جان - دىلىمىز بىلەن قوبۇل قىلدۇق. شۇنداق قىلىپ، توي جابدۇقلىرى ۋە سوۋغا - سالامغا كېرەكلىك لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاشقا كىرىشتۇق. ئىسكەندەر خاننىڭ ئەھۋاللىرىمۇ كېيىن بايان قىلىنغۇسى.

## ئاقسۇنى قايتا قۇرۇش ۋەقەسىنىڭ بايانى

ۋاقتىكى، ئەمىنخاجە سۇلتاننى ئاقسۇغا ئەۋەتكەندىن كېيىن، شۇ يىلى باھاردا ئەمىنخاجە سۇلتان ئاقسۇنى قايتا قۇرۇشقا كىرىشتى. شۇ ۋاقىتلاردا خان بىلە [مەنسۇرخاننىڭ ]ئارىلىرىدا [مۇھەببەت يۈزىسىدىن] ئەلچىلەر يۈرۈشۈپ تۇراتتى.

ياز ۋاقتى بولغانىدى، مەي ئىچىش بىلەن ئارتۇقچە مەشغۇل بولغانلىقتىن خاننىڭ شەرەپلىك مىزاجىدا زەئىپلىك ۋە توسالغۇ كۆرۈلدى، ئاخىر قىزىتما ۋە تىترەك پەيدا بولدى. مەۋلانا مۇھەممەد شىرازى ئېتىقادارلىق ئالىم ۋە ئۇستا تېۋىپ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ئۆمرىنى پۈتۈنلەي مۇشۇ خانداننىڭ خىزمىتىگە سەرپ قىلغانىدى. ئۇ خاننىڭ مۇبارەك تومۇرلىرىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن: «بۇنىڭ ئىلاجى شۇكى، ھاۋا ئالماشتۇرۇش كې-

① بۇ سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانىنى جەملىگەندە 921 دېگەن سان، يەنى ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ تۇغۇلغان ھىجرىيە 921 - (مىلادىيە 1515 -) يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

② بۇ سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانىنى جەملىگەندىمۇ ھىجرىيە 921 - يىلى، ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ تۇغۇلغان تارىخى كېلىپ چىقىدۇ.

③ بۇ سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانىنى جەملىگەندە 920 دېگەن رەقەم كېلىپ چىقىدۇ. ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ تۇغۇلغان تارىخىنى ئىپادىلەشكە بۇنىڭدا بىر يىل كەم قالىدۇ.

رەك» دېدى. شۇڭا خان موغۇلىستاننىڭ قەشقەرگە يېقىن چېگرىسىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئەمما، خان قەشقەر خەلقىدىن تېخى [خاتىرجەم] ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن پېقىرنى ياركەنتتە قويۇپ كەتتى. پېقىر يۇرت ئىشىدا قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە ئىدارە قىلدىم.

كۈز پەسلىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا خان موغۇلىستاندىن قايتىپ كەلدى. خاننىڭ شەرەپلىك مىزاجىدا يۈز بەرگەن زەئىپلىكلەر موغۇلىستاننىڭ جەننەت كەبى ھاۋاسىنىڭ يېقىملىقلىقى تۈپەيلىدىن مۆتىدىل ھالەتكە كېلىپ، ساغلام، بەدەن بىلەن ياركەنت تەختىگاھىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى.

## ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد قازى — ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولغاي — نىڭ ۋاپاتلىرىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى، مۇۋەپپەقىيەتكە باشلىغۇچى يېتەكچىمىز، خىزمەتچىمىز، خوجىمىز ۋە ئىگىمىز ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد قازى — ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولغاي — نىڭ كامالەتكە يەتكەن ئەھۋاللىرى بۇ يەرگە يەتكۈچە نەچچە جايدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. يۇقىرىدا ئەسلىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك ھەزرىتى مەۋلانا ئاخسىدا ۋە ئاخسى تەۋەسىدە كۆڭلى قەيەرنى خالىسا شۇ يەردە تۇراتتى، ئۇنىڭ شەرەپلىك خىزمەتلىرىنىڭ بەرىكىتىدىن كۆپلىگەن خەلقلەر بەھرىمەن بولاتتى. ئۇ جايدا ئۇنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتلىرى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىلىرى غارايىب ئەھۋاللارغا ۋە ئاجايىپ ھالەتلەرگە مۇشەررەپ بولغان ئىدى. بېيىت:

*فىل - مەسەل نەچچە مىڭ ئۇلى مۇردە،*
*نەفەسى ئىلكىدە زارۇ ئەفسۇردە.*
*يۇرسە مەھفىللەرى ھەرىمىندە،*
*بولغۇسى مۇردە دىللارى زىندە.*

خان ئاخسىدىن چىققان ۋاقىتىدا ھەزرىتى مەۋلانا ئاخسىدا قالغانىدى. سۆيۈنچەكخان كەلگەندىن كېيىن، ھەزرىتى مەۋلانانىڭ مۇلازىمەتلىرىگە كېلىپ، ئۇ زاتنىڭ تاشكەنتكە قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ھەزرىتى مەۋلانا ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، تاشكەنتكە باردى. ئاز مۇددەتتىن كېيىن، ئۇ زاتنىڭ مۇقەددەس ئۇۋىسىدىكى روھ قۇشلىرى بۇ ئالەمدىن پەرۋاز قىلدى. بېيىت:

*قەدەمنى يۆتكەدى بۇ تەڭگىنادىن،*
*يېتىشكەچ مۇژدەئى فۇسھەت سەرادىن.*
*كى ئۇنسى قالماغاچ دەيرى فەناغە،*
*بەقا مىھرابىدا تۇردى دۇئاغە.*

ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك روھلىرىنىڭ لاچىنى پاكلىق ئالىمىنىڭ ئەۋجىدە پەرۋاز قىلىپ، بېھىشتتە مەڭگۈلۈك ئۇۋا تۇزدى ۋە ئەبەدىيلىك كوھىقاپىنىڭ سىمۇرغلىرى قاتارىدا ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت ۋە مەغپىرەتلەر بولغاي.

ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇرىد ۋە مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ ۋاپات بولغان تارىخى ئۈچۈن «نەقدى خاجە ئۇبەيدۇللاھ» (نقد خواجه عبيدالله[1] — نەق خاجە ئۇبەيدۇللاھ) دېگەن سۆزنى تاپتى. ئۇ زاتنىڭ شەرەپلىك ئۆمرى ئاتمىشتىن ئۆتۈپ، تېخى يەتمىشكە يەتمىگەنىدى، بۇ ئالەمدىن كۆچۈپ كەتتى. ئۇ زات پۈتكۈل ھازىر ئىلىملەردە كامىل ۋە باتىن ئىلىملىرىدە مۇكەممەل ئىدى. ئۇ مۇبارەك زات بولسا پۈتكۈل پەرىشتە سۈپەتلىرىنىڭ مۇجەسسىمى ۋە پەزىلەتلەرنىڭ يىغىندىسى ئىدى. ناھايىتى پايدىلىق مۆتىۋەر تەسنىفاتلىرى (يازغان كىتابلىرى) بار. شەرەپلىك «رىسالە»لىرى تەرىقەت ئەھلى ئۈچۈن ئەمەل قىلىنىدىغان دەستۇردۇر. شۇ جۈملىدىن «سىلسىلەتۇل - ئارىفىن» ئىنتايىن يېقىملىق كىتاب. ئۇ كىتابنىڭ تەرتىپىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ يېزىپتۇ. بىرىنچى قىسمى: شەيخ بولماق ئەدەپلىرى ۋە مۇرىد بولماق شەرتلىرىنىڭ بايانى؛ ئىككىنچى قىسمى: ھەزرىتى خاجە ئۇبەيدۇللاھ ئەھرار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ ئەھۋاللىرى، مەجلىسلىرى ۋە مۇبارەك تىللىرى بىلەن ئېيتىلغان ھەقىقەتلەر ۋە مەرىپەتلەرنىڭ بايانى؛ ئۈچىنچى قىسمى: بىر قىسىم ئۇلۇغ زاتلار ھەققىدىكى غارايىب سۆزلىرى ئاجايىپ ھېكايىلەر ۋە ئاشكارىلانغان كارامەتلەرنىڭ بايانىدۇر. «سىلسىلەتۇل - ئارىفىن» ناملىق بۇ كىتابنىڭ تەرىپ - تەۋسىپلىرىنى بايان قىلىشتا تىل ئاجىز ۋە كەمتۇكتۇر. پۈتكۈل سۇلۇك ئەھلىنىڭ ھوزۇرىدا مەقبۇللۇققا ئېرىشكەن بۇ كىتاب تەخمىنەن ئەللىك جۇزۇي ئەتراپىدا بار.

ئۇ زاتنىڭ بۇنىڭدىن باشقا تەسنىف قىلغان رىسالىلىرىمۇ بار. مەجلىسلەردە پېقىر ھېيىقماستىن بەزى مەسىلىلەرنى مەۋلانادىن سورىغانىدىم، مەۋلانا ئۇ مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى نۇرغۇن پايدا - مەنپەئەتلىرى بىلەن بىللە كىتابقا كىرگۈزگەن ئىكەن؛ ئەمما، پېقىرغا ئىلتىپات قىلىپ، كىتابىدىن بەرگۈدەك پۇرسەت بولمىغانىدى. ھەزرىتى مەۋلانا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى مەۋلانا قۇتبىدىن ئەھمەد ئۇ شەرەپلىك رىسالىنى پېقىرغا ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. تەۋەررۈك بىلگىنىم ئۈچۈن ئۇ رىسالىنىڭ سۆزلىرىنى بۇ كىتابقا نەقىل قىلىپ كىرگۈزىمەن. پېقىر ئىقتىدارسىز ۋە كۈچ - قۇدرەتسىز بەندە شۇنى جەزملەشتۈرۈپ بىلىمەنكى، بۇ كىتابىم غەپلەت قەلىمى ۋە نادانلىق سىياھى بىلەن پۈتۈلگۈسىدۇر. ئۆتكۈر كۆزلۈك زاتلارنىڭ نەزىرىدە قەدرى ۋە ئېتىبارى يوقتۇر. ئۈمىدىم شۇكى، بەلكىم مۇشۇ شەرەپلىك رىسالىنىڭ بەرىكىتىدىن بۇ كىتابىمۇ قەلبى ئويغاق زاتلارنىڭ ھوزۇرىدا مەنزۇر ۋە مەقبۇل بولۇپ قالسا كېرەك. پېقىر كەمىنىنىڭ قەلىمىم بايانلىرىدىكى ئەيىب ۋە قۇسۇرلارنى بۇ رىسالىنىڭ ھۆرمىتى تۈپەيلىدىن ئەپۇ قىلغاي. تەۋبە قىلىمەنكى، بۇ كىتابىمدا مەندىن ھەرقانداق خاتالىق ۋە نۇقسان سادىر بولغان بولسا، ئەيىبلەرنى ياپقۇچى ھەزرىتى تەڭرى تەئالا بۇ شەرەپلىك رىسالىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىنىڭ ھۆرمىتىدىن كەچۈرگەي، **مۇناجات:**

*ئىلاھا، ئىلاھا، خەتا ئەيلەدىم.*
*نېتەي ئەفتۇنگە ئىتتىكا ئەيلەدىم.*
*ئىلاھا، ئېرۇرمەن بەسى شەرمىسار،*
*ئېرۇرمەن تەھى دەستۇ ئۈمىدۋار.*

---

① بۇ سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى ئۆزئارا قوشۇلسا، ھىجرىيە 921 (مىلادىيە 1515) - يىلى، يەنى مەۋلانا مۇھەممەد قازىنىڭ ۋاپات بولغان تارىخى ھاسىل بولىدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە ئارتۇقلۇق ئىگىسى، بۈيۈكلۈك بىلەن يادلانغۇچى ۋە پارلاقلىقى بىلەن ئاتالغۇچى جانابى تەڭرىنىڭ رەھمىتى داىرىسىگە يېتىشكەنلىكىدىن ئىبارەت جانىنى ئۆرتىگۈچى خەۋەر يېتىپ كەلگەن مەھەل شۇنداق ۋاقىت ئىدىكى، بۇ چاغ خانىنىڭ مىزاجىدا زەئىپلىك پەيدا بولۇپ، موغۇلىستانىنىڭ ئاتباشى ئاتلىق يېرىگە يۈرۈپ كەتكەن، پېقىرنى مەملىكەتنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇشقا ياركەنتتە قويۇپ كەتكەن كۈنلەر ئىدى. بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇخلىسلارنىڭ جان ۋە دىللىرىغا ئوت تۇتىشىپ، بۇ ماقالنى ئېيتىشتى، بېيت:

*دەرداكى، پاكبازى جەھان كەتتى دەھردىن،*
*ئانداغكى پاك كەلدى چۇنان كەتتى دەھردىن.*

بۇ ئەلەمدىن كۆزلەر ياشلاندى. ئۇ كۈنلەردە بۇ بېيت تەكرار قىلىناتتى. بېيت:

*كۆزۈم چەشمەسى ئانچە ياش تۆكتىكىم،*
*ئانىڭ قەترىدە قالمادى قەترە نەم،*
*نېچۈك يىغلايالغاي ئىدى كۆز، ئەگەر*
*مەدەد بەرمەسە بۇ يۈرەك قانى ھەم.*

شۇ كۈنلەرنىڭ پاراغەت سۆھبىتى پۈرقەت كېچىسىگە ئالماشتى. بۇ دەرد ـ ئەلەم ئوتلىرى شولا چېچىپ تۇرىۋاتاتتى، بۇ مۇبارەك رىسال يېتىپ كەلدى. ھال تىللىرىمىز بۇ ماقالنى ئېيتتى. بېيت:
*ئۆفسەم ئەگەر ئانىڭ قەلەمى مۇشكبارىنى،*
*ئەيلەي ھەمايىل دىلۇ جان يادگارىنى.*

ئۇ شەرەپلىك ۋە مۇبارەك رىسالىنى تەۋەرۇك ۋە سۆيۈنچە بىلىپ، سۆزمۇ سۆز ئەينەن نەقىل قىلىندى.

ئۇ شەرەپلىك رىسالە بۇدۇر:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

پۈتكۈل مەدھىيە ۋە ماختاشلار بىر تۈركۈم ئۇلۇغ ناتىقلار ۋە كەشپىيات ئەھلىلىرىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ھەقىقەت ۋە مەرىپەت شاماللىرىنىڭ پۇراقلىرىنى تارقىتىپ، باشلىرىنى ھەسرەت قورشىۋالغان، تېنىنى غەم ـ قايغۇ كىشەنلىگەن كىشىلەرنى بىخۇدلۇق ۋە مەھرۇملۇق تۇنلىرىنىڭ ھالاكىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ھىدايەت ۋە ئۈمىد ـ ئىشەنچ نۇرلىرى بىلەن زىننەتلىگەن تەڭرىگە خاستۇر. تەڭرى تەئالا ئىنسانلارغا ۋە جىنلارغا ئومۇمىي ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئايەتنىڭ ئېنىق گۇۋاھلىقى ۋە «قۇرئان» نىڭ دەلىللىرى بىلەن توغرىلىغان، تەڭرىنىڭ رەھمىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ھەمراھلىرىغا، بارلىق ئىلىم ئەھلىلىرىگە ۋە ئىمان ئىگىلىرىگە دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن.

شۇنىڭدىن سوڭرە ئېيتىلىدۇكى، نامىسىزلىق بۇلۇڭىنىڭ خىلۋەتلىرىدە ئولتۇرغۇچى بۇرھانىددىن ئوغلى مۇھەممەد، تونۇلغان ئاتلىرى مۇھەممەد قازى بىر كۈنى مەجلىستە جەمشىد

ھەشەمەتلىك ۋە فەرىدۇن كەبى قەدىرلىك پادىشاھزادە، بەختىيارلار خاقانى، دىندارلار قوشۇنىنىڭ شاھىنشاھى، ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ يۈكسەك ئاسمانى، بەخت - ئىقبال دەرىخىنىڭ مېۋىسى، بۈيۈكلۈك جاھانىنىڭ جېنى، ۋىلايەت جىسمىنىڭ جاھانى، زەئىپلەرنىڭ يار - يۆلەكى، ئالىملارنىڭ تەربىيىچىسى، سەلتەنەت ئىشلىرىنىڭ دانىشمىنى، دوستلارنى كۆلدۈرگۈچى، دۈشمەنلەرنى كۆيدۈرگۈچى، تەڭرىنىڭ دىندارلار مەملىكىتىدىكى سايىسى مۇھەممەد ھەيدەر ئىبنى مۇھەممەد ھۈسەين كۆرەگان — تەڭرى ئۇنىڭ مەملىكىتى ۋە سەلتەنىتىنى ئۇزۇن قىلغاي، مۇخلىسلىرىغا ياخشىلىق ۋە ئېھسانلىرىنى زىيادە قىلغاي — نەزم:

*بىھەققى نەبىيۇ، بىسىررى ۋەلىي،*
*كى بولغاي قەۋى بەختى، قەدرى ئۇلى.*
*فەلەك دەۋرىدىن بۇ ئۇلۇغ خانىدان،*
*زەۋالۇ فەنا كۆرمەگەي ھىچ زەمان.*
*ھەمە شەھلەر ئولغايكى فەرمان بەردى،*
*زەمانە مۇتىئۇ فەلەك چاكەرى.*
*ئاتا رۇھى بۇ ئوغلىدىن ھەرزەمان،*
*بىھىشت ئىچرە بولغاي بەسى شادمان.*
*كى تا بۇ جەھان باردۇر ئول نىكنام،*
*جەھان ئىچرە تاپقاي بەقا، ۋەسسەلام.*

ئۇنىڭ ئەرزىگە بىنائەن «سەلتەنەت ئەھلى ۋە ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنىڭ ئەدەب - ئەخلاق ۋە يوسۇنلىرى بايان قىلىنغان بىر رىسالە رەتلەپ يېزىلدۇ» دەپ ۋەدە بېرىلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن، گۇناھى كەبىرە (چوڭ گۇناھ) نىڭ بايانى، ئالىملار ۋە ئارىپلارنىڭ سۆزلىرى بويىچە سەلتەنەتنىڭ شەرتلىرى ھەققىدە ھاجەتمەنلىك قەلىمى بىلەن بىر نەچچە قۇر يېزىلدۇ.

ئۇ ھەزرەتنىڭ چەكسىز ئىلتىپاتلىرى ۋە پايانسىز شەپقەتلىرىدىن ئۈمىد شۇكى، بۇ دەرۋىشانە تۆھپىگە پادىشاھانە مەرھەمەت قىلىپ، ئەيىبلەرنى ياپقۇچى ۋە غايىبلارنى كۆرگۈچى رىزا كۆزلىرى بىلەن نەزەر سالغاي، مۇخلىسلىرىنىڭ خارۇ زار قەدەملىرىگە ۋە ئەيىبلىك قەلەملىرىگە ئەپۇ خېتىنى يازغاي. پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى ئۇ جاھاننى ئىدارە قىلغۇچى ئەزىز ۋۇجۇدنى زاماننىڭ ئاپەتلىرى ۋە پالاكەتلىرىدىن، ھادىسىلەرنىڭ بەختسىزلىكلىرىدىن ئامان - ئېسەن ھالەتتە ئاسرىغاي. كۆڭۈللەر تولپارى ۋە ھايات دۇلدۇلى ئۇنىڭغا رام بولغاي. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىدىن ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ ئاپتىپى ۋە يارسازلىق سايىسى ئاجىز ۋە زەئىپ پۇقرالارنىڭ، دەرۋىشلەر ۋە پېقىرلارنىڭ بېشىدىن كەم بولمىغاي. پەيغەمبەرلەر خوجىسىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىدىن، ئامىن.

بىلمەك كېرەككى، ھەقىقىي پادىشاھ ئۆز دۆلىتىنىڭ پارلاق بولغانلىقىغا قانائەت قىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ دۆلەت ئەمەس، نۆۋەتتۇر. ئەگەر كىشى ئادالەت ۋە ياخشىلىق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان ۋە بۇ قاراڭغۇ ئالەمدىن ئىمان دۆلىتى بىلەن مەڭگۈلۈك بېھىشتكە بارغان بولسا، دۆلەت ئەنە شۇدۇر. بۇ سۆزنىڭ چەك - چېگراسى ۋە ھەددۇ پايانى يوقتۇر. ئەمدى گۇناھ كەبىرەنىڭ بايانى ۋە سەلتەنەتنىڭ شەرتلىرى سۆزلىنىدۇ.

بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، كەشپۇ كارامەت ئەربابلىرى بولغان ئالىملار ۋە كۆرۈپ مۇشاھىدە قىلغان ئارىپلارنىڭ ئېتىقادلىرى مۇنداق: ئىنسان گۇرۇھىنىڭ يارىتىلىشىدىكى غەرەز پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان تەڭرىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئىبارەت. بەندە

بۇ ئالەمدىن كەتكەندە پاك ۋە مۇقەددەس تەڭرىنىڭ دوستلۇق ۋە مۇھەببىتىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ بارالىسا، بۇنىڭدىن ئۇلۇغراق ۋە شەرەپلىكراق ھېچقانداق دۆلەت بولماس. ئادىمىزاتنىڭ كۆڭلى بىر زېمىنغا ئوخشاش بولۇپ، بۇ زېمىن گۇناھ ئەخلەتلىرىدىن پاك بولغاندىلا، ئاندىن تەڭرى تەئالا مۇھەببىتىنىڭ گۈرۈقلىرىنى تىكىشكە لايىقلاشقان بولىدۇ. دېمەك، جانابى ئەھەدىيەت ھوزۇرىغا يېتىشكە ئىشتىياق باغلىغان تەلەپكارلارغا زۆرۈر ۋە لازىم ئەمەل شۇكى، ئۇلار كۆڭۈل مەيدانىنى گۇناھ خەس ـ خەشەكلىرىدىن پاك قىلىشقا جان ۋە دىللىرى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتسۇن، دىللىرىدا ھەقىقىي مۇھەببەت گۈرۈقلىرىنى رىيازەت ۋە مۇشەققەت سۇلىرى بىلەن سۇغىرىپ، پەرۋىش قىلسۇن. شۇ ئارقىلىق ئۇ مۇھەببەت كۈندىن كۈنگە تەرەققىي قىلىپ، ئىشق مەرتىۋىسىگە يەتسۇن ۋە مەشۇقتىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي كۆيۈپ، يوق بولۇپ كەتسۇن. مەسنەۋى:

*ئىشتى ئېبرۇر گول ئىئولىسمىر، ئۇرسە ئەلەمر،*
*قىلغۇسى مەئشۇق غەيرىنى ئەدەمر.*
*ئشاد بول، ئەي ئىشق، خۇش سەئۇدايىمىز،*
*ئەي، تەبىبى جۇملە ئىللەتھايىمىز.*
*ئەي، دەۋايى نەخۋەتۇ نامۇسىمىز،*
*ئەي، سەن ئەفلاتۇنۇ جالىنۇسىمىز.*

ئەي ئەزىز، بىلىڭكى گۇناھ كەبىرە (چوڭ گۇناھ) ھەققىدىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر ھەزرىتى پەيغەمبەر تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام، ئەۋەتكەي ـــ دىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: گۇناھ كەبىرە يەتتىدۇر، بىرىنچىسى، تەڭرى تەئالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ـــ تەڭرى ئۇنداق گۇناھتىن ساقلىسۇن. ئىككىنچىسى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئۈچىنچىسى، بىر پاك مۇسۇلماننى يامان تىل بىلەن ھاقارەتلەش، يەنى ئىپپەتلىك كىشىنى زىناخور دەپ تۆھمەت قىلىش دېمۇ ئاتىلىدۇ؛ تۆتىنچىسى، يېتىمنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋېلىش؛ بەشىنچىسى، سۇدخورلۇق قىلىش، بۇنى رىبا (جازانىخورلۇق) دېمۇ ئاتايدۇ؛ ئالتىنچىسى غازات ۋاقتىدا بىر مۇسۇلمان ئىككى كۇپپاردىن قېچىش؛ يەتتىنچىسى، ئاتا ـ ئانىنى نارازى قىلىش، يەنى ئۇلارغا ئازار بېرىش ۋە پەرمانلىرىغا بويسۇنماسلىق.

بەزى ئۇلۇغلارنىڭ ئېيتىشىچە، گۇناھ كەبىرە شۇكى، شەرىئەت ئىگىلىرى ئۇنىڭغا بىر چەك ـ چېگرا بېكىتمىگەن، ئەمما، بۇ سۆز شۇنىڭغا يېقىنراقتۇركى، بۇنداق گۇناھ توغرىسىدا ئېنىق ئاگاھلاندۇرۇش بار.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە نەچچە تۈرلۈك تەبىرلەر ئېيتىلغان. ئەمما، مۇشاھىدە ئەربابلىرى ۋە تەڭرى ئەھلىلىرىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولغان شەيخ ئەبۇ تالىب مەككىنىڭ سۆزلىرى تەڭرى ئەۋلىيالىرىنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈك دەلىل بولۇپ، ئېتىبارغا ئېرىشكەن. ئۇ پۈتكۈل سۇلۇك ئەھلىنىڭ ھوزۇرىدا گوياكى قەتئىي ھۆكۈمدۇر. ئۇ زات «قۇۋۋەتۇل ـ قۇلۇب» (كۆڭۈللەر قۇۋۋىتى) ناملىق كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە يازغانلىرى شۇنچە ئىنچىكىلەپ تەھقىقلىنىپتۇ ۋە بارلىق كامىل ئەۋلىيالار بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

گۇناھ كەبىرە ئون يەتتە، ھەر كىشى بۇ ئون يەتتە تۈرلۈك گۇناھ كەبىرەدىن ئۆزىنى تارتسىلا، بۇنىڭدىن تاشقىرى گۇناھلارنىڭ ھەممىسى گۇناھ سەغىرە (كىچىك گۇناھ) بولۇپ، تەڭرى تەئالا ئۇنى مەغپىرەت قىلغۇسىدۇر.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئون يەتتە گۇناھتىن تۆتى كۆڭۈلگە تەئەللۇقتۇر، بىرىنچىسى، تەڭرى تەئالاغا شېرىك كەلتۈرۈش - ئۇنىڭدىن خۇدا ساقلىغاي؛ ئىككىنچىسى، ھەرقانچە گۇناھى كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، خۇدايى تەئالانىڭ رەھمىتىدىن نائۇمىد بولۇش؛ ئۈچىنچىسى، تائەت - ئىبادەتنى ھەرقانچە تولا بولغان تەقدىردىمۇ خۇدايى تەئالانىڭ غەزىپىدىن خاتىرجەم بولۇش؛ تۆتىنچىسى، گۇناھنى ھالال دەپ بىلىش.

يەنە تۆتى تىلغا تەئەللۇقتۇر. بىرىنچىسى، يالغان ئېيتىش؛ ئىككىنچىسى، يالغان قەسەم قىلىپ، ناھەقنى ھەق، ھەقنى ناھەق قىياپىتىدە قىلىپ كۆرسىتىش؛ ئۈچىنچىسى، ئېپپەتلىك كىشىگە تۆھمەت قىلىش؛ تۆتىنچىسى، سېھىر - ئەفسۇن قىلىش.

يەنە ئىككىسى قولغا تەئەللۇقتۇر. بىرىنچىسى، ئوغرىلىق قىلىش؛ ئىككىنچىسى، ناھەق قان تۆكۈش.

يەنە ئۈچى قورساققا تەئەللۇقتۇر. بىرىنچىسى، ھاراق ئىچىش؛ ئىككىنچىسى، يېتىمنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋېلىش؛ ئۈچىنچىسى، سۈد (جازانە) خورلۇق قىلىش.

يەنە ئىككىسى خاس ئورۇندىكى ئەزاغا تەئەللۇقتۇر. بىرىنچىسى، زىنا قىلىش؛ ئىككىنچىسى، لەۋۋاتە قىلىش (ھايۋانلار بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىش).

يەنە بىرى ئاياغقا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ غازات ۋاقتىدا بىر مۇسۇلمان ئىككى كۇپپاردىن قېچىش.

يەنە بىرى پۈتكۈل بەدەنگە تەئەللۇق. ئۇ بولسىمۇ ئاتا - ئانىسىغا ئازار بېرىش، ئۇلارنىڭ پەرمانىغا بويسۇنماسلىق.

ھەر كىشى بۇ ئون يەتتە تۈرلۈك گۇناھتىن ساقلانسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سالامەت بولغۇسىدۇر ۋە قىيامەت ئازابلىرىدىن نىجاد تاپقۇسىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارنىڭ ھەممىسى سەغىرە (كىچىك) گۇناھلاردۇر، دېيىلگەن. بۇ سۆز ئىگىلەشكە ئاسانراق.

بەزى بۈيۈك ئارىپلار ئېيتىپتۇركى، كىشى جۈمە نامىزىنى ئادا قىلسا، يەنە بىر جۈمەگىچە قىلغان گۇناھ سەغىرىسىگە (كىچىك گۇناھلىرىغا) بەدەل بولغۇسىدۇر. قاچانكى كۆڭۈل مەيدانى گۇناھ ئەخلەتلىرىدىن پاك ۋە ئۆزگىلەرنىڭ مەشغۇلاتىدىن خالىي بولغاندا، ئاندىن ئۆزىدە لاياقەت پەيدا قىلغۇسى؛ شۇندىلا ھەقىقىي مۇھەببەت سۇلتانى كۆڭۈل تەختىگاھىدىن ئورۇن ئېلىپ، «شۈبھىسىزكى، پادىشاھلار بىرەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئۇنى خاراب قىلىدۇ»[1] دېگەن كەرەملىك ئايەتنىڭ ھۆكۈمى بويىچە بۇ كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ ئىلگىرىكى تەرتىپ - ئىنتىزاملىرىنى يوق قىلىپ، بەندىلىك مەنزىلىدە ئورۇنلاشقۇسى ۋە نىزام - تەرتىپلەرنى تۈزگۈسىدۇر. شۇندىلا غەيرىنىڭ زەخمىتىدىن خالىي ھالدا مەھبۇب ۋىسالى مۇيەسسەر بولغۇسىدۇر.

ئەگەر بىرەر كىشىگە خۇدايى تەئالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم يۈرگۈزۈش نېسىپ بولسا، شۇنى بىلسۇنكى، پادىشاھلىقنىڭ شەرتلىرى بار، تاكى شۇ شەرتلەرنى بەجا كەلتۈرمىگۈچە دىن ۋە دۇنيادا سەلتەنەت ئىشى تەرتىپكە چۈشمەيدۇ. ئۇنىڭ گەدىنىدە پۇقرالارنىڭ ھەققى بار. پادىشاھلار تاكى ئاشۇ پۇقرالارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغۇچە، ئاخىرەت ئازابىدىن نىجاتلىق تاپالمايدۇ. بۇ شەرت ۋە ھەق - ھوقۇقلارنى قىسقىچە ئەسكەرتىپ، بۇلارنىڭ ھەقىقىتىگە ئىشارەت قىلىنىدۇ.

پادىشاھلىقنىڭ ئون شەرتى باردۇر:

---

① «قۇرئان كەرىم»، 27 - سۈرە نەمل، 34 - ئايەتنىڭ باش قىسمى.

بىرىنچى شەرتى شۇكى، ھەرقانداق ئىشتا بىراۋ ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارماقچى بولسا، ئۇ ھاكىم ياكى پادىشاھ ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىر پۇقرا تەسەۋۋۇر قىلىپ، يەنە بىراۋنى ئۆزىگە ھاكىم دەپ پەرەز قىلسۇن، مەسىلەن، ئۇ ھاكىمدىن ئۆزى ھەققىدە چىقىرىلغان ھەرقانداق ھۆكۈمنى ئۆزىگە نىسبەتەن راۋا كۆرمىسە، ئۇنداق ھۆكۈمنى پۇقرالار ھەققىدىمۇ راۋا كۆرمىسۇن.

ئىككىنچى شەرت شۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشنى ھەممە تائەتلەردىن ئەۋزەل بىلسۇن. بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىس بار: ھەزرىتى پەيغەمبەر — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — مۇنداق دېگەن: «بىر مۇمىن بەندىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش پۈتكۈل ئادەم ۋە پەرىلەرنىڭ تائەت - ئىبادىتى بىلەن باراۋەردۇر.» دېمەك مۇسۇلمان پادىشاھ شۇكى، ئۇ ھەمىشە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا تەييار تۇرسۇن؛ قاچانكى بىر مۇسۇلماننىڭ داد ئېيتىپ ئىشىكىدە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغانلىقىنى بىلسە، تاكى ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلمىغۇچە، پەرزدىن باشقا ئىبادەتكە مەشغۇل بولمىسۇن؛ ئۆز نەپسىنىڭ راھىتىنى كۆزلەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشتا سەل قاراشنى ياكى كېچىكتۈرۈشنى راۋا كۆرمىسۇن.

ئۈچىنچى شەرتى شۇكى، يېمەك ۋە كېيمەكتە ھەزرىتى خۇلەفائى راشىدىن① — تەڭرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولغاي — نىڭ خىسلەت ۋە ئادەتلىرىگە ئەگەشسۇن. نەپسىنى لەززەتلىك تائاملارنى يېيىشكە، نەپىس ۋە قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىشكە ئادەتلەندۈرمىسۇن. شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەزرىتى ئەلى — تەڭرى ئۇنىڭ تۆپەيلىدىن ياخشىلىق ئاتا قىلغاي — خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرغان كۈنى بازارغا باردى ۋە بىر كۆڭلەكنى سېتىۋالدى. ئۇ كۆڭلەكنىڭ يېڭىدىن قولنىڭ ئۇچىدىن ئارتۇقىنى، ئېتەك تەرىپىدىن ئوشۇقىدىن زىيادىسىنى كېسىۋەتتى. ئەسھابلار: «نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلدىڭلا؟» دەپ سورىغاندى. ھەزرىتى ئەلى مۇرتەزا جاۋاب بېرىپ: «پاكلىققا يېقىنراق، تاۋازۇغا (سالام - سەھەتكە، كەمتەرلىككە) لايىقراق ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئىقتىدا قىلىشى (ئەگىشىشى) غا قولايراق بولۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

تۆتىنچى شەرتى شۇكى، ھۆكۈم ۋە سوراق ۋاقتىدا خالايىققا سىلىق، مۇلايىم، مۇرەسسە - مادارا ۋە مەرھەمەت بىلەن سۆزلىسۇن؛ سەۋەبسىز ۋە زۆرۈرىيەتسىز قاتتىق - يىرىك گەپ قىلمىسۇن؛ داد ئېيتقۇچىلارنىڭ ئەرزىنىڭ تولىلىقىدىن، سۆزلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن مالال بولمىسۇن؛ ئاجىزلار ۋە مىسكىنلەر بىلەن تولا سۆزلىشىشتىن ئار - نومۇس قىلمىسۇن. شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، مەئمۇن خەلىپىنىڭ زامانىدا بىر كىشىدىن گۇناھ سادىر بولۇپ قېچىپ كەتكەنىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ ئىنىسىنى تۇتۇپ، مەئمۇن خەلىپىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىشتى. خەلىپە ئۇنىڭغا پەرمان قىلىپ: «قېرىندىشىڭنى تېپىپ بەرگىن، ئەگەر قېرىندىشىڭنى تېپىپ بەرمىسەڭ، ئۇنىڭ ئورنىدا سېنى ئۆلتۈرىمەن!» دېدى. ئۇ كىشى: «ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئەگەر سىزنىڭ ئەمىرلىرىڭىزدىن بىرەرسى بىر كىمنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلسا، سىز ‹ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرمەي، قويۇپ بەرگىن› دەپ بۇيرۇق ئەۋەتسىڭىز، ئۇ ئەمىر ئۇ كىشىنى قويۇپ بېرەرمۇ ياكى قويۇپ بەرمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. «ئۇنى قويۇپ بەرمەسلىككە نېمە ھەددى بار؟ ئەلۋەتتە قويۇپ بېرىدۇ» دېدى

① خۇلەفائى راشىدىن — توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەر. ئەبۇ بەكر، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى قاتارلىق تۆت خەلىپىنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

خەلىپە. ئۇ كىشى: «ئۇنداق بولسا، مەن شۇنداق ھۆكۈمنى يەتكۈزىمەنكى، مېنى قويۇپ بېرىشكە پەرمان بېرىلگەن. چۈنكى، شەرەپلىك «قۇرئان»دا تەڭرى تەئالا: «ھېچبىر ئادەم بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ،»① دېگەن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەئمۇن خەلىپە: «بۇنى قويۇپ بېرىڭلار، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆججىتىنى تېپىپتۇ ۋە ئالەم پەرۋەردىگارى بولغان تەڭرىنىڭ ھۆكۈمىنى كەلتۈرۈپتۇ» دەپ ئۇ كىشىنى قويۇپ بەردى.

بەشىنچى شەرتى شۇكى، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئىستەپ، ھۆكۈمدە سۇسلۇق قىلمىسۇن، يۈز خاتىرە قىلمىسۇن، كىشىنىڭ خۇشاللىقىنى كۆزلەپ، شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلمىسۇن ۋە ھەققە تاجاۋۇز قىلمىسۇن. بىلسۇنكى، ھۆكۈمەتنىڭ خاسىيىتى ۋە ئادالەتنىڭ نىشانى شۇكى، مەملىكەت ئەھلىنىڭ يېرىمى ھەمىشە ھۆكۈمداردىن نارازى بولىدۇ. چۈنكى ئىككى كىشى دەۋا قىلىشسا، جەزمەن بىرىنىڭ سۆزى ھەق، بىرىنىڭ سۆزى ناھەق بولىدۇ. سۆزى ھەق بولغىنى مۇرادى ھاسىل بولۇپ خۇشال بولسا، سۆزى ناھەق بولغىنى غەرەزىگە يېتەلمەي نارازى بولىدۇ. دېمەك، ئادالەتنىڭ نىشانى شۇكى، پۇقرالارنىڭ يېرىمى ھۆكۈمداردىن نارازى بولىدۇ. چۈنكى، ئادىل ھۆكۈمداردىن ھەممە خەلقنىڭ خۇشال بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ھۆكۈمەت ئەھلى غەرەزسىز ۋە مايىللىقسىز ھۆكۈم قىلسۇن، خالايىقنىڭ خۇشال بولۇشى ياكى ناخۇش بولۇشىنى ئويلاپ ئولتۇرماي، تەڭرى تەئالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدىسۇن. چۈنكى، پاك ۋە بەرھەق تەڭرى رازى بولسا، خالايىقمۇ رازى بولغۇسىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — مۇنداق دېگەن: «كىمكى تەڭرىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئادەملەرنى نارازى قىلسا، ئۇنىڭدىن تەڭرى رازى بولىدۇ. بەندىلەرمۇ رازى بولىدۇ»

ئالتىنچى شەرتى شۇكى، ھاكىمىيەتنىڭ خېيىم - خەتىرىنى بىلمەي يۈرمىسۇن، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشتا غاپىل بولمىسۇن. جەزمەن شۇنى بىلسۇنكى، ئەمىرلىك ۋە ھۆكۈمدارلىق مەنسىپى تەڭرى تەئالانىڭ پەزلىدۇر. شۇنىڭ سەۋەبىدىن مەڭگۈلۈك سائادەت ۋە ئەبەدىي ياخشى نام - ئاتاق ھاسىل بولغۇسىدۇر. بۇ زاماندىكى پادىشاھلار ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئالەمنىڭ ۋاقىتلىق دۆلىتىگە مەغرۇرلىنىپ، نەپسى ۋە ھاۋايى ھەۋەسلىرىنىڭ سىرتمىقىغا كىرىپ، دىنلىرىنى بەربات قىلىۋاتىدۇ، نام - ئاتاق ۋە ئابرۇيى قوغلىشىپ، ئىمانلىرىغا زەئىپلىك ۋە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. ئىمان - ئىسلامنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتىدۇ، ئاللا بۇنى زادىلا ئىستىمەيدۇ. ئۇلار ئىختىيار تىزگىنلىرىنىڭ ئۆز قوللىرىدا ۋاقتىدا جىددىي تىرىشچانلىق كۆرسەتسۇن، شۇ ئارقىلىق بۇ دۇنيادىكى دۆلىتى ئاخىرەتلىك سائادىتىگە ئۇرۇق بولسۇن، ئادالەتكە ۋە خەير - ئېھسانغا قۇدرىتىنىڭ يار بەرگەنلىكىنى غەنىمەت بىلسۇن. خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، بىر ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ بىر كۈنلۈك ئادالىتىنى جىمىي مەخلۇقاتنىڭ ئىبادىتىگە سېلىشتۇرۇلسا، باراۋەر كەلگۈسىدۇر. شۇڭا، بۇ ئۇلۇغ سائادەتتىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن، سايە - سەۋەب قىلسۇن ۋە تىرىشچانلىق كۆرسەتسۇن.

يەتتىنچى شەرتى شۇكى، دىندار ۋە پەرھىزكار ئالىملار بىلەن كۆپ سۆھبەتلەشسۇن. گەرچە بۇنداق ئالىملار بۇ ئەسىردە كەم تېپىلسىمۇ، مۇبادا شۇنداق ئالىم مەۋجۇت بولسىلا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى غەنىمەت بىلسۇن؛ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتداش بولۇشقا ھېرىسمەن بولسۇن؛ ئۇنىڭ پەندۇ نەسىھىتىنى ئاڭلاشنى سائادەت دەپ بىلسۇن؛ دىيانەتسىز ئالىملار ھەقىقەتتە نادان ۋە دەججال كەبى كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن ئۆزىنى تارتىشنى ۋاجىب (زۆ-

① «قۇرئان كەرىم» 35 - سۈرەت فاتىر، 18 - ئايەتنىڭ باش قىسمى.

رۇر) دەپ بىلسۇن. سالىھ كىشىلەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان پاسىقلار بىلەن ئارىلىشىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەشنى ئۆزىگە لازىم دەپ بىلسۇن. شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، شەقىق بەلخى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — گە خەلىپە ھارۇن رەشىد: «ئەي شەيخ، ماڭا بىر پەندى - نەسىھەت قىلغىن» دېدى. شەيخ ئېيتتىكى: «ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، خۇدايى تەئالانىڭ بىر سارىيى بار، ئۇنى دوزاخ دەپ ئاتايدۇ. سېنى شۇ سارايغا دەرۋازىۋەن قىلىپتۇ. ساڭا ئۈچ نەرسە ئاتا قىلىپتۇ، شۇ نەرسە بىلەن خالايىقنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىسەن. ئۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرى مال - دۇنيا، بىرى شەمشەر، يەنە بىرى قامچىدۇر. مال بىلەن پېقىر ۋە مۇھتاجلارنى تەڭلىكتىن قۇتقۇزغايسەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەڭلىك تۈپەيلىدىن گۇناھ ۋە ھارام تەرەپكە قەدەم باسمايدۇ. زالىملارنى شەمشەر بىلەن توستايسەن. پاسىقلارنى قامچا بىلەن ئەدەپلىگەيسەن. ئەگەر شۇنداق قىلساڭ ھەم ئۆزۈڭ نىجات تاپىسەن ھەم خالايىقنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگەن بولىسەن. ئەگەر بۇ ئىشلارغا خىلاپلىق قىلساڭ، ھەممىدىن ئىلگىرى سەن دوزاققا بارىسەن، قالغانلار سېنىڭ ئارقاڭدىن بارغۇسىدۇر.»

سەككىزىنچى شەرتى شۇكى، ئۆزىنى تولىمۇ ئۇلۇغۋار تۇتۇۋېلىپ، خالايىقنى ئۆزىگە كۆڭۈلسىز قىلمىسۇن، بەلكى ئادالەت، ئېھسان ۋە مېھىر - شەپقەت بىلەن ئاجىزلارنى ۋە قول ئاستىدىكى پۇقرالارنى ئۆزىگە دوست ۋە مايىل قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — مۇنداق دېگەنىكەن: «پادىشاھلارنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى ۋە ئەڭ ياخشىسى شۇكى، ئۇلار خالايىقنى ئۆزىگە دوست تۇتىدۇ ۋە پېقىرلارنى، ئاجىزلارنى دۇشمەن تۇتمايدۇ. ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەڭ يامىنى شۇكى، ئۇلار پېقىر - مىسكىنلەرنى دۇشمەن تۇتۇپ، باي ۋە مال - مۈلكى بارلارنى دوست تۇتىدۇ.»

توققۇزىنچى شەرتى شۇكى، كەركىدان سۈپەتلىك زالىم ئەمەلدارلارنى خەلق ئۈستىگە باشلىق قىلىپ قويمىسۇن. ئەگەر ئەمەل - مەنسەپ ئىگىلىرىنىڭ بىرەرسىدىن زۇلۇم ۋە خىيانەت كۆرۈلۈپ قالسا، ئۇنىڭغا شۇنداق سىياسەت ۋە جازا قوللانسۇنكى، باشقىلارغىمۇ ئىبرەت بولسۇن. سىياسەت ئىشىدا بوشاڭلىق قىلمىسۇن. مەنسەپدارلارنى سىياسەت ۋە نەسىھەت بىلەن باشقۇرسۇن.

ئونىنچى شەرتى ئەقىل - پاراسەتتۇر. ھۆكۈمدار ئۈچۈن زۆرۈر نەرسە شۇكى، ۋەقە - ھادىسىلەرگە چوڭقۇر ئويلىنىش بىلەن نەزەر سالسۇن ۋە ھەر ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىق ئايرىسۇن. ئۇ ۋەقەنىڭ نەتىجىسى، تەسىرى ۋە ئاقىۋىتىگە ئۆتكۈر كۆزى بىلەن نەزەر سالسۇن، ئەگەر روشەن ۋە ئاشكارا ئىش بولسا، شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە كەسكىن بىر تەرەپ قىلسۇن؛ ئەگەر ئۇ مەخپىي ۋە مۇھىم ئىش بولسا، كىشىنىڭ [سۆزى] بويىچە ئىش كۆرمەستىن، پاراسەت نۇرى بىلەن [ئېنىقلاپ،] بىر تەرەپ قىلسۇن. چۈنكى، ھادىسىلەر ھەددى - ھېسابتىن تاشقىرى تولىدۇر.

بىلگىنكى، مۆمىن پۇقرالارنىڭ پادىشاھ زىممىسىدە بىر نەچچە تۈرلۈك ھەقلىرى بار. پادىشاھ ۋە ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن ئۇ ھەقلەرنى ئادا قىلىش ۋاجىپتۇر.

بۇ ھەقلەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ھاكىمىيەت ۋە سەلتەنەت تۈپەيلىدىن ھېچبىر مۇسۇلمانغا تەكەببۇرلۇق (چوڭچىلىق) قىلمىسۇن. شۇنى بىلسۇنكى، بەرھەق ۋە پاك تەڭرى تەئالا تەكەببۇرلارنى ۋە جەۋر قىلغۇچى زالىملارنى دۇشمەن تۇتقۇسىدۇر.

يەنە بىرى شۇكى، ئاۋامنىڭ بىر - بىرى ھەققىدە يەتكۈزگەن سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىسۇن. چۈنكى، ئۇ ئاخىر پۇشايمان كەلتۈرگۈسىدۇر. بولۇپمۇ ھەسەتخور، غەرەزلىك كىشى-

لەر بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىشىپ، يامان غەرەزلەر بىلەن كېلىپ، پادىشاھقا بىر ـ بىرلىرىنى يامان دەپ چېقىمچىلىق قىلىشىدۇ. بۇنداق ھەسەتخورلار ۋە غەرەزگويلارنىڭ سۆزىنى زىنھار ئاڭلىماسلىق. چۈنكى، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ سىرلىرىنى يوشۇرۇپ، ئەيىبلىرىنى ئاشكارا قىلىشىدۇ. شۇنداق نەقىل قىلىندۇكى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلى — تەڭرى ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ياخشىلىق ئاتا قىلغاي — نىڭ ھوزۇرلىرىدا بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ يامانلىقىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ھەزرىتى ئەلى — تەڭرى ئۇنىڭ تۈپەيلىدىن ياخشىلىق ئاتا قىلغاي — شۇ ھامان ئۇ كىشىگە: «بۇ سۆزۈڭنى ئېنىقلايمەن، سۆزۈڭ راست بولسا، گەپ توشۇپ، سۇخەنچىلىك ۋە چېقىمچىلىق قىلغانلىقىڭ تۈپەيلىدىن سېنى دۈشمەن بىلىمەن؛ يالغان بولسا، يالغانچىلىق قىلغان گۇناھىڭ ئۈچۈن سېنى جازالايمەن؛ ئەگەر دەرھال توۋا قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن چېقىمچىلىق قىلىشنى ۋە سۇخەنچىلىك قىلىشنى تاشلىساڭ، سېنى ئەپۇ قىلىمەن» دېدى. ئۇ كىشى دەرھال توۋا قىلدى.

يەنە بىرى شۇكى، ئەگەر بىر مۇسۇلمانغا ھەرقانداق گۇناھى تۈپەيلىدىن غەزەپ قىلماقچى بولسا، ئىمكانىيەتىنىڭ بېرىچە ئالدىرىماسلىق، تەخىر قىلىسۇن. ئەگەر شەرىئەت ئىشى بولسا، كەينىگە سۈرمىسۇن، ئەمما دۇنيا ئىشى بولسا، غەزەپلەنگەندىن ئەپۇ قىلغىنى ئەلاراقتۇر. خەۋەردە شۇنداق دېيىلىدۇكى، كىمىكى بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلسا، قىيامەت كۈنى تەڭرى تەئالا ئۇ كىشىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلغۇسىدۇر. نەقىل قىلىنىشىچە، ئەزىز ۋە مېھرىبان تەڭرى ھەزرىتى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىي ئەۋەتىپ: «ئەي يۇسۇف، سەن قېرىنداشلىرىڭنى ئەپۇ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ئېتىڭنى يۇقىرى قىلدىم» دېگەنىكەن.

نەزىم:

*گۈزەلدۇر گەرچە سۆز، ئەمما ھەنۇز باقىيدۇر،*
*ھەدىسى دىلبەرۇ ئەفغانى ئاشىقۇ مەئشۇق.*

رۇبائىي:

*دىل دېدى ماڭا ئىلمى لەدۇن بولدى ھەۋەس،*
*ئەگلىم ئەت ئەگەر سەندە ئېرۇر دەست ئىلە رەس.*
*دېدىمكى: «ئەلىف»، دېدى: «يەنە»، دېدىم: «ھىچ»،*
*ئۆيدە كىشى گەر بولسە، بىر ھەرف ئاڭا بەس.*

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

# «قۇتادغۇبىلىك» ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ كىرىش سۆزى

روبېرت. دانكوف (ئامېرىكا)

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەكبەر ئەمەت

## ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

«قۇتادغۇبىلىك» ئىسلام تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى نامايەندىسى. «هۆكۈمرانلار ئەينىكى» ئەنئەنىسىدىكى بۇ سەھىپىسى ئۇزۇن دىداكتىك شېئىرنىڭ ۋەقەلىكى دىئالوگدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، هېكايە قۇرۇلمىسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەسەرنىڭ تىلى تېخنىكىلىق هالدا قاراخانىيلار تىلى ياكى ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي تىلى دېيىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە موڭغۇللىيىنىڭ ئورقۇن رايونىدىن تېپىلغان هەم 8 ـ ئەسىرلەردىن باشلانغان مەڭگۈ تاشلارنىڭ؛ ئاساسلىقى بۇددىزم مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور ئۇيغۇر تۈركىي تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ؛ هەم كېيىنكى گۈللەنگەن، «چاغاتاي» دەپ تونۇلغان شەرقىي تۈركىي ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ تىلىدۇر.

تۈركىي ئىسلامنىڭ 900 يىللىق تارىخىدىكى بىرىنچى چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئەھمىيىتى «ئىلاھ كومېدىيىسى» (دانتېنىڭ ئەسىرى) ياكى تېمىمىزغا ماس هالدا «شاھنامە»نىڭ ئەھمىيىتىگە تەڭلىشىدۇ. 1010 ـ يىلى ئاخىرلاشقان كېيىنكى ئەسەر («شاھنامە») دە فىردەۋسى ئىران ئەنئەنىسىگە ئىسلام چۈشەنچىلىرىگە ماس كەلگەن يېڭى پارسچە كىيىم كىيگۈزەلىگەنىدى. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ شېئىرىي شەكلىنى تاللاشتا (ئەرەب ـ پارسچە مۇتەقارىب بەھرى — تۆۋەندىكى «تېكىست ۋە تەرجىمە» ماۋزۇسىدىكى بۆلەككە قاراڭ) ۋە داستان شەكلىگە بولغان مايىللىقىدا شۈبھىسىزكى، فىردەۋسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈسۈپ خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا فىردەۋسىنىڭ ئىران ئەنئەنىسىگە قىلغان مۇئامىلىسىنى تۈركىي ئەنئەنىگە ماسلاشتۇرغان، يەنى چوڭراق كەلگەن ئىسلام مەدەنىيىتى قۇرۇلمىسىدىكى ئەرەب ئەنئەنىسىنىڭ يېنىغا تۈرك ئەنئەنىسىنىڭ ئورنىنى تىكلىگەن. ئەمما مېتود ۋە نەتىجە ئوخشىمايدۇ. فىردەۋسى ئىران ئېپوسىنى ئىسلام پارسچە شەكلىگە تەرجىمە قىلغان. يۈسۈپ ئۆزىنىڭ چىقىش نۇقتىسىنى ئەنئەنىۋى تۈركىي ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر (بۇ ژانىرلارمۇ مەۋجۇت ئىدى) دىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزى ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتىدا بايقىغان ئىران ـ ئىسلام ھاكىمىيەت باشقۇرۇش سەنئىتى ئىدىئاللىرىدىن ئالغان. ئۇنىڭ مەقسىتى بۇ خىل ئىدىئاللارغا ئىچكى ئاسىيا تۈركىي ئەدەبىياتى مىراسلىرىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە يېڭى ماكان هازىرلاش ئىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ تۈرك خانلىق ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئەنئەنىسىنىڭ ئۆز رىقابەتچىلىرى بولغان ئەرەب ۋە ئىران ئەنئەنىسىگە تەڭداش ياكى ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى هەم ئىسلام بىلەن سىغىشالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىشىنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى بىر ئۇسۇلى شۇ ـ خىل تۈرك هۆكۈمدارلار (تۈركلەر خانى، ئۆتۈكەن بېگى، ئىلى بېگى قاتارلىقلار) ۋە خىلمۇ ـ خىل تۈركىي شائىرلار (ھېچقايسىسىنىڭ نامى بېرىلمىگەن)

www.uyghurkitap.com

لارنىڭ ئېغىزىدىن تېكىستكە تارقالغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى نەقىل ئالغانلىقىدۇر.

بۇ خىل ھېكمەتلىك سۆزلەر تۈركىي تىلدا «بىلىك» دېيىلىدۇ؛ ماۋزۇدىكى يەنە بىر سۆز «قۇت» بولۇپ، «بەخت ـ تەلەي» ياكى «ھۆكۈمرانلىقنىڭ سېھرى كۈچى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى «خانلىقنىڭ شان ـ شەرىپى ياكى بەخت ـ سائادەتكە يېتەكلىگۈچى بىلىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يۈسۈپنىڭ مەقسىتى ئۆز ھېمايىچىسىنى ئوردا تۈرمۇشىنىڭ ئەينىكى بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق پۇرسەت ۋە داۋالغۇشقا تولغان بىر دەۋردە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى يېتەكلەش ھەم ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. شۇ ئارقىلىق يۈسۈپ بىزنى ئىسلام ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشىدا تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ ئەينىكى بىلەن تەمىنلىدى.

## قاراخانىيلار ۋە تۈرك مەدەنىيىتى

قاراخانىيلار تۈركلىرى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادا، ئاندىن 999 ـ يىلدىن كېيىن ترانسئوكسانىيەدە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسلىق ئىككى شەھىرى قەشقەر (ھازىرقى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا) ۋە بالاساغۇن (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدە ئېنىق ئورنى نامەلۇم). 1069 ـ ياكى 1070 ـ يىلى ئەسلىدە بالاساغۇندىن كەلگەن يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك»نى قەشقەرنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكۈمرانى تاۋغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان.① مۇكاپات سۈپىتىدە ئۇنىڭغا خاس ھاجىپلىق مەرتىۋىسى بېرىلگەن. ئۇمۇ شۇ مەرتىۋە بىلەن تونۇلغان.

11 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئېتنىك كېلىپ چىقىشى تۈرك بولغان ئۈچ خانلىق — قاراخانىيلار، غەزنەۋىيلەر ۋە سەلجۇقلار، سامانىيلار ۋە بۇيىدلارنىڭ ئىران خانلىقىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ئىسلام سىياسىي ھاياتىدا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى.

سىياسىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام زېمىنىدا ئەڭ ئاخىرىدا غەلىبە قازانغىنى سەلجۇقلار بولۇپ، ئۇلار غەزنەۋىيلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئافغانىستاندىكى ئىمپېرىيىسىنى قالدۇرغان ۋە قاراخانىيلارنى ئاجىز، بۆلۈنگەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، قاراخانىيلارنىڭ 12 ـ ئەسىردە غەيرى دىندىكى قاراقىتانلار تەرىپىدىن مۇنقەرز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مۇسۇلمان تۈركلىرىگە نىسبەتەن قاراخانىيلارنىڭ ئوينىغان رولى بىر ئەسىر بۇرۇن سامانىيلارنىڭ مۇسۇلمان ئىرانلىقلارغا نىسبەتەن ئوينىغان رولىغا ئوخشاش بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا غەزنەۋىيلەر ۋە سەلجۇقلار تۈرك مەدەنىيىتىنى ئەمەس، بەلكى ئىران مەدەنىيىتىنى ھېمايە قىلغان. مىسالغا ئالساق، غەزنەۋىيلەر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە فىردەۋسى سامانىيلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە يېزىشنى باشلىغان «شاھنامە» سىنى تاماملىغان.

قاراخانىيلار قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ، قارلۇق ۋە چىگىل قاتارلىق قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇلار خاقانلىرىغا ئەگەشكەن بولۇپ ئىچكى ئاسىيانىڭ قەبىلىۋى ئاقسۆڭەكلىك ۋە ئېسىلزادىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان.② بۇ نۇقتىدا ئۇلار قاراقچىلىقتىن ئىش باشلىغان سەلجۇقلار بىلەن قۇللۇقتىن ئىش باشلىغان غەزنەۋىيلەردىن

پەرقلىنىدۇ. قاراخانىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى ئۆزلىرى ئىرانىنىڭ چوڭ دۈشمىنى ئەفراسياپ («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 276 ـ 80 مىسرالارغا قاراڭ) بىلەن بىر ئادەم دەپ قارىغان ئەپسانىۋى قەھرىمان ئالىپ ئەرتۇڭاغىچە سۈرۈشتۈرەتتى. ئۇلار تۈركىي تىلنى تەرەققىي قىلدۇردى ۋە بىز هازىر ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتايدىغان تۈركىي يېزىقنى داۋاملىق ئىشلەتتى. تۈركىي تىل دىئالېكتىلىرىنىڭ ئۇلۇغ لۇغەتشۇناسى مەھمۇد كاشغەرى ئۆز ئەسىرىدە قاراخانىيلارنىڭ ناھايىتى روشەن قەبىلە، خەلق ۋە ئوردا ئەپسانە ـ ھېكايىلىرىدىن نۇرغۇننى خاتىرىلەپ قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن زامانداش.③ يىغىپ ئېيتقاندا، مەھمۇد كاشغەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىرى، تىل تەتقىقاتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى خاتىرىلەش ساھەسىدە، يەنە بىرى، ھۆكۈمرانلىق ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئىچكى ئاسىيا ئەنئەنىسىنى ئىسلام دىنى قىممەت قاراشلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇش ساھەسىدە تۈركىي ئىسلام ئەدەبىي مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

بەلكىم 11 ـ ئەسىردىن كېيىن قاراخانىيلارنىڭ سىياسى ئىستىقبالىنىڭ خارابلىشىشى ھەم ئىمتىيازىنىڭ توختىماي تۆۋەنلىشى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، بۇ ئەسەرلەر ئاشۇ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققى قىلىش ئاساسى بولالمىدى. ھېچقانداق «تۈركىي فىردەۋسى» ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ئىش ئىزلىرىنى مەدھىيىلىمىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۈچ خىل قولىيازمىدىن ھۆكۈم قىلغاندا «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدەتەنمۇ تۆمۈرىيلەر دەۋرىگىچە مەلۇم دەرىجىدە دەۋر سۈرگەن. 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە ئوسمان تۈركچىسىگە ئازدېگەندىمۇ بەش قېتىم تەرجىمە قىلىنغان پارسچە «قابۇسنامە» گە سېلىشتۇرساق، بۇ ئەسەر شۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا، ھەتتا تەقلىد قىلىشقىمۇ ئاساس بولالمىغان.④ ئوسمانىيلار ۋە تۆمۈرىيلەر تەسىرگە ئىگە تۈرك ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەندە، بۇ مەدەنىيەت قاراخانىيلارنىڭ ئاشۇ نامايەندىلىرى تەمىنلىگەن ئاساستىن باشقا ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغاندى.

## ئەسەرنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى

ئەسەرنىڭ بېشىدا يۈسۈپ (353 ـ 58 ـ مىسرالار) ئەسەرنىڭ تۆت ئابستراكت چۈشەنچە ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى، ھەر بىرىگە تۆت ئاساسلىق پېرسوناژنىڭ بىرى ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

| نامى | (ئەسەردىكى) ۋەزىپىسى | چۈشەنچە |
|---|---|---|
| كۈنتۇغدى | پادىشاھ | ئادالەت |
| ئايتولدى | ۋەزىر | بەخت ـ تەلەي |
| ئۆگدۈلمىش | دانىشمەن① | ئەقىل (پاكى پاراسەت) |
| ئودغۇرمىش | زاھىد | ئادەمنىڭ ئاخىرقى ئاقىۋىتى |

① دانكوپ بۇ يەردە ئۆگدۈلمىشنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋەزىر ئەمەس، بەلكى دانىشمەن دەپ تەرجىمە قىلغان، بەلكىم ئۇ ئۆگدۈلمىشنىڭ ئوردا ئىشلىرىدىكى مەسلىھەتچىلىك رولىغا پاكى ئىقتىدارىغا ئاساسەن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى «دانىشمەن» دەپ تەرجىمە قىلغان بولسا كېرەك.

ئەسەرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇ پېرسوناژلارنىڭ ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ئىرانلىقلارنىڭ ئىلھامىدىن كەلگەن ئەنئەنىۋى «ھۆكۈمرانلار ئەينىكى» ئېمىسىدا توختىلىدۇ. ئەسەرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئىدىيە ئۇدغۇرمىشنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش خاراكتېرىگە مەركەزلىشىدۇ ۋە سۇفىزم ياكى ئىسلام مىستېتىزمىغا مۇناسىۋەتلىك دىنىي تېمىلارنى ئېلىپ كىرىدۇ. كىرىش سۆزنىڭ تۆۋەندىكى بۆلەكلىرى «قۇتاغۇبىلىك» تىكى تېخىمۇ مۇھىم ئىدىيىلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش ۋە مەنبە ئانالىزى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ بۆلەكلەرگە قىسقا ئەدەبىي تەھلىل ۋە چۈشەندۈرۈش ئەگىشىپ كېلىدۇ. بۇنداق جايلاردا ئوقۇرمەنلەر ئەسەر مەزمۇنىدىن تېخىمۇ كۆپرەك خەۋەردار بولالايدۇ.

## ھۆكۈمرانلار ئەينىكى①

(11 ـ ئەسىرگىچە بولغان تەكشۈرۈش)

11 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى قاراخانىيلارنىڭ نازۇك سىياسى ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتقاندا، شۇ مەزگىلدىكى ئەرۋز ئەدەبىي نامايەندىلىرى «ھۆكۈمرانلار ئەينىكى» بولۇشقا ئورۇنلۇق. «ھۆكۈمرانلار ئەينىكى» غەربىي ياۋروپا ئەنئەنىسىدە مەلۇم بىر تۈرلۈك ئەدەبىياتقا بېرىلگەن نام بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنياۋى ژانىردۇر. كېڭەيتىپ چۈشەندۈرگەندە ئۇنى «قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلىش توغرۇلۇق بېرىلگەن نەسىھەت» دېيىش مۇمكىن. گەرچە بۇ ژانىر يۈرۈش ـ تۇرۇش كۆرسەتمىسى ۋە سىياسىي پەلسەپە قاتارلىقلارغا چېتىلسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ژانىرلاردىن پەرقلەندۈرۈلۈشى كېرەك. ئۇ كەڭ دائىرىدىكى ئاغزاكى ۋە يازما «ئەقىل ـ پاراسەت» ئەدەبىياتىغا تەۋە. «قۇتادغۇبىلىك» مۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئىچكى ئاسىيا تۈرك ئەنئەنىسى ۋە ئىران ئىسلام ئەنئەنىسىدىن ئىبارەت ئىككى ئەنئەنىنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشقان.⑤

نەدە مۇستەبىت دۆلەت تۈزۈلمىسى بولسا شۇ يەردە ھۆكۈمرانلار ئەينىكى ژانىرىدىكى ئەسەرلەرنى بايقايمىز. بۇنىڭغا قەدىمكى يېقىن شەرق، جۇڭگو، ھىندىستان، ئىسلام يېقىن شەرقى، قەدىمكى گرېك زوراۋان ھاكىمىيەتلىرى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادىن نۇرغۇن مىساللار بار. شۇ ژانىرنىڭ كەڭ تارقىلىشى شۇ خىل ئەدەبىياتنىڭ مۇستەبىت جەمئىيەتتىكى رولى سەۋەبىدىندۇر. بۇ خىل ژانىر بېكىنمە ئەنئەنىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، ئۇ ھۆكۈمرانلىقنىڭ تىنچ ئالمىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ كرىزىس مەزگىللىرىدە، مەسىلەن، سۇلالە ئالماشقان، سىرتقى كۈچنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان ياكى ئىچكى بۆلۈنۈش يۈز بەرگەن مەزگىللىرىدە ناھايىتى ئەسقاتىدۇ.

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، زامان ۋە ماكاننىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «ھۆكۈمرانلار ئەينەكلىرى» نىڭ بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىدۇر. ۋەزىر ياكى ھۆكۈمدار مەسلىھەتچىسىنىڭ بىۋاستە سۆزلىشى ياكى ھۆكۈمراننىڭ ئۆز ۋارىسىغا بىۋاستە سۆزلىشى ئورتاق شەكىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئەدەبىياتتىكى ئەڭ ئاساسلىق خاھىش بۇ دۇنيالىقتۇر. ئۇ دۇنيالىقتا كۆڭۈل بۆلۈش بولسا مۇقىملىق، باياشاتلىق ۋە ئىمتىياز قاتارلىق

① بۇ يەردىكى «ئەينەك» كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەن.

ۋاقىتلىق نىشانلارنىڭ كەينىگە قويۇلىدۇ. ھەقىقىي سىياسەت[①] ئېمىسى بۇرۇنلا ماكىياۋىللى ئۇنى لوگىكىلىق خۇلاسىلاشتىن خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇد ئىدى.

تېپىك مىسال سۈپىتىدە تۆۋەندىكىگە قاراڭ:

*«دەرىزىل بولما، چۈنكى سەۋرچانلىق ياخشىدۇر؛ ئۆزۈڭنىڭ مەڭگۈلۈك نامايەندىسىنى ئۆزۈڭگە بولغان سۆيۈش ئىچىگە قوي...*

*ئاقسۆڭەكلىرىڭنى ئېغىمۇ ئۇلۇغ قىل ـ دە، ئۇلار سېنىڭ قانۇنلىرىڭنى يۈرگۈزسۇن... ئۇلۇغ ئادەملىرى ھەقىقى ئۇلۇغ بولغانلار ھەقىقى ئۇلۇغلاردۇر؛ ئەگەشكۈچىلەر بولغان پادىشاھ قەيسەر پادىشاھدۇر. ئاقسۆڭەكلىرى ئىنتايىن كۆپ بولغان پادىشاھ باھادىردۇر.*

*ئۆيۈڭدە راستچىل بول، شۇنداق قىلساڭ يەر يۈزىدىكى ئاقسۆڭەكلەر سېنى ھۆرمەتلىشى مۇمكىن. چۈنكى بىر ھۆكۈمراننىڭ تونۇلۇشى ئۇنىڭ دۇرۇس ۋە سەمىمىيلىكىگە باغلىق بولىدۇ. ئوردىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئوردىنىڭ كەينىدىكى سارايلارنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ.*

*ئادالەت يۈرگۈز، شۇنداق قىلساڭ يەر يۈزىدە ئۆزۈڭ ياشىيالايسەن... خاتا جازالاشتىن ساقلان، ئادەم ئۆلتۈرمە، چۈنكى بۇنىڭدىن ساڭا پايدا يەتمەيدۇ، لېكىن ئۇرۇپ جازالا ھەم تۈرمىگە سولا، شۇنداق قىلساڭ زېمىنلىرىڭ تەرتىپكە چۈشىدۇ...*

بۇ ئەمەلىيەتتە شۇ ژانىرنىڭ بىز بىلىدىغان ئەڭ دەسلەپكى مىساللىرىدىن بىرىدۇر؛ ئۇ بىر مىسىر فىرئەۋنىنىڭ ئوغلىغا بەرگەن كۆرسەتمىسى بولۇپ مىلادىدىن بۇرۇنقى 22 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ.»⑥

قەدىمكى يېقىن شەرقتە ھۆكۈمرانلارغا قىلىنغان نەسىھەت — ئوردىنى قانداق باشقۇرۇش؛ باشقا ئوردىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە ئەلچىلەرنى كۈتۈش ئىشلىرى؛ ئادالەت يۈرگۈزۈش؛ ئەقىللىق ۋە سادىق مەسلىھەتچىلەرگە بولغان ئېھتىياج؛ ئارمىيىنى باشقۇرۇش؛ جەمئىيەتتىكى ھەرخىل سىنىپ ۋە تەبىقىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت؛ مېھرىبانلىقتا نام چىقىرىش؛ ياخشى نۇتۇق ۋە تاماق يېگەن چاغدىكى ياخشى يۈرۈش ـ تۇرۇش؛ خوتۇن تاللاش ۋە ئائىلىنى قانداق باشقۇرۇشقا نەسىھەت قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئەدەبىيات دائىملا بەخت ـ تەلەينىڭ تۇراقسىزلىقىنى كۆزدە تۇتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ تۆۋەن تەبىقىلەردىكى كىشىلەرگە قانداق ھەرىكەت قىلىش ۋە ھەرخىل ياشاش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە بېرىلگەن نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ خىل تېمىلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى يېقىن ۋە يىراق شەرقتىكى ھەم غەربتىكى ھۆكۈمرانلار ئەينىكى ژانىرى ئۈچۈن ئورتاق.

گەرچە ئەمەلىي، ۋاقىتلىق مەقسەتلەر ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان بولسىمۇ، روھى ئۇ دۇنيالىق مەقسەتلىرىمۇ مەۋجۇت. بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى پادىشاھلىق ئىدىئولوگىيىسى دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتۇر. بۇ خىل ئىدىئولوگىيە بولسا دىنىي ئاساسقا قۇرۇلغان. بىر بابىلون تەمسىلىدە: «ئادەم خۇدانىڭ سايىسى، قول بولسا ئادەمنىڭ سايىسى؛ ئەمما پادىشاھ بولسا خۇدانىڭ ئوبرازىدۇر»⑦ دېيىلگەن. قۇياش ۋە سايىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلۇشى دۇنياۋىيلىقتا ئىگە. ھۆكۈمران خۇدانىڭ يەر يۈزىدىكى سايىسى ھەم

---

① ھەقىقىي سىياسەت — ئەخلاقىي ئۆلچەملەر ۋە ئىدىيىلەرنى ئەمەس، بەلكى ئالاھىدە ئەھۋاللار ۋە ئېھتىياجلارنى ئاساس قىلغان سىياسەت.

www.uyghurkitap.com

پۇقرالىرىنىڭ سايىسى (ھىمايىچىسى، «قۇتادغۇبىلىك» 451 ـ مىسراغا سېلىشتۇرۇڭ) ئۇ ھەم قۇياش بولۇپ يورۇقلۇق تارقىتىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تەرتىپ ئورنىتىدىغانلىقى، ھەم ئادالەت ئارقىلىق يەر يۈزىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىدۇر. ⑧ بابىلوندا خاممۇراپى ئۆزىنىڭ قانۇنىدا بىزگە ئېيتقاندەك خۇدالار ئۇ (خاممۇراپى) نى «يەر يۈزىدە قانۇننىڭ ئورنىتىلىشى، رەزىل ۋە ئىبلىسلارنى يوقىتىپ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا زىيان سالماسلىق، قارا باشلىق كىشىلەرگە خۇددى قۇياشتەك كۆرۈنۈپ يەر يۈزىنى يورۇتۇش ھەم ئىنسانلارغا بەخت يارىتىش ئۈچۈن» ⑨ تاللىغان. مىسىردا پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئوخشىتىلغان؛ پادىشاھ داۋۇدنىڭ «سامۇ ئىلنىڭ كىتابى» (I، 23 : 3ـ4) دا خاتىرلەنگەن ئاخىرقى سۆزلىرى: «ئادەملەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى چوقۇم ئادىل بولۇشى، خۇدادىن قورققان ھالدا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك؛ ئۇ ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدەك بولسۇن، قۇياش چىققاندا، ھەتتا بۇلۇتسىز سەھەر بولسۇن» ئىدى. ⑩

«كونا ئەھدىنامە» دە بۇنىڭغا قارشى خاھىشتىكى نوپۇزلۇق بايانلار — ئالىي ھوقۇق خۇداغا تەۋە بولغاچقا پادىشاھنىڭ ئورنى تۆۋەنلەيدىغان مىساللار بېرىلگەن (بۇ خىل قاراش كېيىن ئىسلام دىنىدا ۋە ئوتتۇرا ئەسىر چېركاۋىدا تەسىر كۈچكە ئىگە بولغان). سامۇئىل (1، 8) پادىشاھ تەلەپ قىلىپ غەلۋە قىلغان ئىسرائىلىيەنىڭ پېشقەدەملىرىنى: «بىر پادىشاھ سىلەرنىڭ ئوغۇللىرىڭلارنى (قوشۇنغا)، قىزلىرىڭلارنى (دېدەكلىككە) ئېلىپ كېتىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ يەرلىرىڭلارنى ھەم زىرائەتلىرىڭلارنى ئىگىلىۋالىدۇ، ئېغىر ئالۋاڭ ـ ياساق ئالىدۇ، سىلەرنى مەجبۇرى ئەمگەككە سالىدۇ،» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ پادىشاھلار ئۈچۈن بىر خىل تەنقىد ئەيىبلەش، بۇلار پادىشاھ قىلماسلىقتا تېگىشلىك ئىشلاردۇر.

كلاسسىك يېقىن شەرق ئىدېئولوگىيىسى ⑪ سىرۇس تەرىپىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردە قۇرۇلغان ئاخمېنىد ياكى پارس ئىمپېرىيىسى بىلەن بارلىققا كەلگەن. بۇ ئىنجىلدىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ بىز «ئېزرا يازغان خەت» تىن يەھۇدىيلارنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت بېرىلگەن قارارنىڭ: «پېرسىيەنىڭ پادىشاھى سىرۇس شۇنداق دېگەن: يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلىقلارنى جەننەتنىڭ خۇداسى ماڭا ئىنئام قىلغان» دەپ باشلانغان تېكىستىنى ئۇچرىتالايمىز. بۇ كلاسسىك ئىدېئولوگىيىگە ئاساسلانغاندا، پادىشاھنىڭ تېنى مۇقەددەس ھەم دەخلى ـ تەرۇزسىزدۇر. ئۇنىڭ مۇقەددەس كېلىپ چىقىشى ئۇنىڭ تۇغۇلۇش ئەپسانىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سىرلىق مۇھىتتا ئەكس ئېتىلگەن؛ ئۇ «ئاي ۋە كۈننىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭ ئىسمى يۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىدا.» ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى مۇقەددەس ئورنى ئوردا مۇراسىمى ۋە پادىشاھلىق (بەلگىسى) دە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. پادىشاھ ئالەمىي ھۆكۈمران، يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھى، دەۋرنىڭ ھۆكۈمدارى، ئۇ تىنچ كۈن ـ پادىشاھ ياكى ئۇرۇشقاق ئاي ـ پادىشاھ، ئۇ تىنچلىق ۋە باياشاتلىقنىڭ ھىمايىچىسى ھەم خۇشاللىق ۋە بايلىق ئېلىپ كەلگۈچى. ئۇنىڭ ئىلمىنتى ئوت؛ ئۇنىڭ سىمۋولىمۇ ئوت نۇرى ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان كەيپىيات، شان ـ شەرەپنىڭ نۇرى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئامىتى ياكى ھۆكۈمرانلىق سېھرىي كۈچى، ھۆكۈمرانلىق بەخت ـ سائادىتى بىلەن بىردەكتۇر. پادىشاھلىق كەيپىيات مەۋجۇت بولسىلا پادىشاھلىق گۈللىنىدۇ، مەۋجۇت بولمىسا پالاكەتكە ئۇچرايدۇ. ⑫

بەزى قەدىمكى گرېكلار پارسلارنىڭ ئىمپېرىيە سىستېمىسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرى-

ھان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى زىنوفون بولۇپ ئۇ بىر كىتاب يېزىپ شۇ ئارقىلىق سىرۇس ھۆكۈمرانلىقىدىكى پېرسىيە دۆلىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى گرېكلارغا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان («سىرۇسنىڭ تەربىيىلىنىشى» گە قاراڭ)، ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ھىرودوتنىڭ ئەسىرى① (99ff,1)②دە مىدىسلار (Medes) نىڭ دۇنياۋى قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى پارسلار-نىڭ سىرۇسنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈشكە مۇقەددىمە سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىش بىلەن بىللە ھۆكۈمرانلار ئەينىكى ژانىرىنىڭ ئالاھىدە بىر مىسالى بېرىلگەن. ھىرودوت ئەقلىي ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئاتالغۇلىرى بىلەن پادىشاھنىڭ قۇدرىتىنى ئىزاھلىغان. مېدىيە پادىشا-ھى دېيوسېس دەسلەپتە ئۆز خەلقى ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن نام چىقارغان، ئاندىن ئۇ تىرىشىپ ئۆزىنى پادىشاھ سايلاتقان. كېيىن ئۇ داۋاملىق ئۆزىنىڭ ئوردىسىنى سالغان ۋە شەخسى مۇھاپىزەتچى تەيىنلىگەن، ئوردا مۇراسىمى ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۆزىنىڭ يېڭى پايتەختىدە ئادالەت يۈرگۈزگەن. ئۇ يەنە جاسۇسلارنى ئەۋەتكەن ۋە ھەربىي يۈرۈش ئۈچۈن ئاساسى كۈچكە ئىگە بولغان. شۇ كۈچكە تايىنىپ ئۇ سىستېمىلىق ئىستىبلالار ئارقىلىق پادىشاھلىقىنى كېڭەيتكەن.

يەرلىك گرېك ئالىملىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوخشاشلا مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردىكى ئىسوكرات ئەڭ تەسىر كۈچكە ئىگە مۇتەپەككۇر سىياسىئون بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ سىپرۇسنىڭ پادىشاھى نىكوكلىسقا يازغان ماقالىسىدە مۇستەبىت ھۆكۈمراننى ئەقلى ئاساستا ئادىل بولۇشقا دەۋەت قىلغان. جەمئىيەتتىكى ماسلىشىشچانلىق سۈپىتىدىكى ئىدىئال ئادالەت قارىشىنى مەيدانغا كەلتۈرگۈچى، ئەلۋەتتە پلاتون بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلۇغ ئالېكساندىر پارس ۋە گرېك ئەنئەنىلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشقان، ئۆزىمۇ كېيىنكى ھۆكۈمرانلارغا ئۈلگە بولغان. ئەڭ ئاخىرىدا بىز پلۇتاركنىڭ ئەسەرلىرىدىن شۇنى بايقايمىزكى، ئۇنىڭ «بىلىمسىز ھۆكۈمرانغا سۆز» ناملىق ئەسىرىدىن «ياخشى ھۆكۈمران خۇدانىڭ سىماسى؛ خۇددى خۇدا ئۆزىنىڭ قۇدرىتى ۋە شان - شەرىپىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قۇياش ۋە ئاينى ئاسمانغا ئورۇنلاشتۇرغاندەك، ھۆكۈمرانمۇ خۇدانىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە يەر يۈزىدە جۇلالىنىدۇ.»⑬ دېگەن كلاسسىك شەرقچە قاراشلارنى بايقايمىز. بۇ غەرب ئەدەبىياتىدا تۇنجى ئەكس ئەتكەن شەرقچە قاراشلار بولۇشى مۇمكىن.

ئەمدى بىز كېيىنكى «ھۆكۈمرانلار ئەينىكى» لىرىدە قوللىنىلغان قەدىمكى سىياسىي ئىدىيىدىكى ئۈچ چوڭ ئېقىمنى، بولۇپمۇ بۇ ئەنئەنىلەرنىڭ ھەربىرىدە پادىشاھنىڭ قانداق قىلىپ بەخت - سائادەت ۋە ئادالەتكە بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى خۇلاسىلاپ باقايلى.

بىرىنچى، يېقىن شەرق پادىشاھلىق ئىدىئولوگىيىسى كونكرېتلاشقان پېرسىيەدە پادىشاھ ئادالەت ھەم بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى بولغان. خۇددى قۇياش يورۇقلۇق تارقاتقاندەك ئۇ ئادالەت يۈرگۈزىدۇ؛ ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۇنىڭ شان - شەرەپ نۇرى ئارقىلىق سىمۋوللاشتۇرۇلغان.

ئىككىنچى، گرېتسىيىدە ئادالەت جەمئىيەتتىكى ماسلىشىشچانلىق دەپ قارالغان، ھەم ئادىل پادىشاھ ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولغان. پادىشاھ بولسا باشقىلارغا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىنىڭ سىرتىدىكى كۈچ - بەخت - سائادەتنىڭ تۇراقسىزلىقىغا بويسۇنغان. بۇ ئۇقۇملار ئاللىگورىيىلىك ئوبرازلار ئارقىلىق سىمۋوللاشتۇرۇلغان بولۇپ، غەرب ئەدەبىياتى

---

① ھىرودوتنىڭ «تارىخلار» ناملىق ئەسىرىنى كۆرسىتىدۇ.
② (99ff) نومۇرنىڭ كەينىدىكى ff شۇ بەت ۋە شۇ بەتتىن كېيىنكى بەتلەر دېگەننى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ۋە سەنئىتىدە ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. ئادالەتكە قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئۈچ پۇتلۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىغان ئىلاھە دايىك (ياكى تېمىس) سىمۋول قىلىنغان؛ بەخت ـ سائادەتكە بولسا ئەما ھەم شارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان قىلىپ تەسۋىرلىنىدىغان ئىلاھە تايخە سىمۋول قىلىنغان. ⑭

ئەڭ ئاخىرىدىكىسى يەھۇدىي دىنى ۋە ئۇنىڭ بىر خۇدالىق ئەۋلادلىرى، خرىستىئان ۋە ئىسلام دىنى ۋەكىللىك قىلغان (دىنىي ھاكىمىيەت) ئەنئەنىسىدۇر. بۇ ئەنئەنىدە پادىشاھ خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ، خۇدانىڭ ئىرادىسى بولسا بەخت ـ سائادەتنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ؛ ⑮ پادىشاھمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ھۆكۈمرانلىق قىلسا ئاندىن ئادىل بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

مۇشۇ ئىدىيىلەرنىڭ ھەممىسى ساسانىيان دۆلىتىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام ئىمپېرىيىسى ئەنئەنىسىدە بىرلەشكەن. ئوتتۇرا ئەسىر يېقىن شەرق ـ ئىسلام ۋە ئىسلامدىن بۇرۇنقى سىياسىيدىكى ھۆكۈمران تېما ھەق خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى دىنىي ئورتودوكسىيە بىلەن ئىجتىمائىي بىرلىكنى بىرلەشتۈرۈش تىرىشچانلىقى بولدى. 3 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ساسانىيلار ئۆزلىرىنى ئاخمىنىدلارنىڭ ۋارىسى دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار زەردۇشت دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىشكە ئۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسى پەقەتلا كېيىنكى ئىسلام دىنى دەۋرىگە تەۋە بىر ئەسەردە ساقلىنىپ قالغان «تانسارنىڭ خېتى» ⑯ ناملىق ھۆججەتتە كلاسسىك ئىپادىسىنى تاپقان. تانسار ساسانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغۇچى ئەردەشىرنىڭ باش پوپى ياكى دىنىي مەسلىھەتچىسى ئىدى. ئۇنىڭ مەشھۇر خېتى ئەكسىيەتچى پادىشاھقا يېزىلغان بولۇپ، ئەردەشىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان: «پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى جەمئىيەتنىڭ ئادىل تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن؛ ئۇ قەدىمقىلارنىڭ ئەنئەنىسىنى قايتا تىكلىگەن بولۇپ، باراۋەرلىك ۋە ئادالەتكە تولغان بۇ ئەنئەنە ھازىرقىلارنىڭ زوراۋان ۋە ئادالەتسىز ئەنئەنىسىگە قارشىدۇر. ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە ئالاقىچىلىرى ئىشەنچلىك، رايىش، ئوقۇمۇشلۇق ھەم تەقۋادار. ئۇ توغرا دىنىنى قوللايدۇ. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى خانلىقتىكى بارلىق ھۆكۈمرانلار چوقۇم ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى كېرەك؛ چۈنكى، ئىبادەتخانا بىلەن دۆلەت بىرلا بالىياتقۇدىن تۆرەلگەن بولۇپ بىرلىشىپ كەتكەن، ھەرگىز ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ.»

ئەڭ مەشھۇر ساسانىيلار ھۆكۈمرانى، «ئادىل» دەپ تونۇلغان خۇسراۋ I ئانۇشىرۋان بولۇپ، ئۇ 6 ـ ئەسىردە («قۇتادغۇبىلىك» 290 ـ 91 ـ بېيىت ۋە ئىزاھاتقا قاراڭ) دە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. خۇسراۋ مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن بىر ئادىل ھۆكۈمراننىڭ ئۈلگىسى، ئۇنىڭ بۇزرۇكمېھرى دەپ تونۇلغان ۋەزىرى بولسا دانىشمەن ۋەزىرنىڭ ئۈلگىسى بولغان. بۇزرۇكمېھرىنىڭ ئەقۋالى «پەندنامە» دەپ تونۇلغان بىر كىتابتا ساقلانغان بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ 9 ـ ئەسىردىكى پەھلەۋى نۇسخىسى مەشھۇردۇر. ⑰ كىتاب يەنە ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ⑱ ھەم مۇسۇلمان ئاپتورلار تەرىپىدىن، بولۇپمۇ «شاھنامە» دە مەشھۇر فىردەۋسى تەرىپىدىن شېئىرلاشتۇرۇلغان. «پەندنامە» ئەخلاقىي ۋە دىنىي مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپقان، لېكىن ئەسەر دىئالوگ شەكلىدە يېزىلغان: پادىشاھ بۇزرۇكمېھرگە سوئال قويىدۇ، ئۇ تەپسىلىي جاۋاب قايتۇرىدۇ. مەسىلەن:

*خۇسراۋ سوراپتۇ: «... بىرى كۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق قۇدرەت تاپامدۇ ياكى پادىشاھ-*

*لارغا گۈللارنىڭ تاجى ۋە تەختىنى ئاتا قىلغان بەخت ـ تەلەي سەۋەبلىك قۇدرەت تاپامدۇ؟ ئۇ جاۋاب بېرىپتۇ: «تەلەي ۋە تۇغما ئىقتىدار بىر جۈپتۇر؛ گۈللار خۇددى تەن ۋە روھتەك بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ. تەن كۆرۈنىدۇ، روھ بولسا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئەزىزىنى سالغان بەخت ـ تەلەي يۇقىرى كۆرۈلسە تەن پەقەتلا ئادەمنىڭ ھەرىكەتلىرى ئاساس قىلىنىدىغان بىر شەكىل بولىدۇ؛ ئەگەر بەخت ـ تەلەي ياردەم قىلمىسا بىر ئادەم تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ قۇدرەت تاپالمايدۇ.»⑲*

نولدېكە بۇزرۇكمېھرى ئەپسانىۋى شەخس بولۇپ، بابىلۇنلىق دانىشمەن ئاھىقارغا ئاساسەن يارىتىلغان، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. ئاھىقار توغرىسىدىكى رومانتىك ۋەقەلىك يېقىن شەرقتە كەڭ تارقالغان؛ خىرستېنسېننىڭ قارىشىچە، بۇزرۇكمېھرى خۇسراۋ ئادىلنىڭ تارىشتىكى ۋەزىرىنىڭ بۇزۇپ ئىشلىتىلىشىدۇر. ⑳ بۇ بۇزرۇكمېھرى پېرسىيەگە ھىندىستان پادىشاھلىق ئەنئەنىسىنى ئېلىپ كىرىش بىلەن تونۇلغان. بۇ ئەنئەنە بولسا ئىككى نەرسە — شاھمات ئويۇنى ۋە ھىندى تىلىدىكى «پانجاتانترا» نىڭ تەرجىمىسى «كەلىلە ۋە دىمنە» ㉑ دەپ ئاتىلىدىغان كىتابتۇر. ئۇ كىتاب ھىندىستان ئەمەلىي سىياسىي ئەنئەنىسىنىڭ ئامىباپ ئەكس ئەتتۈرۈلىشى بولۇپ، ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ ھېكايە قۇرۇلمىسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان دىئالوگلاردىن تۈزۈلگەن.

8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئابباسىيە خەلىپىسى ئەل مەنسۇرنىڭ مەشھۇر ۋەزىرى ئىبن ئەل مۇقەففا «كەلىلە ۋە دىمنە» ھەم باشقا ئوتتۇرا پارس دەۋرى ئەسەرلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان. ئىبن ئەل مۇقەففا يەنە ئابباسىيلار دۆلىتىنىڭ بيۇكراتىك سىنىپىغا قارىتىلغان ھەم ساسانىيلار پادىشاھلىق ئىدېئولوگىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئورگىنال ئەسەر ئەدەبنامە ( ياكى قائىدە ) نى يازغان. ㉒ تېخىمۇ كۆپ ساسانىيلار دەۋرى ماتېرىياللىرى ئىبن قۇتەيبەنىڭ «كىتابۇل سۇلتان» ( «ھاكىمىيەتنامە» ، ئۇنىڭ «ئۇيۇنۇل ئەخبار» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى قىسمى ) ، ㉓ ۋە ئەل جاھىز㉓ نىڭ دەپ قارالغان «كىتابۇل تاج» ( «تاجنامە» ) غا ئوخشاش 9 ـ ئەسىر پەندىنامىلىرىگە، ۋە ئىران ئاندارز خانلىقى دەۋرىدىكى جاۋىدان خىرەد㉕ كە ئوخشاش تەرجىمە ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۆكۈمرانلار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تەجرىبىسى ۋە نەسىھەتلىرىنى خاتىرىلەپ رىسالە ۋە نەسىھەتنامىلەرنى يازغان. ㉖ 11 ـ ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىدا ھۆكۈمرانلار ئەينىكى ژانىرى دەسلەپتە ئەرەب تىلىدا كېيىن پارس تىلىدا مۇستەقىل ژانىر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئاشۇ ئېقىمغا ماس كېلىدۇ. ئەسەردە ئاپتور گەرچە پارس ـ ئىسلام ئەنئەنىسى بىلەن يەرلىك تۈركىي ئەنئەننى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ، يەنىلا پارس ـ ئىسلام ئەنئەنىسىدىن ناھايىتى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان. مىسالغا ئالساق، ئارمىيە كوماندىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تىزغاندا (2309 ـ 2316 ـ مىسرالار) ، يۈسۈپ مەۋجۇت تۈركىي ئاغزاكى ئەدەبىياتنى مەنبە قىلغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئەمما ئۇ ئەلۋەتتە ئاللىقاچان ئەرەب پەندىنامە ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن بۇ ئەنئەنە ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىران ئاندارزخانلىقى ئەنئەنىسىنىمۇ مەنبە قىلغان. ㉗ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلىدىكى پارسچىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنغان كۆپلىگەن سۆزلەردىن ھۆكۈم قىلغاندا، شۇنىسى مۇمكىنكى، ئەسەرگە بىۋاسىتە ئۈلگە قىلىنغىنى پارسچە «ھۆكۈم-

رانلار ئەينىكى» دۇر. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا شۇنداق ئۆلگىلىك ئەسەر ھىزگە زادىلا يېتىپ كېلەلمىگەن.

ئەڭ دەسلەپكى ئەڭ ۋايىغا يەتكەن پارسچە «ھۆكۈمرانلار ئەينىكى» ژانىرىدىكى ئەسەر «قابۇسنامە» دۇر. ئەسەر زىيارىد خانلىقى سەلجۇقلار تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنىشتىن سەللا بۇرۇن، يەنى 1082 - يىلى شىمالىي ئىراندىكى زىيارىد سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى تەرىپىدىن يېزىلغان. ئەسەردە پادىشاھ ئوغلىغا ئوردا قائىدىلىرى توغرىسىدا؛ شاخمات ئويناش، مۇھەببەتلىشىش، چەۋگان توپ ئويناش، قۇللارنى، ئاتلارنى سېتىۋېلىش ھەم باللارنى تەربىيىلەش ئىشلىرى توغرىسىدا؛ ھەم يەنە قانداق قىلىپ سودىگەر، دوختۇر، مۇنەججىم، شائىر، ئوردا خادىمى، پادىشاھ، دېھقان ۋە سوپى بولۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ. ئەسەر يۇقىرى دەرىجىدە بۇ دۇنيالىق خاھىشقا ئىگە.

پارسچە كلاسسىك «ھۆكۈمرانلار ئەينىكى» نىڭ ئىككىنچىسى «سىياسەتنامە» ياكى «ھاكىمىيەتنامە» بولۇپ، 1090 - يىلى سەلجۇق سۇلتانلىرىنىڭ مەشھۇر ۋەزىرى نىزامۇلمۇلۇك تەرىپىدىن يېزىلغان. ئەسەر خاراكتېر جەھەتتىن مەمۇرىي قوللانما بولۇپ، خانلىقنى قانداق ئىدارە قىلىش ھەققىدە كونكرېت تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاپتورنىڭ ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلگىنى سەلجۇق ئىمپېرىيىسىنى ئىچكى بۆلۈنۈش ۋە ئاجىزلىنىشتىن ساقلاپ قېلىش ۋە ئورتودوكسىيىنى ھەم مۇقىملىقنى كۈچەيتىش بولغان. [28]

ئەڭ ئاخىرىدا بۇ گۇرۇپپىغا تەۋە بولغىنى «نەسىھەتۇل مۇلۇك» («پادىشاھلار ئۈچۈن نەسىھەتنامە») بولۇپ ئەل غەززالى تەرىپىدىن 1111 - يىلى، ۋاپاتىدىن سەللا بۇرۇن يېزىلغان. ئەل غەززالىنىڭ مەقسىدى بەكرەك نەزەرىيىۋى بولۇپ، سۇلتانلىقنىڭ ئېتىكا ۋە دىنىي ئاساسىنى تىكلەش ئىدى. ئەسەرنىڭ ئاساسلىق تېمىسى ئادىل پادىشاھلىق ھاكىمىيەت بىلەن توغرا دىنىنىڭ بىرلا بالىياتقۇدىن تۆرەلگەن قوشماقلار ئىكەنلىكى، ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغانلىقى ئىدى. بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇ بىر يۈرۈش نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئىشلىتىدۇ. بۇ سۆزلەر رېئال سىياسەتچى نىزامۇلمۇلۇك ئالغان نەقىللەر بىلەن ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشاشلىققا ئىگە. ئىككىلا ئاپتور پەيغەمبەرلەر ۋە پېشقەدەم مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلاردىن سىرت، يەنە ئىسلامدىن بۇرۇنقى پادىشاھلار ۋە گرېك، ئىران دانىشمەنلىرى، ئالېكساندىر، خۇسراۋ ئادىل ھەم باشقىلارغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. [29]

«قۇتادغۇبىلىك» گەرچە بۇ ئۈچ پارسچە «ئەينەك» تىن بۇرۇن يېزىلغان بولسىمۇ ھەم نەزەر دائىرىسى، شەكلىنىڭ ئورگىناللىقى، بەدىئىي سۈپىتى جەھەتتىن ئومۇمەن بۇ ئەسەرلەردىن ئۈستۈن تۇرسىمۇ، لېكىن ئەسەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇنتۇپ كېتىلگەن. پارسچە «ئەينەك» لەر بولسا داۋاملىق ئوقۇلغان ھەم تەقلىد قىلىنغان.

11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسلام «ئەينەك» يازمىلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا، ھەم كېيىن تۈركىي تىلدا بۇ خىل ژانىر كەڭ ئومۇملاشتى. [30]

(داۋامى بار)

(ئەكبەر ئەمەت: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىدىن)

# قاراخانىيلار[1]

## ئومەلژان پىرتساك (گېرمانىيە)

### تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۈمەن

سامانىيلار نامىغا غەزنە ۋالىيسى سەبۇق تېكىن ۋاستىسى بىلەن تۈزۈلگەن بۇ شەرتنامىدە سىر دەريا رايونىنى سامانىيلارغا، قەتۋان چۆلىگە قەدەر رايونلارنى قاراخانىيلارغا بېرىدىغان، فائىق سەمەرقەند ۋالىيسى بولۇدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئەممـا يوقىرىقـى ئىش، يەنى مىلادىيە 997 ـ يىلى بۇخاراغا قىلىدىغان يۈرۈش فائىقنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكى تۈپەيلىدىن ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولسىمۇ ناسىر بىننى ئەلى مىلادىيە 999 ـ يىلى يېڭى بىر تەشەببۇستا بولدى. لېكىن بۇ قېتىم ھارۇن بىننى سۇلايماننىڭ 992 ـ يىلىدىكى ئىشىغا ئوخشاش پۈتۈن ماۋەرائۇننەھىردىكى ئالىملارنى ئۆزىگە قاراتقان. 999 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سامانىيلار پايتەختى ئىشغال قىلىنغان. شۇنداقلا سۇلالىنىڭ پۈتۈن پۇقرالىرىنى دېگۈدەكلا ئۆز كەنتىگە كۆچۈرۈپ، ئۇ يەرلەرنى ئەمىنلىك قوينىغا ئالغان. ناسىر بىننى ئەلى بۇخارادا تۇرماي ماۋەرائۇننەھىردە ۋالىيلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ (بۇخارادا جەفەر تېكىن، چاغرى تېكىن ئۇنۋانىنى ئالغان.) ئۆز كەنتىگە قايتتى. بۇنداق ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان يىللاردا (مىلادىيە 1004 ـ 1000 ـ يىللىرى)، قاماقتىن قېچىپ قۇتۇلغان سامانىيلاردىن بولغان ئىسمائىل مونتەسىر ئۆز دۆلىتىنى قايتىدىن قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، بەزى ئوخشىمىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ يېڭى كەنتىدىكى ئوغۇزلارنىڭ يابغۇسى ئەلى بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقى ئۇنى مەغلۇبىيەتتىن ۋە ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمىدى. بۇ ئارىلىقتا سەبۇق تېكىننىڭ ئورنىغا چىققان ئوغلى مەھمۇد غەزنەۋى قاراخانىيلار بىلەن «قورچاق ئىتتىپاقى»نى بارلىققا كەلتۈرۈشكە كېلىشكەن. ئۇنىڭ ئەلچىلىرى (ئەبۇ تەييىب ساھىل بىننى مۇھەممەد سەلۇكى ۋە ئوردا ۋەزىرى توغانچىك) مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ناسىر بىننى ئەلى بىلەن يېڭى شەرتنامە تۈزۈشكەن، يەنى ھەر ئىككى دۆلەت چېگرىسى ھارۇن بىننى سۇلايمان ۋە ئەبۇ ئەلى بىلەن تۈزۈشكەن شەرتنامىگە ئوخشاش ئامۇ دەرياسىنى چېگرا قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا مەھمۇد غەزنەۋى 1001 ـ يىلى ناسىر بىننى ئەلىنىڭ قىزلىرىدىن بىرىگە ئۆيلەندى. ئەمما ناسىر سامانىيلارنىڭ پۈتۈن زېمىنىغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ مەھمۇدنىڭ ھىندىستان بىلەن بولۇپ كەتكەنلىك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ خۇراسانغا ئىككى قوشۇن ئەۋەتتى. بۇلاردىن بىرى سۇباش تېكىن باشچىلىقىدا (كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئەلى تېكىنمۇ قانداق؟!) نىشاپۇر ۋە تۇسقا، ئىككىنچىسى جەفەر تېكىن قوماندانلىقىدا بەلخكە يۈرۈش قىلدى. بىراق بۇ قوشۇنلار مەھمۇد ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ناسىر تەرىپىدىن مەغلۇپ

---

① بېشى ئالدىنقى ساندا.

www.uyghurkitap.com

قىلىندى. ئەمدى ناسىر بىننى ئەلى ئۆزىنىڭ باش قاغانى — ھازىرغا قەدەر خوتەننى پۈتۈنلەي ھاكىمىيەت ئاستىغا ئېلىپ ئۇ يەرنى ئىسلاملاشتۇرۇش بىلەن بولۇۋاتقان شەرق قاغانى يۈسۈپ بىننى ھارۇن (قادىرخان) دىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى. بۇ بىرلەشمە قوشۇن بەلخ ئۇرۇشىدا مەھمۇدنىڭ جەڭ پىللىرى بىلەن ئاتلانغان قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. بۇ ئەينى زاماندا خۇراساننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قاراخانىيلار تەرىپىدىن ئاخىرقى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان چوڭ يۈرۈش ئىدى. بۇ مەغلۇبىيەت خاندانلىق ئارىسىدا بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. ناسىر بىننى ئەلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلماقچى بولدى. (مىلادىيە 1010/1011 ـ يىللىرىدا پەرغانە، بۇخارا سەمەرقەند، ئۇش، تۈنكاس قاتارلىق جايلاردا بېسىلغان پۇللاردا چوڭ قاغاننىڭ ئىسمى كۆرۈنمەيدۇ.) چوڭ قاغان ئەھمەد بىننى ئەلى (گەردىزىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1004 ـ يىلدا بۇددىستلارغا قارشى ئاخىرقى ئۇرۇشقا قاتناشقان) قېرىندىشى ناسىرغا قارشى مەھمۇد بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ناسىر ھىجرىيە 402 ـ يىلى (مىلادىيە 1011/1012 ـ يىلى) قىشتا قەشقەرگە قوشۇن تارتىپ كەلگەن بولسىمۇ، قار توسۇۋالغانلىقتىن بۇ قېتىمقى ئۇرۇش نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى. كېيىن ھەر ئىككى قېرىنداش ئارىلىرىدىكى چۈشىنىكسىزلىكلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن مەھمۇدقا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. مەھمۇد غەزنەۋى بۇ تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە ئوردىسىنى ھەشەمەتلىك بېزەپ، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا ئالاھىدە تۇتۇندى. ناسىر بىننى ئەلىگ ھىجرىيە 403 ـ يىلى (مىلادىيە 1012/1013 ـ يىللىرى) تەختكە چىققان. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولدى. بەيھاكى (مۇرلەي نەشرى، 838 ـ بەت) نىڭ «خان بىلەن ئەلىگ» ئارىسىدا ئۆزكەنت دەرۋازىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ۋەقەسى ۋە خارەزىم شاھ مەئمۇننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۈلھە توغرىسىدىكى ئومۇمىي مەلۇماتى مۇشۇ زامانغا ئاتالغان. دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنى پەقەت پۇللارنىڭ ياردىمى ئارقىلىقلا ئېنىقلاش مۇمكىن. قارا ئوردۇ (بالاساغۇن) دا بېسىلغان پۇللارغا قارىغاندا، ھىجرىيە 406 ـ يىلى (مىلادىيە 1015/1016 ـ يىللىرى) دىن ئېتىبارەن يېڭى بۈيۈك قاغاننىڭ ئارسلان ئىلىگ مەنسۇر بىننى ئەلى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇنىڭدىن مەنسۇر بىننى ئەلىنىڭ ئۆزىنى بۈيۈك قاغان دەپ ئېلان قىلىپ، دۆلەتنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلغانلىقىنى ۋە بۇ رايوندا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىنىسىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. پۇللاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھىجرىيە 407 ـ يىلى (مىلادىيە 1016/1017 ـ يىللىرى) ئۆزكەنت، تىراز، تونكاس، خوجەند ۋىلايەتلىرىدە چوڭ قاغان نامى بىلەن تۆتىنچى ئىنىسى مۇھەممەد بىننى ئەلى ئىنال تېكىن (ئارسلان ئىلىگ) نىڭ ئورنىغا چىقتى. ھوقۇقنى مەجبۇرى ئىگىلىۋالغانلار ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىگە قارشى ئەھمەد بىننى ئەلى ھەرىكەتكە ئۆتتى. بۇلاردىن شۇنى قىياس قىلىش مۇمكىنكى، شەرق قاغانى يۈسۈپ (قادىرخان) بىلەن ئەلى تېكىن ئۇنىڭغا سادىقلىقىنى بىلدۈرگەن. يۈسۈپنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ياكى بارمىغانلىقىنى بىلمەيمىز، ئەمما بەزى مەنبەلەردە (ئىنبۇل ئەسىر 9 ـ جىلد، 323 ـ بەت) بېرىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەلى تېكىن بۇ ئارىدا مەنسۇر بىننى ئەلىگە ئەسىرگە چۈشكەن. خارەزىم شاھ مەئمۇن پۇرسەت تاپسىلا خارەزىمنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقان غەزنەۋىيلەرگە قارشى قاراخانىيلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش تەرەپدارى

بولدى ۋە مەنسۇر بىننى ئەلى ۋە مەھمۇد بىننى ئەلىلەر بىلەن سۆھبەتتە بولدى. شۇڭا بۇلار ھەربىي ـ سىياسىي ئىتتىپاقتا بەكلا موھتاج ئىدى ۋە خارەزىم بىلەن غەزنە ئارىسىدا مۇگەييەن ئارىلىق ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سۈلھە تۈزگەن بولسىمۇ، سۈلھە ناھايىتى قىسقا داۋام قىلدى. مەھمۇد ئاخىرى ھىجرىيە 407 ـ يىلى (مىلادىيە 1016/1017 ـ يىللىرى) دا خارەزىم شاھقا قارشى ئاتلاندى ۋە مەئمۇن ئۆلگەندىن كېيىن بۇ مەملىكەتنى ئىشغال قىلدى. قاراخانىيلار بۇ ۋەزىيەتنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مەنبەلەردە (ئەل ئۇتبى I توم، 1 ـ جىلد، 220 ـ بەت، ئىبنۇل ئەسىر 9 ـ جىلد 209 ـ، 210 ـ بەت) ھىجرىيە 408 ـ يىلى (مىلادىيە 1017/1018 يىللىرى) دا غەيرى دىندىكى 100 مىڭ چېدىردىن كۆپرەك كۆچمەن (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىتانلار بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن) نىڭ يەتتىسۇغا كىرگەنلىكى كۆرسىتىلگەن، بالاساغۇنغا سەككىز كۈنلۈك يەرگىچە يېقىنلىشىپ كەلگەن ۋاقىتىدا ئەھمەد بىننى ئەلى ئۆيىدىن چىقىپ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قارشى كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان. بۈيۈك قاغان ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ۋاپات بولغان.

ئەھمەد بىننى ئەلىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يۈسۈپ قادىرخان چوڭ قاغان بولۇپ، ئەبۇل مۇزەففەر مەنسۇر بىننى ئەلى بىلەن تۇتۇشماقچى بولدى. يۈسۈپ قادىرخان بۇ ئورۇنغا ـ شەرق قاغانى بولۇشقا ھەقىقەتەن مۇناسىپ ئىدى. مەنسۇر بىننى ئەلى بولسا ھىجرىيە 406 ـ (مىلادىيە 1015 /1016 ـ يىللار) يىلىغا قەدەر پەقەت ئارسلان ئىلىگ ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن يۈسۈپكە قارشى ياردەم سوراش ئۈچۈن مەھمۇد غەزنەۋىيگە باش ئۇردى. سۇلتان مەھمۇد يولغا چىقىپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا كەلگەن يېرىگە قايتتى. روھى چۈشكەن يۈسۈپ، مەنسۇر بىلەن سۆھبەتكە كىرىشتى ۋە مەھمۇد غەزنەۋىيگە قارشى ئىتتىپاق تۈزدى. مەنسۇر بىننى ئەلى بىلەن يۈسۈپ بىننى ھارۇن ئەپلەشكەندىن كېيىن بېسىلغان پۇللارغا قارىغاندا، ئۇ ۋاقىتتىكى ئىسپىجاپ ۋە ئىتلوھ بەگلىرىنىڭ پۇللىرىدا دۆلەتنىڭ ئىككىلا بۈيۈك قاغانى مەنسۇر بىننى ئەلى (ئارسلانخان) ۋە يۈسۈپ بىننى ھارۇن نەسرۇددەۋلە ياكى مەلىكۇل مەشرىق ئۇنۋانى بىلەن تىلغا ئېلىنغان. قاراخانىلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى خوراسانغا يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بەلخ ئەتراپىدا مەغلۇپ بولدى. ھىجرىيە 410 ـ يىلى (مىلادىيە 1019/1020 ـ يىللىرى) دىكى بۇ ۋەقە ھەققىدە يۈسۈپ ئىبنۇل ئەسىر ئۆز ئەسىرىدە (9 ـ جىلد، 210 ـ بەت) سۆزلەپ ئۆتكىنىدەك مەھمۇد بىلەن يارىشىشقا مەجبۇر بولدى. ئارسلان ئىلىگ ئەبۇ مەنسۇر مۇھەممەد بىننى ئەلى (لەقەبى سانائۇددەۋلە) كۆپ تىرىشچانلىق بىلەن دۆلەتنى ئەڭ قۇدرەتلىك ھالەتكە كەلتۈردى. ئۇ ۋاقىتتا دۆلەت دائىرىسىگە تىراز، شاش، ئىلاق (مىڭلاق)، تونكاس، بىنكاس، سەمەرقەند، بۇخارا، ئۇسرۇشنا، خوجەند، فەرغانە ۋە ئۆزكەنتلەر كىرگەن. ھىجرىيە 409 ـ يىلى (مىلادىيە 1018/1019 ـ يىللىرى) دا ئارسلان ئەھمەد بىننى ئەل ھەسەن (ئەلى تېكىن، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئىنىسى) ئارسلان ئىلىگ ئۇنۋانىنى قوللىنىپ، تىراز بىلەن ئىلگىرى ئارسلان ئىلىگنىڭ پايتەختى بولغان ئۆزكەنتنى قولغا كىرگۈزۈپ ھىجرىيە 410 ـ يىلى (مىلادىيە 1019/1020 ـ يىللار) ئاخسىكەندنى ئىشغال قىلغان. بۇ ۋاقىتتا ئەلى تېكىن (ئەلى بىننى ئەل ھەسەن، لەقەبى «باھاۋۇد دەۋلە»، «قوتبۇد دەۋلە» ۋە «نەسرۇل مىللىيە» ۋە «ئارزۇئۇددىن») مەنسۇر بىننى ئەلىنىڭ قولىدىن ئۇچۇشلۇق ھالدا قۇتۇلۇپ، ئىسرائىل (ئارسلان) بىننى سەلجۇق بىلەن بىرلىشىپ،

www.uyghurkitap.com



بۇخارانى ئىگىلىدى ۋە ھىجرىيە 411 ـ يىلى (مىلادىيە 1020/1021 ـ يىللىرى) مۇھەممەد ھىنىنى ئەلىنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەلى بىننى ئەل ھۇسەن يىغان تېكىن نامى بىلەن بۇخارادا تەختكە ئولتۇرۇپ، ھۆكۈمرانلىقىنى ماۋەرائۇننەھرنىڭ باشقا قىسىملىرىغا يەتكۈزدى ۋە قېرىندىشى ئەھمەد بىننى ئەلى ئەل ھەسەننى ئىلىگ خان دەپ ئېلان قىلىپ، مەنسۇر بىننى ئەلىنى ئۇلۇغ قاغان دەپ تونىدى. ئۇنىڭ بىلەن مەنسۇر ئارىسىدا ھېچقانداق شەكىلدىكى چۇشىنىش ۋە ئەپۇ قىلىشلار بولمىغان. مەنسۇر بىننى ئەلى ناھايىتى تەقۋادار سۇفى كىشى بولۇپ، ھىجرىيە 415 ـ يىلى (مىلادىيە 102 ـ 1024 ـ يىللىرى) شاھلىق تەختتىن ۋاز كېچىپ دەرۋىش بولىۋالدى (مۇنەججىم باشى I جىلد 511 ـ بەت) ھەمدە 27 يىلدىن بېرى شەرق قاغانى يۇسۇپ بىننى ھارۇن (ئەل ھەسەن) نى ئۆزىنىڭ ئورنىغا قاغان قىلدى. ئۇ ھىجرىيە 424 ـ 415 ـ يىللىرىغىچە ئۇلۇغ قاغان (چوڭ) ئۇنۋانى بىلەن ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، «ناسىرۇلمىللىيە»، «ناسىرۇددىن» «ناسىرۇلھەقىق»، «مەلىكۇل مەشرىق» دېگەن لەقەبلەر بىلەن مەشھۇر بولدى. ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى ئەھمەد ۋە ئەلى يۇسۇپ بىننى ھارۇنغا قارشى ئۆزئارا بىرلەشتى. ئەبۇل مۇزەففەر ئەھمەد بىننى ئەل ھەسەن (لەقەبى مۇزىئۇد دەۋلە، جالالۇد دەۋلە) ئۆزىنى چوڭ قاغان دەپ ئېلان قىلدى. ئىسلام مەنبەلىرىدە ئۇ تېكەخان، توغانخان ياكى تانغاچخان ئۇنۋانى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەلى بىننى ئەل ھەسەن ئارسلان ئىلىگ بولدى. ئەھمەد بالاساغۇن، خوجەند، ئاخسىكەند، فەرغانە ۋە ئۆزكەنتنى ئىشغال قىلدى. يۇسۇپ قايتىدىن مەھمۇد غەزنەۋى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

مەھمۇد يېڭى قوشنىسى ئارسلان ئىلىگ بىننى ئەل ھەسەنگە بىر مەكتۇپ ئەۋەتكەن. مەكتۇبنىڭ يېتىپ كېلىشى يۇسۇپكە تېخىمۇ زور قوللايلىقنى يارىتىپ بەرگەن. مەھمۇد غەزنەۋى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سەمەرقەندكە يېقىنلاپ كەلگەن. ماۋەرائۇننەھردە يۇسۇپ بىلەن مەھمۇد غەزنەۋى ئىككىنچى قېتىم شەرتنامە تۈزۈشكەن. بۇ شەرتنامە گەردىزى (نازىم نەشرى، 81 ـ 84 ـ بەتلەر) نىڭ ئەسىرىدە تولۇق خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە ئولپان تاپشۇرۇشتىن باشقا، ماۋەرائۇننەھر ئەلى تېكىندىن تارتىۋېلىنىپ، يۇسۇپنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بېگان تېكىن مۇھەممەد بىننى يۇسۇپكە بېرىش قارار قىلىنىدى. يەنە ئىككى خانىدانلىق ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا قۇدىلىشىش ئىشلىرىمۇ قارارلاشتۇرۇلدى. مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ مەھمۇدنىڭ قىزى زەينەپ بىلەن، مەھمۇدنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەد بىننى مەھمۇد يۇسۇپنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدى. ئىلگىرى مەھمۇد ئەلى تېكىننىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئىسرائىل بىننى سەلجۇقنى تۈركمەنلەرگە قارشى ھەرىكەتلەردە ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ ھىندىستانغا ئەۋەتتى. ئەلى تېكىن بۇخارا ۋە سەمەرقەندنى تاشلاپ يايلاققا قاراپ قاچتى. مەھمۇدنىڭ ۋەزىرى بىلگەتېكىن ئۇنىڭ تەختىنى ئىگىلەپ، خوتۇنى ۋە ئۇنىڭ قىزىنى ئەسىرگە ئالدى. بۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قىلچىمۇ نەزەرگە ئالماي بەلخدىن غەزنىگە ئاتلاندى. لېكىن ئۇ ئەلى تېكىننى تۈپ يىلتىزدىن يوقۇتۇۋېتىشنى تازا خالىمايتتى.

ئەلى تېكىن بۇخارا ۋە سەمەرقەندكە قايتتى. مەھمۇد پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھوتتال ساغانىيان، قوبازىيان ۋە تىرمىز، بەلخكە يېقىن رايونلارنىڭ ئۆز دۆلىتى بىلەن تېخىمۇ قويۇق ئالاقىدە بولۇشى ئۈچۈن تىرىشتى. بۇ رايونلارنىڭ قولغا كىرىشى خارەزىم ئۈستىدىكى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىدى ھەمدە مەھمۇدنىڭ قەدىمكى سامانىي دۆلىتىنىڭ زېمىنلىرىغا ھاكىم ئەۋەتىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن خەلىپە ۋە قاراخانىيلار بىلەن

بولغان مۇناسىۋەتنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر شەرتنامە تۈزدى. مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ زەينەپ بىلەن توي قىلماق ئۈچۈن بەلخكە كەلگەندە ئۇنىڭ تەلىپى رەت قىلىندى. مەھمۇد ئۆز دۈشمەنلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش كويىدا بولىۋاتاتتى. يۈسۈپ قادىرخان بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ تەلىپى ئوڭدىن كېلىپ، 1026 ـ 1025 ـ يىللىرى ئۆز كەنتنى ئىشغال قىلىپ، مىلادىيە 1026/1027 ـ يىللىرى پايتەخت بالاساغۇننى ئىگىلەشكە مۇۋەپپەق بولدى. نەتىجىدە ئەھمەد بىننى ئەل ھەسەن ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ (بۇنى شۇ ۋاقىتلاردا بېسىلغان پۇللاردىن كۆرۈشكە بولىدۇ) يۈسۈپنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى. بەيھاكىنىڭ ھاشىيەسى بۇ سۈلھە نەتىجىگە ئېرىشكەن ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. مىلادىيە 1031 ـ يىلى باھاردا مەنسۇر بىننى مەھمۇدنىڭ تەختكە چىققانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئەبۇلقاسىم ئىبراھىم بىننى ئابدۇللاھ ھۇسەيرى ۋە قازى ئەبۇتاھىر ئابدۇللاھ بىننى ئەھمەد تابانىلارنىڭ باشچىلىقىدا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى غەزنىدىن قەشقەرگە كەلدى. ئۇلار ئىككى خانلىق ئارىسىدا يېڭىدىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش توغرىسىدا كېڭەشتى. مەنسۇرنىڭ ئارزۇسى قادىرخاننىڭ قىزى شاھ خاتۇننى ئۆز ئەمرىگە ئېلىش ۋە ئوغلى مەۋدۇدقا بۇغرا تېكىن سۇلايمان بىننى يۈسۈپنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىش ئىدى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا مەسئۇد خەلىپىنىڭ قاراخانىيلار بىلەن بولىدىغان كېڭىشىنىڭ پەقەت غەزنەۋىيلەر ئارقىلىقلا بولىدۇ، دېگەن سۆزىنى خاتا چۈشەنگەن. يۈسۈپ قادىرخان غەزنەۋىيلەرنىڭ ئۇلۇغ قاغانلىق مەسىلىسىدە خارەزمگە مايىل بولغانلىقتىن غەزنەۋىيلەرنىڭ ئەلچىسى قەشقەردە ياخشى قارشى ئېلىنغان. يۈسۈپ مىلادىيە 1032 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ۋاپات بولغان ۋە قەشقەردىكى خاقانلار قەبرىستانلىقىغا دەپن قىلىنغان. دۆلەت ھوقۇقى ھىجرىيە 423 ـ يىلى دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئوغۇللىرىدىن سۇلايمان بىننى يۈسۈپ (ئارسلانخان) بىلەن مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ (بۇغراخان) نىڭ قولىغا ئۆتتى. مەنسۇرنىڭ مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەۋەتكەن ئىككىنچى قېتىملىق ئەلچىلىرى ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىدى. شاھ خاتۇن غەزنىگە كەلگەن ۋە بۇ يەردە ناھايىتى كاتتا قارشى ئېلىنغان. ئەمما مەۋدۇد تويلاشماقچى بولغان قىز يولدا ۋاپات بولغان. بۇ قېتىم مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ (بۇغراخان) غەزنىگە ئۆزىنىڭ نىشانىنى (ئالماقچى بولغان قىز زەينەپنى) ئالماق ئۈچۈن يېڭىدىن ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق ھېچقانداق نەتىجە چىقمىغان. چۈنكى مەسئۇد زەينەپنىڭ خوتۇن سۈپىتى بىلەن غەزنەۋىيلەر مىراسىنىڭ بىر قىسمىغا ئىگە بولۇش تەمەسىدە بولۇۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇھەممەد بىلەن ئەپلەشمەكچى بولۇپ سۇلايمان بىننى يۈسۈپ (ئارسلانخان) نىڭ ۋاسىتىچى بولۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى ۋە قاراخانىيلارغا يەنە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ناھايىتى تەجرىبىلىك خاتىپ ئىمام ئەبۇ سادىق تابانى ئىدى. بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى مەسئۇد بىلەن ئىككى ئاكا ـ ئۇكا ئوتتۇرىسىدا يېڭى بىر شەرتنامە تۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولدى.

(داۋامى بار)

(تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۈمەن: شىنجاڭ كوسەن مىڭئۆي تەتقىقات ئورنىدىن)

www.uyghurkitap.com

# قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئاياللار ۋە ئائىلە ھوقۇقى①

نەجدەت سەۋىنچ

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ۋەلى كېرىم كۆكئالپ

## قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئاياللار ۋە ئائىلە ھوقۇقى

قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئاياللارغا بەرگەن يۇقىرى ئورۇننى ھېچبىر خەلق بەرمىگىنىدەك، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىلىرىمۇ ئىسلام ئەخلاقىغا ئاساس بولغان بولۇپ، بۇنداق ئەخلاق چۈشەنچىسىمۇ ھېچبىر خەلقتە ئۇچرىمايدۇ.

ھوقۇق بىر مىللەتنىڭ مىللىي ھاياتىدا ئېرىشكەن ۋە ئۇ مىللەتنىڭ مىللىي غۇرۇر ۋە ۋىجدانىنىڭ ئورتاق مەھسۇلى بولغان پەۋقۇلئاددە تۈيغۇ سىستېمىسى بولغىنىغا قارىغاندا، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ھوقۇقىمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي غۇرۇر ۋە ۋىجدانىنىڭ ئورتاق مەھسۇلىدۇر. ئۇ ھالدا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ھوقۇقىنى داستانلار دەۋرىدىن بېرى چۈشەندۈرۈپ كەلگىنىمىزدەك، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مىللىي ھاياتىدىن مەنبەلەشكەن، خەلق، دۆلەت، ئايال، ئائىلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولساق، بۇ تېمىنى يورۇتۇپ بەرگەن بولىمىز. تۈركىي تىللىق خەلقلەر چۈشەنچىسىنى، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ھايات ۋە ئەخلاق تەپەككۇرىنى شەكىللەندۈرگەن بۇ تېمىنى تەتقىقاتىمىزنىڭ بۇ يەرگىچە بولغان قىسمىدا ۋە بۇندىن كېيىنكى قىسمىدا② چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تىرىشىمىز.

بۇ بۆلۈمدە قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ھوقۇق ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ۋە بۇنىڭ مەنبەسىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىشقا تىرىشىمىز.

ئىسلامدىن ئىلگىرىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئاياللار باشقا خەلقلەردىكىدەك بېسىم ئاستىدا تۇتۇلمىغان، خورلانمىغان، تۆۋەن كۆرۈلمىگەنىدى. تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئاياللارغا بارلىق ھۆرمىتى ۋە ئاياللارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا «ئايالباشى»③نامىنى بېرىش ئارقىلىق مۇكەممەل شەكىلدە ئىزاھلىغان. تۇرپان خارابىلىرىدىن تېپىلغان بىر ئۇيغۇر قوشىقىدا ئەخلاقلىق ئاياللارنىڭ ئالدىدا باش ئېگىش پىكرىنى مۇنداق مەدھىيىلەيدۇ:

«ئەيىپسىز خوتۇنغا ئەر،
بويىنىنى ئەگمەك كېرەك.

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.
② نەجدەت سەۋىنچ: «تۈركلەرنىڭ ئىسلامىيەتكە ئۆتۈشىنى ئاسانلاشتۇرغان سەۋەبلەر»، 6 ـ بەت.
③ ئابدۇقادىر ئىنان: «ساكاي تۈركلىرى» (ئاباقانلار)، 50 ـ بەت.

بۇنداق دۇرۇس ئىنسان بىلەن،
تىرىكلىك قىلماق كېرەك.
ھەقىقەتەن بولسا دۇرۇس،
ئاڭا جان بەرمەك كېرەك،
ھەقىقەتتۇر بۇ ئەبەدىي،
يەنە نە دېمەك كېرەك.»①

ئەيىپسىز خوتۇننىڭ ئالدىدا باش ئېگىش ۋە ئۇنىڭغا جان بېرىش كېرەكلىكىنى ئىپادىلىگەن بۇ قەدىمكى ۋە تېپىك تۈركىي تىللىق خەلقلەر بەلگىسىنى باشقا بىر مەنبەمۇ تولۇقلايدۇ. تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى ئاياللار ئۆزلىرىنى ئەيىپسىزلىكى، ئەرلىرىگە بولغان ساداقىتى، ياخشى جورا ۋە ئۆي ئايالى بولۇش بىلەن ئىسپاتلايتتى.② ئەمما جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەردە ئايالنىڭ ئېرى ئالدىدىكى قىممىتى ئۆزىنىڭ مۈلكىدە بولغان ماللارنىڭ قىممىتىنىمۇ تۆۋەن ئىدى. ئەرەب ئەرلىرى شۇ زامانلاردا ئادەت بويىچە ئاياللار بىلەن بىر ئورۇندا ئولتۇرمايتتى، ئاياللار بىلەن بىرگە تائام يېمەيتتى، ھەتتا بەزەن ئادەت كۆرگەن ئاياللارنى ۋاقىتلىق ئۆيدىن تالاغا چىقارمايتتى.③ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەرەب ئاياللىرى ۋارىسلىق قىلالمايتتى، يەنى مىراس ئېلىش ھەققىگىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى.④ ئەنگلىيەدە بولسا 11 - ئەسىرگە قەدەر، ئەرلەر ئاياللىرىنى سېتىۋېتەلەيتتى. ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا تۇنجى گۇناھنى قىلىپ قويغاچقا، ئۇلار بۇ گۇناھنىڭ ئىنسانلارنى پالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا سەۋەب بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن، ھەۋۋا ئانا بىر ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن خىرىستىيانلار ئايالغا دائىما شەيتان كۆزىدە قارايتتى. ئايال پاسكىنا مەخلۇق سانالغانلىقى، ئۇلار ئەنگلىيەدە ئاياللارنىڭ ئىنجىلغا قول تەگكۈزۈشىگە بولمايتتى. ئاياللار ئىنجىل ئوقۇش ھوقۇقىغا پەقەت ھېنرى VIII دەۋرىدە (1509 - 1547) ئېرىشكەنىدى.⑤ بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا، گېرمانىيەدە ئايالنىڭ باللىسىنى ئېمىتىش ۋاقتىنى ئەر تەيىن قىلىپ بېرەتتى. ئەنگلىيەدە 1788 - يىلىغا قەدەر ئايال ئېرىنىڭ مەيلى ھەقلىق ياكى ناھەق بولسۇن، نېمە دېسە شۇنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئىنگلىز ئېپىسكوپى دوئۇر 1888 - يىلىدا ۋېستمىنىستېر چېركاۋىدا خۇتبە ئوقۇغاندا شۇنداق دېگەن:

«بۇندىن يۈز يىل ئىلگىرىكىچە ئاياللار ئەرلەرنىڭ داستىخىنىدا ئولتۇرۇش ھەققىگە ئىگە بولمىغىنىدەك، ئۆزى ئۈچراتقان سورۇقچىلىقلار ھەققىدە سۆز ئېچىشىمۇ جائىز ئەمەس ئىدى. ئېرى دائىم يوغان بىر كالتەك ئېسىۋالاتتىكى، ئايالى قاچان ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىسا ئۇنىڭ بىلەن ئۇراتتى. ئايالنىڭ سۆزى قىزلىرىغىمۇ ئۆتمەيتتى. ئوغۇل باللار بولسا ئانىلىرىغا ئۆي ئىچىدە بىر خىزمەتچى ئايالغا مۇئامىلە قىلغاندىن ئارتۇق مۇئامىلە قىلمايتتى.»⑥

قەدىمكى جۇڭگودا ئايال ئەرگە قىز مېلى بەرمىگەن بولسا، ئوغرىلىق قىلسا، زىنا قىلسا ۋە ئېرىنى كۆتۈشكە بىپەرۋا بولسا، ئېرى ئايالىنى قويۇۋېتەتتى. ئەر ئايالدىن ئۇڭايلا

---

① رەشىد رەھمەتى ئارات: «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى»، 266 - بەت.
② «ماركوپولو ساياھەتنامىسى»، 64 - بەت. مەھمۇد كاشغەرى ئەخلاقلىق بولۇشنى «گۈزەللىك، مۇيۇملۇكلۇك، تاتلىقلىق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، سۆزىنى يەردە قويماسلىق، سادda، يېگىتلىك، مەردلىك» شەكلىدە يەكۈنلىگەن. «دىۋان»، 1 - توم، 364 - بەت.
③ نەشەت چاغاتاي: «ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەرەب تارىخى ۋە جاھىلىيەت دەۋرى»، 121 - بەت.
④ نەشەت چاغاتاي: «ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەرەب تارىخى ۋە جاھىلىيەت دەۋرى»، 121 - بەت.
⑤ م. رائىف ئوغان: «ئىسلام ھوقۇقى»، 71 - بەت.
⑥ ئابدۇلئەزىز: «ئانگلىكان چېركاۋىغا جاۋاب»، 166 - 167 - بەتلەر.

قوتۇلغىنىنىڭ ئەكسىچە، بۇ چاغدا ئايالنىڭ ھېچقانچە سۆز قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى، بۇنداق ئايال باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيتتى. ھالبۇكى، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بۇ ھەق ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئورتاق ھەق ئىدى.①

قەدىمكى ھىندى ھوقۇقىدىمۇ ئايالنىڭ مىراس ھەققى يوق ئىدى، ئايال ئۆيدە ئېرىنىڭ ئەسىرى ئىدى. ھىندى چۈشەنچىلىرىگە قارىغاندا، «مونرو قانۇنى» ئاياللارنى بالىلىقىدا ئاتىسىغا، ياشلىقىدا ئېرىگە، ئېرىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنمۇ ئوغلىغا ۋە ياكى ئېرىنىڭ قېرىنداشلىرىدىن بىر ئەرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلاتتى.②بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامۇنى دەسلەپكى چاغلاردا ئاياللارنى بۇ دىنغا قوبۇل قىلمىغانىدى. پەقەت يېقىن ئاغىنىسى ۋە تاغىسى بولغان ئانەندا ئۇنىڭدىن ئاياللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

— سەن ئۇلارغا قارىمىغايسەن.

— ئەمما قاراشقا مەجبۇر بولساقچۇ؟

— ئۇلار بىلەن سۆزلەشمىگەيسەن.

— سۆزلىششكە مەجبۇر بولۇپ قالساقچۇ؟

— ئۇنداق بولسا ئۇلاردىن ئامالىنىڭ بارىچە ساقلانغايسەن.

ساكيامونى ئانەنداننىڭ سىر ساقلىشى بىلەن ئاياللارنى دىنغا قوبۇل قىلغان، بۇنىڭ ئەكسىچە ئانەنداغا: «ئاياللارنى دىنغا قوبۇل قىلمىغان بولساق، بۇددىزم ساپ بىر شەكىلدە ئۇزاق ئەسىرلەر داۋام قىلغان بولاتتى. ئەمما ئاياللار ئارىمىزغا كىرگەندىن كېيىن بۇ دىنىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ياشىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنەلمەيمەن» دېگەن ئىدى.③

جىنسىيەت ئايرىمىسى ھېچقاچان چەكلەنمىگەن قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئاياللار ھوقۇق جەھەتتىن ئەرلەر بىلەن تەپتەڭ ئىدى.④ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئاياللىرى ئەرلەر بىلەن تەڭ پۇتبول، گولف توپ ۋە چەۋگانغا ئوخشايدىغان بەزى توپ ئويۇنلىرىنى ئوينايتتى.⑤

قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئاياللىرى رۇم ئاياللىرىدىنمۇ كۆپ ھەق ۋە ھوقۇقلارغا ئىگە ئىدى.⑥رۇمدا ئاياللارنىڭ ھوقۇق جەھەتتىن بەزى ھەقلىرىگە چەك قويۇلغانىدى. ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىگە تولۇق ئىگە بولالمايتتى. ۋەسىيەت قالدۇرالمايتتى. رۇم ھوقۇقى ئاياللارنى پۇقرالىقا قوبۇل قىلمايتتى.⑦رۇمدا ئاياللار ئۆز تويلۇقلىرىنىمۇ باشقۇرالمايتتى. تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بولسا ئاياللار تويلۇقلىرىنى ۋە يىگىتنىڭ يۈز كۆرۈشۈش سوۋغىسىنى تىلىگىنىدەك باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.⑧ھەتتا بىر زامان رۇمدا تويلۇقسىز توي قىلىش قانۇنلاشتۇرۇلغان، بۇنداق قىلىش تويىنىڭ ھەشەمەتىنى بىراقلا يوق قىلغان، تويلۇقسىز توي قىلىش بالىلارنى غەيرىي يوللار بىلەن تېپىپ قويۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.⑨ چۈنكى، رۇم ھوقۇقى ئايالنى بالىدەك كەم ئەقىل دەپ بىلەتتى. روھانىيلارمۇ ئاياللارنىڭ

---

① ئۆزكان ئىزگى: «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۈركلەردە ئاياللار»، 159 ـ بەت.
② بەكىر توبالئوغلۇ، يۇقىرىقى ئەسەر، 12 ـ بەت.
③ بەكىر توبالئوغلۇ، يۇقىرىقى ئەسەر، 13 ـ بەت.
④ زىيا گۆكئالپ: «تۈرك مەدەنىيەت تارىخى»، 289 ـ بەت.
⑤ ئىبراھىم كافەسئوغلۇ: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 244 ـ بەت.
⑥ ھ. فىكرەت قانات: «پېداگوگىكا تارىخى»، 197 ـ بەت.
⑦ ھ. فىكرەت قانات، يۇقىرىقى ئەسەر، 176 ـ بەت.
⑧ ئەھمەد ئاغائوغلۇ: «ئىپتىدائىي تۈرك ئائىلە ھوقۇقى بىلەن ئىپتىدائىي ھىندى ـ ياۋروپا ئائىلە ھوقۇقى ئارىسىدا سېلىشتۇرۇش»، 267 ـ بەت.
⑨ سالۋا تورە. دى. مارزو: «رۇم ھوقۇقى»، 179 ـ بەت.

دائىما ھىرەرسىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولۇشىنى ئىستەيتتى. رىملىق ئايالالار جۇستىنىئان دەۋرىگە قەدەر «ئاگىنا قانۇنى» ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇپ، ئەسىر، قۇلنىڭ ھاياتىدا ياشىغاندى.[1] جۇستىنىئاندىن ئىلگىرى تۇل ئايالالار ئىككىنچى قېتىم توي قىلسا، بارلىق ماللىرى قولىدىن ئېلىۋېلىناتتى. 9 ـ ئەسىردە تۈزۈلگەن «لىيونالىتىن قانۇنى» دا، تۇل ئايالنىڭ يەنە توي قىلىشى گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىك بولاتتى.[2] رىمدا ۋە جۇڭگودا ئائىلىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەركىشىسى مۇتلەق سۆز ئىگىسى ئىدى. ئائىلىدە ئايالنىڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى. كۆپ سانلىق ئىگىلىگەن ئاتا جەمەتى ئۇلارنى تەقىپ قىلىپ تۇراتتى.[3]

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەردە ئەرلەر كىچىككىنە سەۋەبلەر بىلەن ئاياللىرىنى قويۇۋېتەتتى، بۇنداق ھوقۇق ئايالالارغا بېرىلمەيتتى.[4] ئوخشاشلا، جۇڭگودا قىزغانچۇقلۇق، تولا گەپ قىلىش ۋە بالا تۇغماسلىقتەك ئاددىي سەۋەبلەر بىلەن ئەرلەر ئاياللىرىنى قويۇۋېتەتتى. ئەرگە يانغان ئايالغا يۈز كالتەك ئۇرۇش جازاسى بېرىلەتتى. ئايالنى تىللىغان، ئۇرغان ئەرگە جازا بېرىلمەيتتى. ئاقسۆڭەك جۇڭگولۇق ئايالالار كىچىك ۋاقتىدىلا پۇتىنى بوغدۇراتتى، پۇت بارماقلىرىنى تەپتەكشى ھالغا كەلتۈرەتتى. بۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ ماڭماسلىق ئۈچۈن ئەرلەرگە بىلدۈرگەن ياخشى نىيىتى ئىدى.[5] رىم ھوقۇقى جورىلاردىن بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە ۋەتەنداشلىق ھەققىنى يوقىتىشىنى بوشىتىشىنىڭ سەۋەبى ھېسابلايتتى. بۇ مەزگىلدە ئۇرۇشتا ئەسىر بولغان بىر لەشكەرنىڭ خوتۇنى شەخسىي ئارزۇ ـ ھەۋەستە بولمىسا ۋە ھەتتا ئۆيدىن ئايرىلمىسا، ئاندىن ئۇنىڭ ئىددىتى قوبۇل بولاتتى.[6] ھەتتا رىمدا بىر مەزگىل ئۆيلىنىش ۋاقتىدا ئەر ـ خوتۇنلۇق بولۇش نىيىتى بولمىغان بىر ئايال بىلەن ئەر ئارىسىدا داۋاملىق بىر بىرلىك تەشكىل قىلىنغانىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئايالى بولغان ئەر بىر ۋە يا بىر قانچە ئايال بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتالايتتى، بۇ مۇناسىۋەت قوبۇل قىلىناتتى.[7] ئوخشاشلا قەدىمكى يەھۇدىي ھوقۇقلىرىدىمۇ ئايالغا ئاجرىشىش ھەققى بېرىلمەيتتى. بۇ ھەق پەقەت ئەرگىلا مەنسۇپ ئىدى.[8]

ياش قىزلارنىڭ بويىغا يېتىشىگە ئەگىشىپ، قەدىمكى يەھۇدىي ھوقۇقىدا ئاتىسى خالىسا قىزلىرىنى سېتىۋېتەلەيتتى. قىزلار ئەر ۋارىس بولمىغان شارائىتتىلا مىراسقا ئېرىشەلەيتتى.[9] جۇڭگودا يېڭى تۇغۇلغان بالا ئوغۇل بولسا قىممەت باھالىق كىيىملەر بىلەن، قىز بولسا بۆز ماتالار بىلەن كىيىندۈرۈلەتتى. ئوغۇلنىڭ ئويۇنچۇقلىرى قىزنىڭ ئويۇنچۇقلىرىدىن بەك چىرايلىق بولاتتى. بالىسىنى ئۆلتۈرگەن ئانىلارغا جازا بېرىلمەيتتى. بالا كۆرگەن ئائىلە، بىر روھانىيغا باش ئۇراتتى، روھانىي بالىنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە ياخشى نەرسىلەرنى سۆزلىمىسە، بالىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ياردەم قىلىدىغان بولاتتى.[10] ئۇزۇن ۋاقىتقىچە قىزلارغا ئىسىم قويۇلمايتتى، «بىر... ئىككى... ئۈچ...» دەپ سان بىلەن چاقىرىلاتتى.[11] رىمدا ئالدى بىلەن قىز پەرزەنت مىراستىن ھەسسە ئالالمايتتى.[12] ئىراندا زەردۇشت ئەقىدىلىرىگە قارىغان...

① ئابدۇللەزىز چاۋۇش، يۇقىرىقى ئەسەر، 163 ـ بەت.
② ئابدۇللەزىز چاۋۇش، يۇقىرىقى ئەسەر، 163 ـ بەت.
③ مەھمەت ئەرئۆز: «تۈرك ئائىلىسى»، 5 ـ بەت.
④ بەكىر توپالئوغلۇ، «ئىسلامدا ئايالالار»، 18 ـ بەت.
⑤ ھ. فىكرەت قانات، يۇقىرىقى ئەسەر، 27 ـ بەت.
⑥ سالۋاتورە. دى. مارزو، يۇقىرىقى ئەسەر، 195 ـ بەت.
⑦ سالۋاتورە. دى. مارزو، يۇقىرىقى ئەسەر، 201 ـ 202 ـ بەت.
⑧ بەكىر توپالئوغلۇ، يۇقىرىقى ئەسەر، 17 ـ بەت.
⑨ بەكىر توپالئوغلۇ، يۇقىرىقى ئەسەر، 17 ـ بەت.
⑩ ھ. فىكرەت قانات، يۇقىرىقى ئەسەر، 28 ـ بەت.
⑪ بەكىر توپالئوغلۇ، يۇقىرىقى ئەسەر، 18 ـ بەت.
⑫ ئەھمەت ئاغا ئوغلۇ، يۇقىرىقى ئەسەر، 269 ـ بەت.

دا، ئۆزلىرىگە جورا بولىدىغان قىزلار گۇناھ ئىشلارنى قىلسا بولۇۋېرەتتى. ئىرانلىقلار قانلىرىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئەلك يېقىن قېرىنداشلىرى بىلەن توي قىلاتتى. بۇنى زەردۇشت دىنىمۇ توغرا، دەپ ھېسابلايتتى. بۇ سەۋەبتىن، ئانىلىرى ۋە سىڭىللىرى بىلەن ئۆيلىنىدىغانلارمۇ بار ئىدى.[1] باشقا بىر مەنبەدە، ئىراندا ساسانىيلار دەۋرىدە سىڭىللىرى بىلەن ئۆيلىنىشنىڭ جائىز بولىدىغانلىقى ۋە بۇنداق ئۆيلىنىشنىڭ تەشۋىق قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.[2] جۇڭگودا قىزلار ئون يېشىدىن كېيىن كوچىغا چىقالمايتتى.[3] ئەرەبىستاندا قىز بالىلار تۇغۇلا – تۇغۇلماستىن، بەزىدە ئالتە يېشىغا كەلگۈچە يەرگە تىرىك كۆمۈۋېتىلەتتى.[4] قىز بالىلىق بولۇش نومۇسلۇق ئىش دەپ قارىلاتتى، ئائىلىدە چەكسىز ھوقۇق ئىگىسى بولغان ئاتا قىزنى ئۆلتۈرۈشنى ئەيىپ كۆرمەيتتى.[5]. ئەمەلىيەتتە قۇرئان كەرىمدە: «ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە خوتۇنىنىڭ قىز تۇغقانلىق خۇشخەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ»[6] دېگەن ھۆكمى بار. قۇرئاندا يەنە «يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ، ئۆز قەۋمىگە كىرىپ يوشۇرۇنىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تۇپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ) ئۇلارنىڭ ھۆكمى (يەنى ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىپ، قىزلارنى ئاللاھقا نىسبەت بېرىشى) ھەقىقەتەن نېمىدېگەن قەبىھ!»[7] دېيىلگەن. قۇرئاننىڭ بۇ سۈرىسىدىن بىلەلەيمىزكى، پەقەت ئاتىلارلا ئەمەس ئانىلارمۇ قىزلىرىنى ئۆلتۈرەتتى.[8]

ئەينى دەۋردە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قىزلىرى خەلقنىڭ شەرەپلىك بىر ئەزاسى بولۇپ، بوش ۋاقىتلىرىنى توپ ئويناش بىلەن ئۆتكۈزەتتى.[9] مىراس ھەققىلىرى بار ئىدى.[10] ئاتا، ئانىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ بالىلىرىنى ئۆيلەندۈرەلمەيتتى. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەخلاقى ئاياللارغا، بالىلىرىنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە ئەرلەرگە ئوخشاشلا ھوقۇق ۋە ئىقتىدار بېرىدۇ.[11] پروفېسسور كاناتوف بۇ توغرىسىدا «ئايال ئۆلگەن ئېرىنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولسىلا، پۈتۈن ھوقۇقتا ۋارىس بولالايدۇ.[12] دېمەكچىمىكى، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە ئايال ۋە قىزلارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر پۇتبول، گولف توپ ۋە چەۋگانغا ئوخشايدىغان بەزى توپ ئويۇنلىرىنى ئوينىشى، ئەرلەر بىلەن باراۋەر قۇرۇلتايلارغا، تويلارغا، زىياپەتلەرگە، ھەرخىل ئويۇن قىزىيدىغان مەشرەپلەرگە ۋە ھەتتا ئۇرۇشلارغا قاتنىششلىرى كاتانوفنىڭ ئەر – خوتۇن باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى قانائىتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۆينىڭ باشقۇرۇلۇشى ۋە بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا، ئاتىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئانىنىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقىغا دائىر بىر ئۇيغۇر ۋەسىقىسىدىكى مەزمۇنىنىمۇ بۇ تېمىمىزغا تەتبىقلاشقا بولىدۇ. ئۆلۈش ئالدىدىكى بىر ئۇيغۇر ئەر ئايالىغا قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىسىدە شۇنداق دەيدۇ: «چاشقان يىلى سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىدە مەن تۇمشى ئېغىر ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغانلىقىم ئۈچۈن، ياخشى ۋە يامان يەرلىرىمنى چۈشىنىدىغان ئايالىم سىلاڭغا

---

① ھ. فىكرەت قانات، يۇقىرىقى ئەسەر، 74 – بەت.
② ەكىر توپالئوغلۇ، يۇقىرىقى ئەسەر، 17 – بەت.
③ ھ. فىكرەت قانات، يۇقىرىقى ئەسەر، 27 – بەت.
④ نەشەت چاغاتاي، يۇقىرىقى ئەسەر، 123 – بەت.
⑤ بەكىر توپالئوغلۇ، يۇقىرىقى ئەسەر، 18 – بەت.
⑥ سۈرە نەھل، 58 – بەت.
⑦ سۈرە نەھل، 59 – بەت.
⑧ مۆمتەھىنە سۈرىسى، 12 – ئايەت.
⑨ ۋ. ئەبەرھارت: «جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى قوشنىلىرى»، 87- بەت.
⑩ ئەھمەت ئاغا ئوغلۇ، يۇقىرىقى ئەسەر، 269 – بەت.
⑪ گۈلچىن چاندارلىئوغلۇ، يۇقىرىقى ئەسەر، 62 – بەت.
⑫ ئابدۇقادىر ئىنان: «تۈرك ئەپسانىلىرىدە ۋە خەلق ئەدەبىياتىدا ئايال»، 276 – بەت.

ۋەسىيەتنامە قالدۇردۇم. مېنىڭدىن كېيىن باشقا بىرسى بىلەن توي قىلماي، ئۆيۈمنى باشقۇرۇپ، ئوغلۇم ئالتىمىش قايانىڭ تەربىيىسى بىلەن مەشغۇل بولسۇن».[1]

10 – ئەسىردە تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان ئىبىن فەزلان ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ دەريادا تەڭلا يۇيۇنىدىغانلىقلىرىنى[2] يازغان.

قەدىمكى خەلقلەردە ئاياللارنىڭ ۋە ياش قىزلارنىڭ، ھەتتا كىچىك قىزلارنىڭ ھەقلىرى مۇشۇنداق قىسقارتىلغان ۋە قاباھەتتە ياشايدىغان ئىشلار كۆپ كۆرۈلگەن. قۇللارنىڭ تېخىمۇ كۆپ رەھىمسىز شەرتلەردە بولىدىغانلىقلىرى ۋە ھېچقانداق بىر ھوقۇققا ئىگە بولالمايدىغانلىقلىرى تەبىئىيدۇر. ھەقىقەتەن، قەدىمكى ئەرەبلەردە، رۇملۇقلاردا، يېقىنقى زامانغا كەلگۈچىلىكمۇ ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدە قۇللار بىر زامان مالغا ئوخشاش ئېلىپ سېتىلغان، ئىگىلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچىلا بىر كىملەرگە زورلۇق بىلەن چېتىپ قويۇلغان. ئىسلامدىن ئىلگىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە، خەلقنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىلىرىدە، ئىجتىمائىي ۋىجدانىغا ۋە ئادالەت قارشىنىڭ ئەسلىگە ئۇيغۇن ھالدا، قۇللارمۇ خېلى يۇقىرى دەرىجىدە ئەركىن ئىدى. تۇرپاندىن تېپىلغان بىر ئۇيغۇر ۋەسىقىسىدىن چۈشىنىشىمىزگە قارىغاندا، بىر توقۇمىچىلىق ئورنىدا ئىشلەيدىغان ئاي سىلىگ ئىسىملىك بىر قۇل ئايال بىلەن تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان بالتۇر ئىسىملىك بىر قۇل ئەر بەگلىرىدىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپلا توي قىلىشىدۇ. بۇ توي ۋەقەسى ئۇيغۇر ۋەسىقىسىدە شۇنداق سۆزلىنىدۇ:

«قاپلان يىلى 9 – ئاينىڭ 6 – كۈنىدە ئۇلتۇزنىڭ بالتۇر ئاتلىق تۆمۈرچى ئەر قۇلى بىلەن تويىنچۇقنىڭ ئاي سىلىگ ئاتلىق توقۇمىچى ئايال قۇلى، بۇ ئىككىسى بەگلىرىدىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپلا ئەر ۋە خوتۇن بولۇشتى. كېيىن بىز تويىنچۇق بىلەن ئۇلتۇز بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇلارنى بىر – بىرىدىن ئايرىۋەتمەي، تويىنچۇقنىڭ ئايال قۇلىنىڭ بېجىنى مەن تويىنچۇق ۋە ئۇلتۇزنىڭ تۆمۈرچى قۇلىنىڭ بېجىنى مەن ئۇلتۇز ئېلىشقا كېلىشتۇق.»[3]

يۇقىرىدىكىلەردىن بىلەلەيمىزكى، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە قۇللارنىڭ رۇخسەتسىز توي قىلىشىغا بەگلىرى غەزەپلەنمەيتتى، ئۆزلىرىنىڭ خەۋىرى يوق توي قىلغان قۇللارنى بىر – بىرىدىن ئايرىۋەتمەي، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇ دەۋردىكى ئەرەبلەردە بولسا قۇللار مالدەك ئېلىپ سېتىلىپلا قالماي، مىراس يولى بىلەن بىرسىدىن يەنە بىرسىگە ئۆتەتتى، ھەدىيە ۋە كېلىن مېھرى قىلىپ بېرىۋېتىلەتتى. ئايال قۇللاردىن تۇغۇلغان بالىلارمۇ قۇل دەپ تونۇلۇپ سېتىلاتتى. بىر قۇل ۋە يا چۆرە ئىگىسى قۇللىرىغا شەرتسىز، ئۆزى خالىغانچە مۇئامىلە قىلاتتى، خالىسا ئۇنى ئۆلگۈچە ئۇراتتى، قولىنى، قۇلىقىنى، بۇرنىنى كېسەتتى، كۆزىنى ئوياتتى، ھەتتا ئۆلتۈرەتتى. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق جىنايى جاۋابكارلىق بولماس. ئىسلامىيەت ئەمدىلەتىن مەيدانغا كەلگەندە، بىلال ھەبەشتە كۈن بويى تاياق يېگەن زەنىرە ئاتلىق چۆرىنىڭ كۆزلىرى كور قىلىنغانلىقى، ئەممار بىن ياسىرنىڭ ئانىسى سۇمەييە ناھايىتى كۆپ ئازاب سېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن.[4] ھەتتا قەدىمكى ئەرەبلەردە چۆرىلەرنىڭ ئىگىلىرى ئۇلارنى زورلۇق بىلەن نومۇسىنى ساتقۇزۇپ، تاپقان پۇللىرىنى قۇللىرىدىن تارتىۋالاتتى. رۇم قانۇنلىرىدا بولسا، قۇل بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بولغانلار بىلەن

---

① رەشىد رەھمەتى ئارات: «قەدىمكى تۈرك ھوقۇق ۋەسىقىلىرى»، 40 – بەت
② «ئىبىن فەزلان ساياھەتنامىسى»، 57 – بەت.
③ رەشىد رەھمەتى ئارات: «قەدىمكى تۈرك ۋەسىقىلىرى»، 41 – بەت.
④ نەشەت چاغاتاي، يۇقىرىقى ئەسەر، 120 – بەت.

www.uyghurkitap.com

توي قىلىش مەنئى قىلىنغانىدى.[1]

ئۇ دەۋردە تۈركىي تىللىق خەلقلەردەك مەيلى چەت ئەلدە بولسۇن، مەيلى قۇل بولسۇن، بولمىسۇن، ئاياللارنى پەس دەپ قارىمايدىغان، ئۇلارنى ھەقىر كۆرمىگەن باشقا بىر خەلق يوق ئىدى. ھەقىقەتكى، بۇنداق بىر ھالەت كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ تارىخى ئىچىدە تەشكىل تېپىپ، خاراكتېر قازانغان ئەخلاق ۋە ئائىلە چۈشەنچىلىرىنىڭ تەبىئىي بىر نەتىجىسى ئىدى. مەسىلەن، قەدىمكى يۇناندا سوفىستلار ھاياتنىڭ ئاساسىي نىشانىنى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى دەپ سەپسەتە سېتىپ كىشىلەرنى ئالدايتتى، ئۇلار پەقەت ئىنساننىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئەمەس، سۇبيېكتىپ ئارزۇلىرىنى كۆزدە تۇتاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ھەق قوۋۇەتلىنەتتى. ئارزۇلىرىنى ۋە ھەۋەسلىرىنى پەدازلاپ كۆرسىتىش سوفىستلارنىڭ تەبىئىي ھەقلىرى ئىدى. ئىنسانلارنى بەلگىلىك ئىنتىزامغا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان قانۇنلار زەئىپلەرنىڭ ھىيلە - مىكرىدىن ئىبارەت ئىدى. قەدىمكى يۇناندا ئۈچمەنلىك تەھدىتىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان ئانتىستېنىسنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ پاراۋانلىقى، شەرىپى، ئۆيلىنىشكە ھەۋەس قىلىشى ۋە ئائىلە قۇرۇشى ئاخىرىدا ئەرزىمەس ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەفلاتون بولسا، باشقا نەرسىلەرنى سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئەسكەرلەر ئۆيلەنمەسلىكى لازىم، بۇ سىنىپقا مەنسۇپ بارلىق ئايال ۋە ئەرلەر كوللېكتىپ ھايات كەچۈرۈشى لازىم. باللارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى، ئاتا - ئانىلارنىڭ باللىرىنى تونۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. يەنە ئەفلاتوننىڭ قارىشىچە، ئايال بالا تۇغىدىغان مەخسۇس قورال ئىدى. باشقا بىر يۇنان پەيلاسوپى بولغان ئېپىكۇرىدې بولسا، ئوچۇق - ئاشكارىلا ئاياللارنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاتا قىزىغا كىيىم - كېچەك بەرسە بۇ بالادىن بىر مۇددەتكىچە قۇتۇلالمايتتى.[2] داڭلىق مۇتەپەككۇر دېموستېن بۇ مەسىلىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ كەتكەن. ئۇ: «بىز ئافىنالىق ئەرلەر ساغلام باللارغا ئىگە بولۇش، ئۆزلىرىمىزگە سادىق قوغدىغۇچىلارنى تېپىش ئۈچۈن ئاياللار بىلەن توي قىلىمىز. كۈندىلىك خىزمەتلىرىمىز ۋە ھوزۇرلىرىمىز ئۈچۈن ئۆيلەرنى سالىمىز»[3] دەيدۇ. ئەمما بۇ سادىق قوغدىغۇچى چۈشەنچىسىنىڭ ئەكسىچە، قەدىمكى يۇنان ئەرلىرى خوتۇننى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرەتتى، ياكى ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن خوتۇننى باشقا بىرىنىڭ ھامىيلىقىغا تاشلاپ بېرەتتى.[4] يۇنان ئاياللىرى ئېلىش - سېتىش بۇيۇمىدەك ئىدى، ئۆز ئىختىيارىچە توي قىلالمايتتى، مىراستىن ھەسسە ئالالمايتتى.[5]

پەيلاسوپچە چۈشەنچىلەر مۇشۇنداق بولغاچقا، ئاياللارغا ئورۇن بەرمەسلىكنىڭ، ئاياللارنى خەلق ئارىسىغا قوشۇپ، ئىنسانلىق ئورنى بىلەن ئۇلۇغ تاناسىپ كېلىدىغان مەرتىۋىگە كۆتۈرمىگەننىڭ، تەبىئىيكى كېرىكى بولمايتتى. ئاياللار ھەر زامان مەينەت، يىرگىنىشلىك، شەيتاننىڭ ۋاستىچىسى دەپ قارىلاتتىكى، نەتىجىدە، تەتقىق قىلىۋاتقىنىمىزدەك، تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن مۇستەسنا ھېچبىر خەلق ئاياللارنى ھۆرمەت بىلەن خاتىرىلىمەيتتى.[6]

ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئورنى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتلەردە بىز بايا سۆز تېمىسى قىلمىغان خەلقلەردىمۇ كۆپ رەزىللىك بار ئىدى. مەسىلەن، ئاۋستراليىنىڭ ئۆرپ - ئادەت كۆچلۈك زامانىدا ئەر ئايالىنىڭ ئۆز ئورنىدا ياتقىنىنى كۆرسە، ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرەتتى. ئەرلەر ئاياللار ماڭغان يەر بىلەن ماڭمايتتى، ئوخشاش جايدا ئولتۇرمايتتى. بەزى جەمئىيەت-

---

1. سالۋاتورە. دى. مارزو، يۇقىرىقى ئەسەر، 186 - بەت.
2. زەھرا جەلاسىن: «تارىختىن بېرى ئاياللار»، 26 - بەت.
3. زەھرا جەلاسىن، يۇقىرىقى ئەسەر، 26 - بەت.
4. ئابدۇلئەزىز چاۋۇش، يۇقىرىقى ئەسەر، 162 - بەت.
5. ئابدۇلئەزىز چاۋۇش، يۇقىرىقى ئەسەر، 162 - بەت.
6. فرىنسۇز يازغۇچىسى ۋولتېرنىڭ يازغان سۆزى.

لەردە ئەرلەر بىلەن ئاياللار يانمۇيان ئولتۇرۇپ تاماق يېيەلمەيتتى. بىر ئائىلىنىڭ ئۆيىدە ئەرلەرنىڭ تاماق يېگەن ئۆيىگە كىرىشى ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلىشقا تېگىشلىك قىلمىش ھېسابلىناتتى. ئاياللارنىڭ غىزاسى بىلەن ئەرلەرنىڭ غىزاسى ئايرىلاتتى. ئەرلەر ئەركەك ھايۋاننىڭ گۆشىنى، ئاياللار چىشى ھايۋاننىڭ گۆشىنى يەيتتى. ساموئېتلاردا، ئوستىياكلاردا ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئىشلەتكەن ھەر قانداق نەرسىسىگە قول تەگكۈزەلمەيتتى. بەزى خەلقلەردە ئوغۇل بالىلار بىلەن قىز بالىلار بىر يەردە ئوينىيالمايتتى. كالىفورنىيە، مېلانېزىيە، يېڭى كالېدونىيە ۋە كورىيەدە ئەر ۋە ئايال قېرىنداشلار بويىغا يەتكەندىن ئېتىبارەن بىر - بىرى بىلەن سۆزلىشەلمەيتتى. سەيلوندا بىر ئاتا قىزىنى بويىغا يەتكەندىن كېيىن كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.[1]

كاستلارنىڭ تەشكىللىنىشىدىن ئىلگىرى ھىندىستاندا كۆپ ئەرلىك بولىدىغان توي ئادىتى بار ئىدى. ئايال چوڭ ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش بىلەن تەڭ، باشقا ئەرلىرىنىڭكىدىمۇ تۇراتتى، بۇنداق قاتمال چۈشەنچە زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.[2] ھىندىلار تۇل ئايالنى ئۆلگەن ئېرى بىلەن بىرلىكتە كۆيدۈرۈۋېتەتتى.[3] قەدىمكى يۇناندا، جىنسىي جەھەتتىن قۇۋۋەتلىك بولغان ئاياللار ئەرلىرىدىن باشقا ئەرلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇشقا زورلىناتتى.[4] ئىسپارتا ئادەتلىرى ياش قىزلار بىلەن ئەرلەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشىغا ياردەم بېرەتتى.[5] جاھىلىيەت دەۋرى ئەرەبلىرىنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىلىرى بولسا، ھىندىلاردىن، ئىسپارتالىقلاردىن ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭكىدىن بەك پەرقلىق ئەمەس ئىدى. ئەبۇ جەھىلنىڭ مەدىنەلىك ئەۋس قەبىلىسى ۋەكىللىرىگە ئېيتقان سۆزى، قەدىمكى ئەرەب ئەخلاق ۋە نومۇس چۈشەنچىسىنىڭ تىپىك بىر بەلگىسى ئىدى. ئەبۇ جەھىل شۇنداق دەيدۇ:

«قۇرەيشلەر بىلەن ئىتتىپاق بولۇپسىلەر. مەن ئۇ توپنىڭ ئىچىدە بولۇپ قالغىنىمدىن بەك خىجىل بولدۇم. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسام، مەنمۇ سىلەرگە قېتىلىشقا سۆز بېرەتتىم، كېرەك بولغاندا ياردەم بېرىشكە كېلەتتىم. قوبۇل كۆرسەڭلار توختامنامىنى باشقىدىن كۆزدىن كەچۈرەيلى. قىزلىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىمىزنى سىلەردىن يوشۇرۇپ يۈرمەيلى. قول - دېدەكلىرىمىزنىڭ بازارلاردا كېزىپ يۈرۈشىگە، ئەرلىرىڭلار بىلەن ئوينىشىغا رۇخسەت قىلايلى، سىلەرمۇ بۇ يولدا ھەرىكەت قىلىڭلار، يەنى قىزلىرىڭلار ۋە ئاياللىرىڭلار بىلەن بىزنىڭ ئوينىشىمىزغا رۇخسەت قىلساڭلار، سىلەرگە ياردەم قىلايلى. ئەگەر قوبۇل كۆرمىسەڭلار، ياردەم قىلمايمىز».[6]

ئىككى قەبىلىنىڭ دۈشمەنگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ مەسىلىدە تېخى، چۆرىلەر بىلەن بىرگە خوتۇن ۋە قىزلارنىڭمۇ ھەدىيە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان يۇقىرىدىكى ئۆرنەكتىن ناھايىتى چىركىن ۋە ناھايىتى ئەخلاقسىز قىلمىشلارنىڭمۇ قەدىمكى ئەرەب قەبىلىلىرىدە بار بولغانلىقىنى چۈشىنىۋالايمىز. ئەرەبلەرنىڭ تۇل ئېلىش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مەنبەدە مۇنداق مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ:

«جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ نىكاھ شەكىللىرىدىن بىرى بولسا شۇنداق ئىدى: ئەر ئايالى ھەيزدىن پاك بولار - بولمايلا، ئۇنىڭغا 〈مالىك، بېرىپ پالانچى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغىن〉 دەيتتى. ئىككى قات بولمىغۇچە ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايتتى، ئىككى قات بولغانلىقى مەلۇم بولسا، خالىسا

---

① زىيا گۆكئالپ: «تۈرك مەدەنىيەت تارىخى»، 313 - بەت.
② ھ. فىكرەت قانات، يۇقىرىقى ئەسەر، 50 - بەت.
③ ئەھمەت ئاغا ئوغلۇ، يۇقىرىقى ئەسەر، 268 - بەت.
④ «ئىلاھىيەت فاكۇلتېتى ژۇرنىلى»، 131 - 133 - بەت.
⑤ ھ. فىكرەت قانات، يۇقىرىقى ئەسەر، 124 - بەت.
⑥ نەشەت چاغاتاي، يۇقىرىقى ئەسەر، 122 - بەت.

www.uyghurkitap.com

تەكرار مۇناسىۋەتتە بولاتتى. 〈تۆل ئېلىش〉 ساغلام بىر بالىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتى بىلەن قىلىناتتى. تۆل قەھرىمانلىق، جەۋانمەردلىككە ئوخشاش ئىشلىرى بىلەن تونۇلغان ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ئادەت قەدىمكى رىملىقلاردىمۇ ئۇچراي-دۇ.»①

بۇ توغرۇلۇق، باشقا بىر مەنبەدە بازارغا ياغ ئېلىپ كىرگەن بىر ئايالنىڭ بازار ئوتتۇرىسىدا بىر ئەرنىڭ ئوچۇق- ئاشكارا ئۇنىڭ نومۇسىغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ.②

بىر ئەرەب مەنبەسىدە، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ توي قىلىش ئادىتىنى چۈشەن-دۈرۈپ، بىردىن كۆپ ئېرى بولغان ئاياللارغا قارىتىپ شۇنداق دېيىلگەن:

«نەچچە قېتىم توي قىلىپ بولغان ئاياللار بىلەن توي قىلىش ئادىتىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئاز ساندىكى ئەرلەر ئۇچۇن نازلىنىپ ھازىر تۇرىدىغان ئاياللاردىن ئىدى. ئۇ ئاياللاردىن بىرى ھامىلدار بولۇپ قالغۇدەك بولسا، بالا ئۇ ئايال بىلەن ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىق-تىن، ئايالنىڭ كۆڭلى ئەينى چاغدا كىمگە كۆپرەك تارتقان بولسا ياكى بالا ئايال مۇناسىۋەت قىلغان ئەرلەرنىڭ قايسىسىغا بەكرەك ئوخشىسا، شۇنىڭ بالىسى ھېسابلىناتتى.»③

ئەرەبلەرنىڭ قول ۋە دېدەكلەرنى پۇل تېپىش مەقسىتىدە بۇزۇقچىلىققا زورلىغانلىقلىرى بىر ئايەت مەزمۇنىدا چۈشەندۈرۈلگەن. قۇرئان كەرىم بۇ توغرىسىدا مۇنداق ھۆكۈم چىقارغان:

«ئۆيلىنەلمەيدىغانلار ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەت-لىك تۇتسۇن، قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل ـ مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلار) بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ سادا-قىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار، سىلەرگە ئاللاھ ئاتا قىلغان مال ـ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار، ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار، كىمكى ئۇلارنى مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر (يەنى پاھىشىغا مەجبۇرلانغانلىقى ئۇچۇن، ئاللاھ ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، مەجبۇرلىغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدۇ).»④

10 ـ ئەسىردە تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان ئىبنى فەزلان رۇس ھۆكۈمدارلىرىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنىڭ كۆز ئالدىدىلا،⑤ خەلقىنىڭمۇ ئوخشاشلا چۆرىلىرى بىلەن بىر توپ بولۇپ، جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقلىرىنى يازغان.⑥

رۇسلارنىڭ ئۆلۈكنى كۆمۈش ئادەتلىرىمۇ قەدىمكى رۇس ئەخلاق چۈشەنچىلىرى ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. ئىبنى فەزلان رۇسلارنىڭ ئۆلۈكنى مۇراسىم ئۇچۇن مازاردىن چىقىرىپ، بىر كىچىك كېمىگە كەلتۈرىدىغانلىقلىرىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى يازغان. ئىبنى فەزلان رۇسلاردىن بىرى ئۆلسە، ئۇلار-نىڭ چۆرىلىرىگە «قايسىڭلار خوجايىنىڭلار بىلەن ئۆلۈشنى خالايسىلەر» دەپ سورىلىدىغانلى-قىنى، بىر قۇربانلىق چىققاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ چۆرە بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە

① ئابدۇقادىر ئىنان: «كۆچمەن تۈركىي قەبىلىلەردە ئەۋلادلىق»، 55 ـ بەت.
② نەشەت چاغاتاي، يۇقىرىقى ئەسەر، 122 ـ بەت.
③ ئۆمەر فەررۇخ، «ئىسلام ئائىلە ھوقۇقى»، 65 ـ بەت.
④ سۈرە نۇر، 33 ـ ئايەت.
⑤ «ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى»، 75 ـ بەت.
⑥ يۇقىرىقى ئەسەر، 67 ـ بەت.

بولىدىغانلىقلىرىنى مۇنداق يازىدۇ:

«بۇنىڭ بىلەن چۈرەقىزنىڭ ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى. باشقا چۈرەقىزلار قورقۇپ كەتمەسۇن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن خوجايىنلىرى بىلەن بىللە ئۆلۈشتىن باش تارتمىسۇن دەپ، ئادەملەر قوللىرىدىكى كالتەكلەرنى قالقانلارغا ئۇرۇشقا باشلىدى. كېيىن چېدىرغا ئالتە ئادەم كىردى، ھەممىسى چۈرەقىز بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى خوجايىنىنىڭ يېنىغا ياتقۇزدى، بۇلاردىن ئىككىسى چۈرە قىزنىڭ پۇتىدىن، ئىككىسى قولىدىن تۇتتى. ئۆلۈم پەرىشتىسى دېيىلگەن ئايال چۈرەقىزنىڭ بويىنىنى بىر يىپ بىلەن باغلاپ، ئىككى ئۇچىنى ئىككى قاۋۇل ئادەمگە تۇتقۇزدى. ئاندىن كەڭ بىسلىق بىر خەنجەرنى قولىغا ئېلىپ، چۈرەقىزنىڭ قوۋۇرغا سۆڭەكلىرى ئارىسىغا تىقىپ تارتىۋالدى. بىر تەرەپتىن ھېلىقى ئىككى ئادەم يىپنىڭ ئىككى ئۇچىنى تارتىپ بوغدى. ئاخىر چۈرەقىز جان ئۈزدى.»[1]

ئەينى يىللاردا تۈركىستاننىمۇ زىيارەت قىلغان ئىبن فەزلان بۇلغار تۈركلىرىنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ مەكتۇبىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ھۆكۈمدارنىڭ خانىشى بىلەن بىللە[2] ئولتۇرغانلىقىنى يازىدۇ. تۈرك خاتۇنىغا ھەدىيەلەر بېرىپ، خىلئەت (تون) كىيدۈرگەنلىكىنى يازغاندىن كېيىن، يەن مۇنۇلارنى ئىپادە قىلىدۇ:

«زىنا دېگەن بىر نەرسىنى بىلمەيدىكەن. ئەگەر ئۇلاردىن بىرى زىنا قىلسا، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۆت قوزۇق قېقىپ، زىنا قىلغۇچىنىڭ پۇت - قولىنى ئۇنىڭغا باغلاپ، بويىنىدىن يانپىشىغىچە پالتا بىلەن چېپىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىدىكەن. ئايالغىمۇ شۇنداق جازا بېرىدىكەن. بەزىدە ئىككى يوغان دەرەخنى ئۇچىدىن ئېگىپ، زىنا قىلغۇچىنى قول - پۇتىدىن ئىككى دەرەخكە باغلاپ قويىدىكەن. ئاندىن ئەگكەن دەرەخلەرنى قويۇۋېتىدىكەن. دەرەخنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئۈچۈن چىقارغان غايەت زور كۈچى باغلانغان زىناخورنى ئىككى پارچىغا بۆلۈپ تاشلايدىكەن.»[3]

ئوخشاش جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ۋە قوشنا بولۇش سەۋەبى بىلەن بىر - بىرلىرى بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەت قىلغاننىڭ ئەكسىچە، رۇسلار، جۇڭگولۇقلار، ئىرانلىقلار ۋە ھىندىلار بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىكى بۇ ئاياللار ۋە ئەخلاق چۈشەنچىسى چوقۇمكى، ئەسىرلەرنى ئۇلاشتۇرىدىغان بىر مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئاياللارنىڭ بۇ ئېزىلىشلىرى ئاسىيا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدە خرىستىئانلار يېيىلىشىدىن كېيىنمۇ داۋام قىلدى. چۈنكى، بايا سۆز تېمىسى قىلغىنىمىزدەك، خرىستىئانلار تۇنجى گۇناھكار ئىنساننىڭ ھەۋۋا ئانا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ ۋە ئۇلار ھەۋۋا ئانىنى ئاياللار ئۇلۇسىدىن تولاراق، ئاياللارنىڭ گۇناھكارلىقىنىڭ ۋە يامانلىقلىرىنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغاندى. بۇ تەرەپتىن خرىستىئانلىقمۇ ئاياللار ئۈچۈن ھەر قانداق بىر يېڭىلىق كەلتۈرمىگەنىدى. يۇقىرىدا تەتقىق قىلغان دۆلەتلەرنىڭ تېشىدا قالغان بەزى شىمالىي ياۋروپا خەلقلىرىدە ئاياللار ئەگەر ئەر قېرىندىشى بولمىسا مىراستىن ھەسسە ئالالايتتى. بەزى دۆلەتلەردە بەزى ئاياللارنىڭ مال - مۈلۈككە ۋارىس بولۇشى چەكلىنەتتى.[4] ھەزرىتى ئەيسانىڭ تۇغۇلۇشىدىن 1200 يىل كېيىنمۇ ئاياللار ئەرلىرىنىڭ مۈلكى ھېسابلانغانىدى. ئىنگلىز ئاياللىرى پەقەت 19 - ئەسىردە گرانۋىللې گېئورگى لېۋا سونگوۋېر دەۋرىدە بەزى مەدەنىي ھەقلەرگە ئېرىشكەنىدى. تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئاياللىرى بولسا تارىختىن ئىلگىرىكى چاغلاردىن باشلاپ خەلقنىڭ ھۆرمەتلەش

---

① «ئىبن فەزلان ساياھەتنامىسى»، 74.، 45.، 31 - بەتلەر.
② «ئىبن فەزلان ساياھەتنامىسى»، 74.، 45.، 31 - بەتلەر.
③ «ئىبن فەزلان ساياھەتنامىسى»، 74.، 45.، 31 - بەتلەر.
④ ئابدۇلئەزىز چاۋۇش، يۇقىرىقى ئەسەر، 164 - بەت.

ئوبيېكتى بولۇپ، دۆلەت ئىدارىسىدە ۋە ئورۇنلاردا كۆرۈنەرلىك ۋەزىپە ئالغانىدى، ئاياللارغا كۆرسىتىلگەن ھۆرمەتلەش ھېسسىياتى بارلىق سەيياھلارنى چۆچۈتكەنىدى. 1300 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەر تۇرغان دۆلەتنى كەزگەن مەشھۇر سەيياھ ئىبنى بەتۇتە (1304 ـ 1369) قىپچاق تۈركلىرىنىڭ ئاياللارغا بەرگەن ئورنى ۋە ئاياللارنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيىنى مۇنداق سۈرەتلەپ بەرگەن:

«بۇ دۆلەتتە كۆرگەن ۋە مېنى بەكلا چۆچۈتكەن ئىشلاردىن بىرى، بۇ يەردىكى ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا كۆرسەتكەن ھۆرمىتىنىڭ بەك يۇقىرى بولۇشى ئىدى. بۇ مەملىكەتتە ئاياللار ئەرلەردىنمۇ ئۈستۈن سانىلىدىكەن. مەن بەگلەرنىڭ خوتۇنلىرىنى تۇنجى قېتىم قىرىمدىن ئايرىلغان چاغدا كۆرگەنىدىم. سالتۇيا بەگنىڭ خانىمىنى ئېچىلىدىغان پەنجىرە ۋە ئىشىكلىرى ئوچۇق تۇرغان خاس ھارۋىسىدا باشتىن ئاياغقا كۆپ پوزۇر كىيىملەرنى كىيىپ ئولتۇرغان ھالدا تاماشا قىلغانىدىم. يېنىدا نەپس كىيىنگەن، پەۋقۇلئاددە گۈزەل تۆت كېنىزەك بار ئىدى. ئارقىسىدىن كەلگەن بارلىق ھارۋىلاردىمۇ كېنىزەكلەر بار ئىدى. ئۇ بەگنىڭ چېدىرىغا يېقىنلاشقاندا ھارۋىدىن چۈشتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئوتتۇز كېنىزەكمۇ چۈشۈپ، خاتۇنىنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. خاتۇنىنىڭ كىيىمىنىڭ ئېتەكلىرىدە ئىزمىلار بار ئىدى. كېنىزەكلەر مۇشۇنىڭدىن تۇتاتتى، بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلىشتى. خاتۇن مۇشۇنداق ھەشەمەت بىلەن مېڭىپ بەگنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەن چاغدا، بەگ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قارشى ئالدى ۋە يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. كېنىزەكلەر بولسا خاتۇنىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۆۋەندە تۇردى. خاتۇن ئازدىن كېيىن كەلتۈرۈلگەن قىمىز تولۇملىرىدىن بىر قەدەھ تولدۇرۇپ، قوللىرىنى ئىككى تىزىغا يېقىن ئەكىلىپ بەگكە سۇندى، بەگ بۇنى ئىچكەندىن كېيىن يەنە ئوخشاش تەرتىپ بىلەن بىر قەدەھ شارابنىمۇ قېيىن بۇرادىرىگە تەقدىم قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا، بىر قەدەھ شارابنى ئۆز قولى بىلەن خاتۇنىغا سۇندى. داستىخان ھازىرلانغاندا تائاملارنى تەرتىپلىك يېيىشتى. بەگ خانىمىغا بىر قۇر كىيىم تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، خاتۇن چېدىردىن چىقىش پۇرسىتىنى تاپقاندەك بولدى.»[1]

بەتۇتە ئوردىغا مەنسۇپ ئاياللارنىڭ سىرتىدا، سودىگەرلەر ۋە بازارچىلارنىڭ ئاياللىرىنىمۇ كۆرگەن ۋە ئەسىرىنى شۇنداق داۋاملاشتۇرغان:

«بازارچى ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا كەلسەك، ... بۇلاردىن بىرىنى ياسىداق ئات ھارۋىسىدا كۆردۈم. يېنىدا ئېتەكلىرىنى تۇتقان ئۈچ ـ تۆت چۆرە بار ئىدى. بېشىدىكى بۆكى جاۋاھىراتلار بىلەن تولغان ئىدى. ئالدىغا توز قانىتىدىن بىر ئۆكە تۇتقان ۋە بايتاق دېيىلىدىغان بېزەك بۆكى بار ئىدى. ھارۋىنىڭ پەنجىرىلىرى ئوچۇق بولسىمۇ، يۈزى يېپىلمىغان ئىدى. چۈنكى تۈرك ئاياللىرى يۈزىنى ئېچىپ يۈرەتتى. ئەرلەردىن قاچمايتتى. باشقا بىر ئايالنىمۇ مۇشۇ ھالدا كۆردۈم. ئۇ يېنىدىكى چاكىرى بىلەن بازارغا سۈت، قېتىق ئەكىرىپ سېتىۋاتاتتى، ئۇدۇلىدىكىلەردىن پۇراقلىق بۇيۇملار ۋە ئەتىر سېتىۋالاتتى.»[2]

ئىسلام دۆلەتلىرىدىن تاشقىرى، دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە ئاياللار شەيتاننىڭ قورالى، شەيتان بارلىق ئەسكىلىكلەرنىڭ مەنبەسى دەپ قوبۇل قىلىنغان ۋە ھوقۇق سىستېمىلىرى ئاياللارنى ئەرلەرنىڭ قولى دەپ ھېسابلىغان بولسا، ئەكسىچە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئاياللىرىنىڭ بۇنداق ئېھتىرام ئىچىدە ۋە خەلقتىن ھۆرمەت كۆرۈپ ياشىشى، ئەلۋەتتە تۈركىي تىللىق خەلقلەر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئاياللارغا بەرگەن يۈكسەك ئورنىنى ئىپادىلەپ تۇرماق-

① «ئىبن بەتۇتە ساياھەتنامىسى»، 79 ـ 80 ـ بەتلەر.
② يۇقىرىقى ئەسەر، 80 ـ بەت.

تا. چۈنكى ئىسلامىيەت ئاياللارغا ھەر تۈرلۈك ھەق ۋە ھۆررىيەتنى بەرگىنىنىڭ ئەكسىچە، ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى زىت كەلگەنلىكى ئۈچۈن، قۇرئان كەرىمنىڭ تونۇغان ھەقلىرى ئەمەلىيەتتە قوللىنىلمىغانىدى، بۇمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىلا ئىسلامغا بەك يېقىن بىر دىنىنىڭ سالىھلىرى بولغانلىقلىرىنىڭ ئايرىم بىر دەلىلى بولۇپ قوبۇل قىلىنماقتا.

ۋامبىرى قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە «جالاپ ۋە هارامدىن بولغان» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئۇچرىمايدىغانلىقىنى يازغانىدى، ئاياللار ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولغان ئەرلەر بىلەنلا بولۇپ، ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئىپادىسى بولغان زىنا، شۇم زىنا، جالاپ، پاھىشە، بۇزۇق، ھەزىلەك، دەللالغا ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ھېچبىرىنى مىللەت ئېتىبارى بىلەن ئۆز تىللىرىدا قوللانمىغان. بۇ سۆزلەر تۈركىي تىللارغا كېيىنكى چاغلاردا پارسچىدىن ۋە ئەرەبچىدىن كىرگەن. بۇنداق بولۇشى تىللارنىڭ مەيدانغا كېلىش چېغىدا، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئىسلام چۈشەنچىسىگە ئۇيغۇن بىر ئەخلاق چۈشەنچىسىگە ئىگە بولغانلىقىنىڭ مۇكەممەل بىر ئىپادىسىدۇر.

## ئۆيلىنىش ۋە ئائىلە قۇرۇش

قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۆيلىنىشنى «ئۆي - ئوچاقلىق بولۇش» دەيتتى. [1] «ئۆي - ۋاق» دېگەن سۆز ئۇرقۇن يادىكارلىقلىرىدا «ئىبادەتخانا» مەنىسىدە قوللىنىلغان. بۇ ئىپادىدىن قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۆيى ۋە ئۆيلىنىشنى مۇقەددەس بىلىپ قوبۇل قىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمىز. ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ جورىسىنىمۇ مۇقەددەس بىلىپ قوبۇل قىلغانلىقلىرى ۋە ئۆيدە جورىسىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان بىر يات كىشىنىڭ بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىشى، [2] يۇقىرىدىكى ھۆكۈمنى تەستىقلايدۇ. ئۆينىڭ مۇقەددەسلىكىنىڭمۇ دىنىي سەۋەبى بار ئىدى.

ئۆيلىنىش قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە «قوشۇلۇش، خۇشاللىق، چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە تىرىكلىك»، يەنى بىرلىكتە ياشاش ئىدى. [3]. مەڭزلەر بىر - بىرىدىن قانداق ئايرىلمىسا، زىرەنىڭ (ساۋۇت) ياقىسى زىرەھتىن قانداق ئايرىلمىغان بولسا، قېيىن دەرىخىنىڭ ياغىچى قانداق مەھكەم بولسا، ئىنچىكە قېلىن تىكىشلەر قانداق مەھكەم ۋە سىپتا بولسا، ئۆيلىنىش رىشتىسىمۇ شۇنچە ئۈزۈلمەس، شۇنچىلىك سەمىمىي ئىدى. جورىلارنى ئاجايىپ ئۆيۈشقان ھالدا بىرلەشتۈرىدىغان، بىر يولغا كىرگۈزىدىغان رىشتە ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئالتاي تۈركلىرى قىز كۆرۈش ئۈچۈن، قىز توي قىلىپ بارغان ئۆينىڭ ئىگىسى ئالدىدا تىز چۆكۈپ شۇنداق دەيتتى:

«ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا
مانا تىز چۆكۈپ تۇرارمەن
سېنىڭ ئۆيۈڭگە كەلدىم
بايلىقىڭدىن سۆيۈندۈم
ئۆيۈڭنىڭ بېشىنى تىلىمەك ئۈچۈن

[1] زىيا گۆكئالپ: «تۈرك مەدەنىيەت تارىخى»، 294 - بەت.
[2] زىيا گۆكئالپ: «تۈرك مەدەنىيەت تارىخى،» 294 - بەت.
[3] باھائىددىن ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى،» 174 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈزۈلمەس رىشتە بىلەن
توي رىشتىسى بىزنى باغلىسۇن
مەڭگۈلەر قانداق ئايرىلمىسا
زىرەنىنىڭ ياقىسى قانداق سۆكۈلمىسە
بىزنىڭمۇ قېرىنداشلىق رىشتىمىز
قىيىن دەرىخنىڭ غولىدەك ساغلام
سىپتا كىيىم تىكىشىدەك مەھكەم بولسۇن
نىيىتىم پىچاقنىڭ سېپىنى تىلەشتۇر.
قازاننىڭ ئۇتقۇچىسىنى ئىزدەشتۇر.»[1]

يۇقىرىدىكى مەتىندە، ئۆينىڭ بېشى، پىچاقنىڭ سېپى، قازاننىڭ ئۇتقۇچى دەپ تەرىپلەنگەن ياش قىزنىڭ رازىلىق بېرىشى توي قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرىدۇر.[2] قەدىمكى بىر ئۇيغۇر شېئىرىدىكى توي قىلىشقا ئېرىشىش دېيىلىشىدىن چۈشىنەلەيمىزكى، سۆيگۈ توي قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق تەركىبلىرىنىڭ بىرى. ئومۇمەن، قىزنىڭ توي قىلىشقا رازىلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر رازىلىق سىمۋولى بېرىشى كېرەك ئىدى،[3] بۇ سىمۋول سىبىرىيەدىن ئانا دولۇغىچە، بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئوخشاشلا قول ياغلىق ئىدى.[4]

ئوچاق بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئۆينىڭ سىمۋولى ئىدى، سىرتقى تەسىرلەردىن ئۈزاقتا قالغان ياقۇتلاردا ئۆچمەس بىر ئوت يېقىش ئىدى. كېلىن ئۆيىنى يورۇتىدىغان نۇر ئىدى. ئايرىم تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بولسا، كېلىن ياندىغان ئوچاقنىڭ هارارىتى ئىدى. ئوچاقتىكى ئوتنىڭ ئۆچمەسلىكى ئائىلىنىڭ ۋەيران بولماسلىقى، پالاكەتكە يولۇقماسلىقى دېگەن چۈشەنچىلەردە قوللىنىلىدۇ. يىگىتلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە كىچىك ئوغۇللار ئوچاق ئىگىسى، ئۆي ئىگىسى هېسابلىناتتى.

ئۆيلىنىش، هازىرقى كۈندىكىگە ئوخشاشلا قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردىمۇ ئىجتىمائىي بىر ئادەت ئىدى. بويتاقلىق ئەيىپ هېسابلىناتتى. ئۆيلىنىدىغان يىگىتلەرگە قىز بېرىش مەجبۇرىيەت ئىدى. كېلىن ئاتالغۇسى «كالىن، كالىڭ، كالىم، گەلىن» شەكلىدە بارلىق تۈركىي دىئالېكتىلاردا بىر ـ بىرىگە ئوخشاش كېلىدىغان ئىسىم بولۇپ، ئۈزئارا بىر كېلىشىش مەنىسىدە قوللىنىلاتتى. يېڭى ئۆيلەنگەنلەرنىڭ تۇرمۇشىنى تەرتىپكە سېلىۋېلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىناتتى. ئايال ئەگەر ئاجرىشىپ ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە كەتسە، تويلۇق ئۈچۈن بېرىلگەن مال قايتۇرۇۋېلىناتتى.[5] ئەمما، ئاجرىشىشقا ئېرى سەۋەب بولغان بولسا، تويلۇق مال قايتۇرۇلمايتتى.[6]

---

① ۋ. رادلوۋ: «سىبىرىيە» (تاللانمىلار)، 175 ـ بەت.
② سەدرى مەقسۇدى ئارسال: «تۈرك تارىخى ۋە هوقۇق»، 334 ـ بەت.
③ جاھىلىيەت دەۋرى ئەرەبلىرىدە توي قىلىدىغان ئايالنىڭ رازىلىقى ئېلىنمايتتى. ئۆمەر فەررۇخ: «ئىسلام ئائىلە هوقۇقى»، 95 ـ بەت.
④ باھائىددىن ئۆگەل، يۇقىرىقى ئەسەر، 184 ـ بەت. مىرئەلىشىر نەۋائىي بىلەن مۇناسىۋەتلىك پارچە بىر هېكايىدە، ئەلىشىر نەۋائىي ئاشىق بولغان قىزنى ئاتىسىدىن سورايدۇ، ئاتا قوبۇل قىلىدۇ، ئەمما قىزنىڭ پىكرىنىمۇ ئېلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ، بۇ ئىشنى قىزغا دېيدۇ. ئا. ئىنان: «مىر ئەلىشىر هەققىدە پارچە بىر هېكايە»، «ئۆلكۇ مەجمۇئەسى»، 482 ـ بەت.
⑤ بۇ ئەھۋال ئىسلام هوقۇقى بىلەن ماسلىشىدۇ. قۇرئان كەرىم ئاجراشقان ئايالغا بېرىلگەن مەھرى هەققىنى قايتۇرۇۋالماسلىقنى ئەمىر قىلىدۇ: «ئەگەر بۇ خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن هېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟» سۈرە نىسا، 20 ـ ئايەت.
⑥ قۇرقۇت ئاتا ئوغۇزنامىلىرىدە دۆلەتكە ۋە خەلققە كۆپ خىزمەتلەرنى قىلغان 39 يىگىتنىڭ تويلۇقىنى ئۆزخان بېرىدۇ. خەلققە تەھدىت سالغان ۋەھشىي هايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشمۇ بۇ هېكايىلەردە تويلۇق هېسابلىنىدۇ. قەھرىماندىن ئايرىم تويلۇق ئارزۇ قىلىنمايدۇ.

ئىسلام ھوقۇقىدىكى مەھرى[1] قوبۇل قىلىدىغان تويلۇققا ماس ھالدا قىز تەرەپمۇ قىز مېلى كەلتۈرەتتى. تويلۇق تەئەللۇقاتلىرىنى تەييارلاشتا، ئەرنىڭ كۆپ چىقىمغا ئۇچرايدىغاندلىقى ئائىلىنى قويۇۋېتىشنى توسۇپ قالاتتى، ئائىلىمۇ ئېلىپ كەلگەن مېلىدىن تاشقىرى ئائىلە مۈلكىنىڭ ئورتاقلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۇزۇر ئىچىدە بولاتتى.

«تۆي» دېگەن نامنىڭ ئاتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋەزىپىسى بولغىنىدەك، ئاتىنىڭمۇ پەرزەنتلىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ۋەزىپىلىرى بار ئىدى. ئاتا بالىسىنىڭ توينى قىلىش مەجبۇرىيىتىدە ئىدى.[2] ئاتا چوڭ ئوغۇللىرىنى ئۆيلىگەندە، ئايرىم ئۆي سېلىپ ئوغلىغا بېرەتتى، كىچىك ئوغۇل ئاتا ئوچىقىنىڭ ئۆچۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كېلىننى ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرەتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن، كىچىك ئوغۇل ئوت تېكىن دېيىلەتتى.[3]

رادلوفنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، كېلىن توي كۈنى كۈيئوغۇل بىلەن تەڭ قېيناتىسىغا كۆرۈنگىلى كېلەتتى، قېيىن ئاتا بۇ يېڭى توي قىلغۇچىلارغا مۇنۇ دۇئانى قىلىپ خەيرلىك تىلەيتتى:

«ئاللاھنىڭ كۆزلىرى ساڭا باقسۇن
قېرىلارنىڭ تەقدىرى ساڭا قونسۇن
ھەق ئاللاھنىڭ كۆزلىرى سەندىدۇر
ئۇلۇغلارنىڭ تەقدىرى سەندىدۇر
ئولتۇرغان يېرىڭنىڭ كۆلى مول بولسۇن
قوي ۋە قوزا پادىلىرىدىن
تېخىمۇ كۆپ نەسلىڭ بولسۇن
ياۋايى خورازنىڭ چۆجىلىرىدىن
تېخىمۇ كۆپ بالىلىرىڭ بولسۇن
ئوتلاقتىكى چاتقاللاردىنمۇ قويۇق
دالادىكى ئېكىندىنمۇ قويۇق بولسۇن
ئالدىڭدا ھەر زامان ئاي چاقنىسۇن
ئارقاڭدا ھەر زامان قۇياش پارلىسۇن
ئۈچ ياشلىق ئاتلىرىڭ سالامەت تۇغسۇن
تۆت ياشلىق ئاتلىرىڭ تۇخۇملۇق بولسۇن
كىيىمىڭ ھەر زامان پاكىز قالسۇن
يىلقىلىرىڭ ھېچقاچان زەئىپ بولمىسۇن
ئارقاڭ ھورۇنلاشمىسۇن!
ھاياتىڭ ئۇزۇن بولسۇن!
كۆڭلىرىڭ ئەبەدىي بولسۇن!
ئالىدىغان نەرسە قالمىغاندا ئالمىغايسەن
تۇتىدىغان نەرسە قالمىغاندا تۇتمىغايسەن

① ئىسلامدىن ئىلگىرىكى تۈرك ھوقۇقىدا، تويلۇق نېمە بولسا، ئىسلام ھوقۇقىدا مەھرى شۇ ئىدى. ئەمەلىيەتتە، قۇرئان كەرىمدە ئاياللارنىڭ مەھرىلىرىنىڭ يۈرەكتىن خالاپ بېرىلىشى ئەمىر قىلىنغان. قۇرئان كەرىمنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوۋغا قىلىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى سىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئۇنى مەززىلىك، سىڭىشلىك (يەنى پاك - ھالال بىلىپ) يەڭلار» سۈرە نىسا، 4 - ئايەت.

② باھائىددىن ئۆگەل، بۇقىرىتى ئەسەر، 169 - بەت.

③ باھائىددىن ئۆگەل: «تۈرك ئەپسانىلىرى»، 29 - بەت.

ئەقلىڭ تېز - تېز ئىشلىسۇن،
روھىڭ شوخ - شوخ چايقالسۇن!
قېرىنداشلىرىڭ سەن بىلەن ئۆچەكەشمىسۇن
يەلكە باغلىرىڭ سېنى ئەزمىسۇن!
ئاستىڭدىكى زېمىن تۆمۈردەك ساغلام بولسۇن!
ساڭا قارشى كەلگەنلەرگە تۆمۈردەك تەۋرەنمىگەيسەن.
سەندىلىڭ تاشتەك ساغلام بولسۇن!
كۆلۈڭنى يېغىنلار ياپسۇن!
ئوتۇڭ ھەر زامان ئىسسىق بەرسۇن.
تامىقىڭ تويغۇدەك بولسۇن!
ئاشلىرىڭ مول - مول ئاقسۇن!
ئىچىگە كىرىدىغان ئۆي بەك گۈزەلدۇر!
تەڭرى ئىرادىنى قۇۋۋەتلەندۇرسۇن!
بىر ئىز باسار يۈزى كۆرگەيسەن
قولۇڭدىن كېسەل بولمىغايسەن!
قولتۇقۇڭدىن ئاغرىمىغايسەن
نۇرلۇق چىراي ئوغلۇڭ بولسۇن!
ئەلگە كۆپ داستىخان سالغايسەن!
يۈز يىللار ياشىغايسەن
چاپقۇر ئارغىماقىقا مىنگەيسەن». ①

يۇقىرىدىكى مەتىندىن شۇنى چۈشىنەلەيمىزكى، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئائىلىسى تولىمۇ مۇناسىپ بولغان سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت ئاساسىغا قۇرۇلغان: شۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ئاتا بەك قەدىمىي چاغلاردىن باشلاپ ئائىلىگە ۋەكىل بولغان بولسىمۇ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئائىلىسىدە ئاتا قورقۇنچى ياكى ئاتا ۋەھىمىسى يوق ئىدى. ئاتا - ئانا ۋە باللار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھىمايە، سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت تەشكىل تۇراتتى. قۇرقۇت ئاتا ھېكايىلىرىدە ئېرىگە:

«بېرى كەلگىن بېشىم بەختى، ئۆيۈم تەختى، خان ئاتامنىڭ كۈيئوغلى، خانىش ئانامنىڭ ئارزۇلۇقى، ئاتا - ئانام بەرگەن كۆز ئېچىپ كۆرگۈنۈم، كۆڭۈل بېرىپ سۆيگۈنۈم ئاھ دىرسەخان (...) ۋاي ئاھ! يوپۇقۇمنىڭ ياخشىسى، ۋاي بۇ بېشىمنىڭ ئۈمىدى، ۋاي شاھ يىگىتىم، شاھباز يىگىتىم، كۆز ئېچىپ كۆرگىنىم، كۆڭۈل بېرىپ سۆيگۈنۈم، بىر ياستۇقتا باش قويغىنىم، يولۇڭدا ئۆلگىنىم، قۇربان بولىدىغىنىم (...) سەندىن كېيىن بىر يىگىتنى سۆيۈپ بارسام، ئۇنىڭ بىلەن ياتسام، ئالا يىلان بولسۇن، مېنى چاقسۇن.»

دېگەن شەكىلدە ھۆرمەت، ئاشىق ۋە ساداقەت بىلەن خىتاب قىلىنسا، ماركوپولو ئۆز چۈشەنچىلىرىنى مۇنداق يازىدۇ:

«ئائىلىدە چوڭلارغا مۇناسىپ كېلىدىغان ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت بار. كىچىكلەر ئاتا ۋە ئانىلىرىنى ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە بۇ ھۆرمەتمۇ ناھايىتى جايىدا بولىدۇ. ئىنتائەت كىچىكلەر

① رادلوف، يۇقىرىقى ئەسەر، 179 - بەت.

ئۇچۇن ئەلا مۇقەددەس ۋەزىپە سانىلىدۇ. ئەگەر بىر بالا ئاتا - ئانىلىرىنىڭ دىگەنلىرىنى ئورۇندىمىسا ۋە يا ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدەك ئىش قىلماي، ئاتا - ئانىسى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزسە، ئاتا - ئانىسى بالىسىنى توغرا ھۆكۈم چىقىرىدىغان، ياخشى تەربىيىلەيدىغان كىشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ كىشىنىڭ ۋەزىپىسى بالىغا كېرەك بولغاندا جازا بېرىش بولۇپ، جازا بېرىشتىن ئىلگىرى بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ ئىشنى ئاڭلايدۇ. ئەگەر قۇسۇرى كۆپ، خاتا ئىش قىلغان بالا بولسا، ئۇنىڭغىمۇ جازا بېرىلىدۇ. بولمىسا، ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىسىنى ئۇ يولغا ئىتتىرمىسە، ئۇ چاغدا بالىغا جازا بېرىلمەيدۇ. بۇ تەربىيىچىنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى بولسا، بالىلارنى ئاتا - ئانىسىدىن ئارتۇق كونترول ئاستىغا ئېلىشتۇر. ئۇمۇ مۇنداق بولىدۇ:

ئەگەر ئاتا - ئانا بىلەن بالىلار ئارىسىدا جىددىي بىر پالاكەت پەيدا بولغان بولسا ۋە بالىلار ئاتا - ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا، ئۇ چاغدا چاتاقنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. يەنى بالىغا قارا قويۇق جازا بېرىلىۋەرمەيدۇ. چاتاق ئۆزىدە بولغان، بالىسىغا ياخشى تەربىيە بەرمىگەن ئاتا ۋە ئانىغىمۇ جازا بېرىلىدۇ.»[1]

ئانا ئاتىدىن كېيىن ئائىلىنى ئىدارە قىلىدۇ. ئاتىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، مىراس ئانىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. بالىلىرىنىڭ ھامىيسىمۇ ئانا بولىدۇ. تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىدا ئاياللارنىڭ ھۆكۈمدارلارنىڭ نائىبى بولۇشلىرى بۇنىڭدىن ئىلگىرىلا بولۇپ ئۆتكەن.[2]

قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر جەمئىيىتىدىكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكتە، شەخسىي ھوقۇقتا، ئىنسانلارنى ھىمايىگە يۈزلەندۈرىدىغان ئىجتىمائىي تەۋرىنىشلەردە، نەسەبنى ھۆرمەتلەشتە، دىنىي چۈشەنچىلەردە ۋە يۇقىرىدا سانىغانلىرىمىزنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەتلەرنىڭ ئاتا چۈشەنچىسىدە، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئائىلىسىنىڭ ئاتا - ئانا، پەرزەنت مۇناسىۋەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن پىرىنسىپلارنى كۆرۈش مۇمكىن.[3] زىيا گۆكئالپنىڭ قارىشىچە، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئائىلە سىستېمىسى دېموكراتىك خاراكتېرنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ.[4] توي قىلىشتا ئائىلە چوڭلىرىدىن تارتىپ قىز ۋە ئوغۇللارغىچە سۆز قىلىشقا ھەقلىق ئىدى.[5]

ئاتىلىرى ئۆلگەن ئوغۇللار ئانىلىرى بىلەن كىچىك قېرىنداشلىرىنى ھىمايىسىگە ئېلىپ بېقىش ۋە تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىدە ئىدى. ئۆلگەن قېرىنداشلىرىنىڭ جورىلىرى ۋە بالىلىرىمۇ ئىگىسىز قالمايتتى، ئۇلارمۇ ئەر قېرىنداشلىرىنىڭ ھىمايىسىگە كىرەتتى.[6] ئابارخارد قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئۆلگەن ئەر قېرىنداشنىڭ تۇل قالغان جورىسى بىلەن ۋە يەنە تۇل قالغان ئۆگەي ئانا بىلەن ئۆيلىنىش شەكلىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى يازغان.[7] قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ۋاپات بولغان قېرىنداشنىڭ تۇل قالغان ئايالى بىلەن ئۆيلىنىش ئادىتى بار ئىدى ۋە ھەتتا بۇ ئادەت زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بەك قەدىمكى ئەنئەنە ئىدى. پەقەت تۇل قالغان ئۆگەي ئانا بىلەن ئۆيلىنىش مەسىلىسىدە، جۇڭگو مەنبەلىرىدىن تاشقىرى، ئابارخارد ئوتتۇرىغا چىقارغان ھەر قانداق بىر بەلگىنى ھېچكىم تېخى تەتقىق

---

① «ماركوپولو ساياھەتنامىسى»، 150 - بەت.
② باھائىددىن ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى»، 169 - بەت.
③ ئىبراھىم كافەسئوغلۇ: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 202 - بەت.
④ زىيائىددىن فەخرى فىندىكئوغلۇ: «تۈرك ئائىلە جەمئىيىتى»، 13 - بەت.
⑤ مەھمەت ئەرئۆز: «ئىقتىساد جەمئىيىتى ھەققىدە چۈشەنچە»، 62 - بەت.
⑥ باھائىددىن ئۆگەل، يۇقىرىقى ئەسەر، 164 - بەت.
⑦ ۋى. ئابارخارد: «جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى قوشنىلىرى»، 76 -، 87- بەت.

www.uyghurkitap.com



قىلىپ باقمىدى. ئېھتىمال، خەن سۇلالىسى مەنبەلىرىدە بۇ توغرىدىكى بىردىنبىر بەلگە خەنزۇ نەسىللىك ھۇن ۋەزىرىنىڭ خەن ئەلچىسىگە بەرگەن مەشھۇر جاۋابىدۇر. بىلگىنىمىزدەك، تۇل ئۆگەي ئانا ۋە يەڭگىلەر بىلەن ئۆيلىنىشنى ئەخلاقسىزلىق دەپ ئەيىپلىگەن خەن ئەلچىسىگە، خەنزۇ نەسىللىك ھۇن ۋەزىرى مۇنۇ جاۋابنى بېرىدۇ:

«ھۇنلاردا ئاتىلىرى ۋە قېرىنداشلىرى ئۆلگەن چاغدا ئۇلاردىن قالغان تۇل ئاياللىرىنى دەرھال ئەمرىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆز نەسلىدىن بىرىنىڭ مۇشۇنداقلا كېتىپ غايىب بولۇشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ. ھۇنلاردا مۇشۇنداق ئارىلىشىپ كەتكەن ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا توي قىلىشلار بولغان بولسىمۇ، ئۇلار ئائىلە پۈتۈنلۈكىگە ۋە بۇ پۈتۈنلۈكنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. ئەمدى خەن سۇلالىسىغا كېلەيلى، گەرچە خەن سۇلالىسىدا ھازىر ھېچكىم ئۆلگەن ئاتا ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ئاياللىرىنى ئەمرىگە ئالمايدۇ. ئەمما ئۇرۇق - تۇغقانلار ئادەتتە بىر - بىرىگە قارشى ئۆچمەنلىك ھەرىكىتىدە بولىدۇ. ھەتتا ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ.»[①]

يۇقىرىدا سېلىشتۇرغىنىمىزدەك، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تۇل قالغان ئۆگەي ئانىلىرى بىلەن ئۆيلىنىدىغانلىقىغا دائىر پاكىت مىلادىدىن ئىلگىرى 174 - يىلىدىكى تارىختىن باشقا، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق بەلگە يوق. پەقەت بۇ بەلگىنىڭ توغرىلىقى ئىسپات قىلىنغىنى بىلەن، بۇنىڭ بىر ئەنئەنە بولمىغانلىقى ۋە بۇنداق توي قىلىشنىڭ ئائىلىنى پارچىلىماسلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ئائىلە پۈتۈنلۈكىنى ھىمايە قىلىش مەقسىدىدە ئېيتىلغانلىقى ھۇن ۋەزىرى تەرىپىدىن ئەسكەرتىلىدۇ. ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ تۇل ئايالى، يەنى يەڭگە بىلەن توي قىلىش بولسا، قىسمەن داۋام قىلىپ كەلگەن يىلتىزلىق ۋە ئاڭلىق بىر ئەنئەنىدۇر. چۈنكى، ۋاپات بولغان قېرىندىشىنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ ئىگىسىز قېلىپ يوقسۇللۇق ئىچىدە ياشىشىغا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى رۇخسەت قىلمايتتى. بارلىقتا ۋە يوقلۇقتا، پۈتۈن ئائىلە باپباراۋەر بولىدۇ. بىر - بىرىگە تايىنىپ ياشايدۇ. ئائىلىنىڭ ھەر قانداق بىر ئەزاسىنىڭ «مەن ئۆلسەم ئايالىم ۋە بالىلىرىمنىڭ ھالى نېمە بولۇر؟» دېگەندەك ئەندىشىسى بولمايدۇ.

ئومۇمەن، خەنزۇ نەسىللىك ھۇن ۋەزىرىنىڭ يۇقىرىدىكى مەنىگە قارىتا بىز سۇنغان جاۋابتا، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆگەي ئانىلىرى بىلەن توي قىلغانلىقلىرىغا دائىر ھېچقانداق بىر ئەسكەرتىش يوق. پەقەت، پەرزەنتلەرنىڭ ئانىلىرىنى ۋە يەڭگىلىرىنى ھىمايىسىگە ئالىدىغانلىقى ئىپادە قىلىنغان، ۋەزىرنىڭمۇ بىلدۈرمەكچى بولغان مەقسىدى پەقەت ھىمايىدۇر. ئەگەر قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئۆگەي ئانا بىلەن توي قىلىشتەك ئادەت بولغان بولسىدى، بۇ ئادەتنىڭ ئىزلىرى يەڭگىلىرى بىلەن ئۆيلىنىش ئادىتى بويىچە بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن بولاتتى. ئۆگەي ئانا بىلەن ئۆيلىنىش، سەۋەب ۋە مەقسەت نېمە بولسا بولسۇن، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردىلا ئەمەس، موڭغۇللاردا[②] ۋە ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەرەب قەبىلىلىرىدىمۇ بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، قۇرئان كەرىمدە «ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالغان بولساڭلار (ئەپۇ قىلىنىدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن يامان ئىشتۇر، ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر، بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت!» دەپ بۇيرۇلغان.[③]

---

① باھائىددىن ئۆگەل، يۇقىرىقى ئەسەر، 165 - بەت.
② چۈرت ئالىنكى: «موڭغۇل قانۇنلىرى»، 58 - بەت.
③ قۇرئان كەرىم، سۈرە نىسا، 22 - ئايەت.

## تاق جورىلىق

ئىسلامدىن ئىلگىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە دەسلەپكى ئىجتىمائىي بىرلىك بولغان ئائىلە قان - قېرىنداشلىققا تايىناتتى. ئەمما، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئائىلە تىپى قەدىمكى رىم، يۇنان ۋە سىلاۋيانلارنىڭ ئائىلە تىپىغىمۇ ئوخشىمايتتى. رىم ۋە يۇناندا ئائىلە باشلىقلىرى ئائىلىگە مۇلۇك مۇناسىۋىتىدىلا مۇئامىلە قىلاتتى. رۇس ئائىلە تىپى بولسا، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىككە تايانغان ئىدى. تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى مۇلۇك ئورتاقلىقى بولسا، پەقەت هايۋانلار بىلەن ئاتلارنىلا ئۆز دائىرىسىگە ئالاتتى.[1] ئاتىنىڭ ئۆزى بالىلارغا تايانغان، ئاتا هوقۇقى مۇكەممەل ئىشلەيدىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئائىلىسىدە توي قىلغان هەر بىر پەرزەنت ئۆز هەسسىسىنى ئالاتتى.[2] ئوخشاشلا، ئېرى ئۆلگەن ئايالمۇ خالىسا توي قىلىپ ئۆيىدىن ئايرىلالايتتى. ئايال يېڭى ئۆيىگە كەتكەندە قىز مېلىنى، كۆرۈشۈش سوۋغىسىنى ۋە چېدىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتەتتى.[3] توي قىلغان خوتۇننىڭ ئۆيىنىڭ مال - مۈلكى ئۈستىدە ئارزۇ قىلغىنىدەك هوقۇقى بار ئىدى. ئاجراشقان هالەتتىمۇ پەقەت ئاتىسىنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن مالنىلا ئەمەس، ئىلگىرى توي قىلغان چاغدىكى مالدىن ئۆزىگە تەئەللۇق قىسمىنى ئېرىدىن ئالالايتتى.[4]

تۈللارنىڭ توي قىلىشى پەقەت قۇتلۇق تۈركلەردە ئۇچرايدۇ، بۇ هەقتىمۇ ئۇلارغا ئىسلام شەرىئىتى بەرگەن.

قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە هەرەم يوق ئىدى.[5] ئومۇمەن بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولاتتى.[6] زىيا گۆكئالپ بەزى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئۇرۇشلاردا بايلاشقانلىقىنى، بىر خوتۇن بىلەن قانائەت قىلمايدىغانلىقىنى، ئەسىرلەردىن ۋە يا ئۆز تەۋەلىرىدىن گۈزەل قىزلارنى تاللاپ خوتۇن قىلىشقا باشلىغانلىقلىرىنى يازىدۇ. پەقەت، ئەخلاق بۇنداق تويغا يول قويمىغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىككىنچى ئايالىغا «توقال» (كىچىك خوتۇن) نامىنى بەرگەن، هەرگىزمۇ «خاتۇن» دەپ ئاتىمىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ توقال خاتۇندىن كۆپ پەرقلىق ئىدى. توقال خوتۇنغا ئوخشاش ئەمەس، خوتۇننىڭ سىڭلىسىغا ئوخشاش، يېقىنى سۈپىتىدە ئائىلىگە قېتىلاتتى. بالىلار توقالنى «هامما» دەپ ئاتايتتى، «ئانا» دەپ ئاتىمايتتى. بۇ ئۇنۋان پەقەت ئۆيىنىڭ ئىگىسىگە، يەنى ئەمەلىي خوتۇنغا بېرىلەتتى.[7] توقاللارنىڭ بالىلىرى ئاتىلىرىنىڭ مال - مۈلكىدىن هەسسە ئالالمايتتى. ئۇلارغا ياشىشى ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە مال - مۇلۇك بېرىلەتتى.[8] بىر هۆكۈمدارنىڭ ئوغلى توقالدىن تۇغۇلغان بولسا، ئاتىنىڭ ئورنىغا چىقالمايتتى. خاقاننىڭ ئوغلىنىڭ خاقان بولۇشى ئۈچۈن ئانىسىنىڭ مۇتلەق خاتۇن بولۇشى شەرت ئىدى.[9] ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەتىۋارلىق ئورۇننى ئىككى ئايال ئالاتتى. ئەڭ چوڭ خوتۇن بۇنىڭغا كىرەتتى، ئۇنىڭ سۆزى ئاڭلىنىلاتتى.[10] كۆكتۈرك خاقانلىقى زامانىسىدا خاقانلار تەرىپىدىن تاڭ سۇلالىسىدىن ئېلىنغان مەلىكىلەرگە «قونچۇي» نامى

---

① ئىبراهىم كافەسئوغلۇ: «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى»، 201 - بەت.
② باهائىددىن ئۆگەل: «تۈرك ئەپسانىلىرى»، 29 - بەت.
③ ئەھمەت ئاغا ئوغلۇ، يۇقىرىقى ئەسەر، 268 - بەت.
④ مەھمەت ئەرئۆز: «تۈرك ئائىلىسى» 7 - بەت.
⑤ زىيا گۆكئالپ: «تۈرك مەدەنىيەت تارىخى»، 2 - توم، 255 - بەت.
⑥ ز. فەخرى فىندىكئوغلۇ: «تۈرك ئائىلە جەمئىيىتى»، 266 - بەت.
⑦ زىيا گۆكئالپ، يۇقىرىقى ئەسەر، 135 - 136 - بەت.
⑧ يۇقىرىقى ئەسەر، 212 - بەت.
⑨ يۇقىرىقى ئەسەر، 212 - بەت.
⑩ «ماركوپولو ساياهەتنامىسى»، 70 - بەت.

www.uyghurkitap.com

بېرىلگەنىدى. قونچۇيلار ھوقۇق جەھەتتىن توقاللاردىن يۇقىرى تۇرۇش بىلەن بىللە، خاتۇنلاردىن تۆۋەن تۇراتتى.[1] توقاللارنىڭ بالىلىرىدەك، قونچۇيلارنىڭ بالىلىرىنىڭمۇ خاقان بولۇش ھەققى يوق ئىدى.[2]

راسونى ئۇرقۇن يادىكارلىقلىرىدا كۆپ خوتۇن ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى، پەقەت تاك سۇلالىسى مەنبەلىرىنىڭ بۇنىڭ ئەكسىنى ئىپتىدىغانلىقىنى يازىدۇ.[3] ئەمما راسونىنىڭ پىكرىشىغا قارىغاندا، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تاق خوتۇن بىلەن ياشىغانلىقلىرىغا دائىر كەسكىن دەلىللەر بار ئىكەن. مۇنىسىنسىك ئەتراپىدا ياشايدىغان تاتارلارنىڭ داستانلىرىدا، ئەڭ پاكىز تاق خوتۇن بىلەن ياشىغان قەھرىمانلار تىلغا ئېلىنىدۇ.[4] ئومۇمەن، بايا سۆز ئېمىسى قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى داستان قەھرىمانلىرىنىڭ كۆپىنىڭ تاق خوتۇنى بار ئىدى. ھەقىقەتەن، قەدىمكى تۈركچىدە ئىككىنچى خوتۇن ئۈچۈن قوللىنىلغان تۈركچە بىرەر سۆز يوق ئىدى.[5] بەزى مەنبەلەر ئۆزبېك دىئالېكتىدىكى «قىرناق» دېگەن سۆزنىڭ ئىككىنچى خوتۇن دېگەن مەنىنى بېرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، مەھمۇد كاشغەرى بۇ سۆزنىڭ «ئەسىر ئايال» مەنىسىدە كېلىدىغانلىقىنى يازغان. قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ چۆرە مەنىسىدە قوللانغان «كۈڭ» سۆزىنىڭ خەنزۇچە مەنىسى بىزدە بۇ نەرسىنىڭ يېڭى بولغانلىقىنى كۆرسەتكىنىدەك، ئىككىنچى خوتۇن بىلەن توي قىلىشمۇ خېلى كېيىنكى چاغلاردىكى ئىش ئىدى.

شۇ ئىزاھلارغا قارىغاندا، ھەر ھالدا بىردىن ئارتۇق خوتۇن بىلەن توي قىلىش كېيىنكى چاغلاردىن باشلانغان ۋە بەك كۆپ ئۇچرىمايدىغان توي قىلىش شەكلى ئىدى. ھەقىقەتەن، كېيىنكى دەۋرلەردە، 10 ـ ئەسىردە تۈركىستانغا كەلگەن ئىبن فەزلان مېھمان بولغان بىر ئوغۇزنىڭ ۋە ئوغۇز سۇباشىسىنىڭ (سانغۇن) ئۆيىدە بىرلا خانىم بارلىقىنى يازغان. بۇ ئەنئەنە سەلجۇقىيلار ۋە ئوسمانىيلار زامانىدىمۇ داۋام قىلغان، ئوردىنىڭ ۋە دۆلەت ئىدارىچىلىرىنىڭ سىرتىدىكى ئاددىي خەلق كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا ئىلتىپات قىلمىغانىدى.

ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان، كۆپلىگەن تۈركچە سۆزلەرنىڭ بولۇشى، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئائىلە ئاساسىنىڭ كۆپ قەدىمىي ۋە يىلتىزلىق ئۆتمۈشكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى تۈركچىدە كەڭ مەنىدە ئائىلىنىڭ، يەنى نەسەبىنىڭ نامى ئۇرۇق ئىدى. ئاتا ـ ئانا ۋە بالىلاردىن مەيدانغا كەلگەن ئائىلىنى «تۆركۈن» دەپ ئاتايتتى.[6] بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەر، مەسىلەن، ياقۇتلار ئاتا ـ ئانا ۋە بالىلاردىن تەركىب تاپقان ئائىلىنى «كەرگەن» دەپ ئاتايتتى. پەقەت كەرگەنلەرلا تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي بىرلىكنىڭ ئەزاسى ئىدى، بۇنى ئۇلار «ئۇسا» دەيتتى. ھەر ئۇسانىڭ «ئاغا ئۇسا» ئېتى بېرىلگەن بىر باشلىقى بار ئىدى. ئايرىم چاغلاردا، «ئوغۇز» سۆزى ئۇرقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئائىلە دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگىنىدەك «ئارقا كۈن» سۆزىمۇ يەنە ئائىلە مەنىسىدە كېلەتتى. «كىشى، خوجا، ئاپۇشكا، ئەر، ئائىلە رەئىسى، ئاتا، كۈن، قاڭ» دېگەن سۆزلەر ئاتا مەنىسىدە كېلەتتى. «قاڭداش» ئەر قېرىنداش، «قاڭسىك» ئۆگەي قېرىنداش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيتتى. قېرىنداش مەنىسىدە كەلگەن باشقا سۆزلەرمۇ بار ئىدى. «ئاغا» چوڭ ئەر قېرىنداش، «ئەچى» (ئاچا) چوڭ

---

1. ئورخان تۈركئوغلان: «تۈرك تارىخىنىڭ جەمئىيىتى»، 316 ـ بەت.
2. زىيا گۆكئالپ، يۇقىرىقى ئەسەر، 212 ـ بەت.
3. ل. راسونى: «تارىختا تۈركلەر» 57 ـ بەت.
4. ل. راسونى، يۇقىرىقى ئەسەر، 57 ـ بەت.
5. ل. راسونى، يۇقىرىقى ئەسەر، 57 ـ بەت.
6. ياقۇتلار ئاتا نەسلىنى «سۈي»، ئانا نەسلىنى «سوپ» دەيتتى.

ئايال قېرىنداش، ياش ئايال، «ئىنى» كىچىك قىز قېرىنداش، «ئەمىكداش» (يەنى سۈت قېرىنداش)، «تۇتۇنچ ئوغۇل» بولسا تۇتۇلغان ئوغۇل، باللىققا قوبۇل قىلىنغان ئوغۇل دېگەن مەنىلەرنى بېرەتتى. قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئايال ئۆينىڭ غول تۈۋرۈكى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئايالغا كەلگ مەنە بېرىپ «ئۆيچى» دەپ ئاتايتتى. ئايالنى كۆكتۈركلەر «ئەش»، ئوسمانىيلار «ئەۋدەش»، چاغاتاي تۈركلىرى «ئۆيلۈك»، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر «ئەشى، ئىشلەر، يوتۇز، ئەگىمچ، باشا، باشيولداشى، بىكە، ئەۋشەنلىغى» دەيتتى. جورىغا ئومۇمەن ئائىلىگە يېڭىدىن قوشۇلغان مەنىلەر بويىچە «قاتىن، قاتۇن، خاتۇن» نامى بېرىلگەن، كېلىنگە ئۆز مەنىسى بويىچە «كېلىن» دەپ، كۈيەۋگە قوبۇل قىلىش، ئىشىنىش، ئىشىنىدىغان ئادەم دېگەن مەنىلەرنى بېرىپ «كۈبەك، كۈدەگۈ» دېگەن نام بېرىلگەن. قىز، كىشى، ئەر، ئوغۇل، بالدىز دېگەن سۆزلەر قەدىمكى تۈركچىدە بۈگۈنكى شەكلى ۋە بۈگۈنكى مەنىسى بىلەن قوللىنىلغان، ھامما «ئىچى»، «ئاباغا»، تاغا «تاغاي، تاي» دېيىلگەن، بەزى تۈركىي دىئالېكتىلىرىدە تاغىنى «تايانا، تايىەنگە، يەگەنە» دەپ ئاتاشلار ئۇچرايدۇ. «ئۆگ» ئانا دېمەكتۇر. بىز بەزى ھاللاردا قوللىنىدىغان «ئۆكسۈز» سۆزى «ئانىسىز» دېگەن يىلتىزدىن كۆكلەپ چىققان.

ئالتاي تۈركلىرى ئاتىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ئۆي قۇرغان ئوغۇل ئالىدىغان مالنى «ئەنچى» دەپ ئاتايدۇ. قىز مېلى ئۈچۈن بولسا كۆپلىگەن تۈرك قەبىلىلىرى «ئەڭنە، كوشانتى، ئىنچۇ» دېگەن سۆزلەرنى قوللانغان. ئەمما، «ئىنچۇ» دېگەن سۆز مىراس ھەسسىسى، خان يېرى، خاننىڭ تۇرالغۇسى دېگەن مەنىلەردىمۇ قوللىنىلاتتى. ئۆيلەنگەنلەرگە بېرىلىدىغان ھەدىيەلەر بولسا «ئەۋگۆرە، سۈنگۈ، سۈنۈك، تانشۇغ، ئۇما، تۆرە، ياساق ساۋان، يۈز تۇترۇغۇ، بۆلەك، بەلەك، ساچى، ساتى، ئۈلۈ، يانت» قا ئوخشاش بىر مۇنچىلىغان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنەتتى.[1] ئەڭ قەدىمكى تۈركىي دىئالېكتى بولغان چۇۋاش دىئالېكتىدا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى[2] ئىپادىلەيدىغان ئاتمىشقا يېقىن سۆزنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغانكى،[3] بۇنداق سۆز بايلىقى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئائىلىسىنىڭ ناھايىتى قەدىمىي تارىخقا ۋە ناھايىتى كۈچلۈك ياشاش كۈچىگە ئىگە بولغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

## ئىسلام ھوقۇقى بىلەن قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ھوقۇقىنىڭ ئوخشاشلىقى

يۇقىرىدا تەتقىق قىلىنغان تېمىلاردا پەرقلەندۈرۈلگىنىدەك، ئىسلام ھوقۇقى بىلەن ئائىلە ۋە جازا ھوقۇقىغا تەئەللۇق بولغان قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ھوقۇقى ئارىسىدا ئۆزئارا باغلىنىدىغان ئوخشاشلىقلار تىلغا ئېلىنغان. قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ھوقۇقى ھېچقاچان ئىسلام ھوقۇقىنىڭ ئۆزى ئەمەس ئىدى، ئەمما ئىككى ھوقۇقىنىڭ مەقسىدى ئارىسىدا دىققەتنى تارتىدىغان، شۇ دەرىجىدە ئېنىق ئوخشاشلىقلار باركى، بۇ ئەمەلىيەت تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىمۇ ئىسلامغا يېقىن مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە بولغانلىقىنىڭ ئۇچۇق دەلىلىدۇر.

چىڭگىزخان بۇخاراغا بېسىپ كەلگەندە دىنىي مەسىلىلەردە مۇنازىرە قىلىدىغان بىر

① باھائىددىن ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى»، 238 - بەت.
② قازاقلاردا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق قىرىق ئەۋلادقا بېتىدۇ. ئەمما يەتتىنچى ئەۋلادتىن كېيىن توي قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. قىرغىز، باشقۇرت ۋە ئالتايلىقلاردىمۇ ئەينى شەكىلدە بولۇپ كەلگەن. ياقۇتلاردا چەكلەش توققۇزىنچى ئەۋلادقىچە بولىدۇ.
③ زولوتىنسكى: «چۇۋاشچە سۆزلۈك»

ئالىمنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇغان، بۇخارالىقلار قازى ئەشرەپ ئىسمىلىك مەۋلەۋىنى بۇ ئىشقا تەۋسىيە قىلغان، قازى ئەشرەپ بىلەن چىڭگىزخان ئارىسىدا مۇنداق دىئالوگ بولۇپ ئۆتكەن:

« — نېمىشقا مۇسۇلمانسىلەر؟

— مۇسۇلمانلار تەڭرىنىڭ قۇللىرىدۇر، تەڭرى بىردۇر، خوتۇنى ۋە ئۆزىگە ئوخشىغۇچىسى يوقتۇر.

— مەنمۇ تەڭرىنىڭ بىرلىكىنى قوبۇل قىلدىم.

— تەڭرىنىڭ ئەلچىلىرى باردۇر، قۇللىرىغا ئەمىر ۋە ياساقلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، جانابىي ھەق ئۇلارنى ئەۋەتكەندۇر.

— بۇنىمۇ قوبۇل قىلدىم.

— كۈندە بەش ۋاق ناماز ئوقۇپ، تەڭرىگە قۇللۇق بىلدۈرىمىز. ئون بىر ئاي خالىغان چاغدا تاماق يەيمىز، بىر ئايدا بولسا كۈندۈزى ھېچقانداق نەرسە يېمەيمىز.

— بۇمۇ ياخشىكەن.

— تەڭرىنىڭ مەككە دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۆيى باردۇر. ئەگەر قۇربىمىز يەتسە ئۇ يەرنى زىيارەت قىلىمىز.

— بۇنى قوبۇل قىلالمايمەن! پۈتۈن دۇنيا تەڭرىنىڭ ئۆيىدۇر. پەقەت بىر يەرنىلا بەلگىلەپ قويۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ! »[①].

تۈرك - موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقىنى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىسىنى مەنبە قىلغان قانۇنلار بىلەن باشقۇرۇۋاتقان چىڭگىزخان، كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەڭرىنىڭ بىرلىكىنى، پەيغەمبەرلەرنى، نامازنى ۋە روزىنى قوبۇل قىلغان، ئەمما، مەككىنىڭ تەڭرىنىڭ ئۆيى بولۇشىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن، ئىسلام ئېتىقادىدا تەڭرىنىڭ ئۆيى يوقتۇر، چۈنكى، ئۇ ماكاندىن ھالقىغاندۇر.[②] بۇ مۇنازىرىدە يېڭىلگىنى چىڭگىزخان ئەمەس، بۇخارا قارىسىدۇر.

تۈركى تىللىق خەلقلەر ئەنئەنىسىنىڭ، ياشاش ئۇسۇلىنىڭ، چۈشەنچىسىنىڭ ۋە قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر دىنىنىڭ ئىمان تەرىپىدىن ئىسلامغا يېقىنلىقىنى ئىپادە قىلىدىغان بۇ دىئالوگدىن باشقا، ھوقۇق تەرەپتىكى ئوخشاشلىقى سېلىشتۇرۇلغان دىئالوگلارمۇ بار. ئۇمماۋىيلەرنىڭ خوراسان ۋالىيسى جۇنەيد بىن ئابدۇرراھمان ئەلمۇرۇل ئەل دەمەشقى بىلەن ئىسلامىيەتنى تېخى قوبۇل قىلمىغان تۈرك خاقانى ئارىسىدىكى دىئالوگنى قەدىمكى بىر مەنبەدە مۇنداق سۆزلىگەن:

خاقان: زىنا قىلغان كىشى توغرىسىدىكى ھۆكۈملەر قانداق؟

جۇنەيد: بىزنىڭچە زىنا قىلغانلار ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى، باشقىلارنىڭ نومۇسىغا كۆز تىكىشكە ئېھتىياجى تۇغۇلغان تونۇش - بىلىشكە بىر ئايال تېپىپ بەرگەن بىرى، ئىككىنچىسى، ئۆزى ئىزدەپ يۈرۈپ زىنا قىلغان بىرى (يەنى توي قىلغان ۋە توي قىلمىغان) . توي قىلمىغانغا يۈز كالتەك ئۇرۇلىدۇ. يەنە زىناخورنىڭ ئەسكى نامىنى پۇر قىلىش، سازايى قىلىش، تەكرار بۇنداق قىلىشتىن قول تارتقۇزۇش، ئۇنىڭ قىلىقىنى قىلماقچى بولغانلارغا ئىبرەت قىلغۇزۇش مەقسىدى بىلەن چوڭ يىغىلىش ھازىرلىنىپ، زىناخور سازايى قىلىنىدۇ. بۇنداق ھەرىكەتنى قىلىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىسە، ئۆيلەنگەن

---

① «تۈزۈكاتى تىمۇر ۋە چىڭگىز ياسىقى»، 120 - بەت.
② سۈرە بەقەرە، 115 - ئايەت.

زىناخور ئۆلۈپ قالغۇچە تاش - بوران قىلىنىدۇ.

خاقان: بەك ياخشى تەدبىركەن، ئومۇسلۇق بىرسىگە زىنا يۈكلىگەن كىشى ھەققىدىكى ھۆكۈمىڭلار قانداق؟

جۈنەيد: بىز بۇنداق كىشىگە سەكسەن كالتەك ئۇرۇش جازاسى بېرىمىز. گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلمايمىز ۋە ھېچبىر سۆزىنى ئىلىك ئالمايمىز.

خاقان: بەك ياخشى تەدبىر ئىكەن، ئوغرى ھەققىدىكى ھۆكۈمۈڭلار قانداق؟

جۈنەيد: بىرىنچىدە، ئوغرى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى، تاملارنى تېشىپ ۋە يا ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشىدىغان، باشقىلارنىڭ مەخپىي يەرگە قويغان مېلىنى ئېلىش ئۈچۈن كىرگەن ئوغرىلار. بۇلار مال ئوغرىلاپ ماڭغانلا بولسا، ئىككى قولى بېغىشىدىن كېسىلىدۇ. يەنە بىرسى بولسا، يول توسۇپ، تەھدىت سېلىپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ مېلىنى بۇلىغان، قورال ئىشلەتكەن ۋە مال ئىگىسى مېلىنى مۇداپىئە قىلسا، ئۇنى ئۆلتۈرگەن بۇلاڭچى ئوغرىلار- دۇر. بۇنداق ئوغرىلار يولۇچىلار ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يول ئۈستىدە چاھار مىخقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

خاقان: بۇمۇ بەك ياخشى تەدبىر ئىكەن. باشقىلارنىڭ ماللىرىنى مەجبۇرىي ئېلىۋالغان ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانلار توغرىسىدىكى ھۆكۈمىڭلار قانداق؟

جۈنەيد: مەجبۇرىي ئېلىۋېلىش، باشقىلارنىڭ مېلىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بەزى يېنىك جىنايەتلەرنىڭ ئېغىرلىشىشى بولۇپ، گۇمانلىق، خەتەرلىك جىنايەتلەر ۋە ئوغ- رىلىقتىن باشقا ھەرىكەت ئېھتىمالى بولسا، مۇنداق جىنايەتچىلەرنىڭ قولىنى كەسمەيمىز.

خاقان: ياخشى تەدبىر ئىكەن. ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە بۇرۇن، قۇلاققا ئوخشاش ئەزالارنى كەسكەن كىشى توغرىسىدىكى ھۆكۈمىڭلار قانداق؟

جۈنەيد: بۇ خۇسۇستىكى ھۆكۈمىمىز «جانغا جان، كۆزگە كۆز، بۇرۇنغا بۇرۇن، قۇلاققا قۇلاق، چىشقا چىش، يارىلاندۇرغانغا قىساس» تۇر. بىر ئادەمنى ئون كىشى ئۆلتۈرسە قىساس ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىمىز. كۈچلۈك، ماغدۇرلۇق بىر ئادەمنى ئاجىز بىر ئادەم ئۈچۈن ئۆلتۈرىمىز. قول ۋە پۇت ھەققىدىكى ھۆكۈمىمىز ئوخشاش.

خاقان: بەك ياخشى تەدبىر. يالغانچى، پىتنە - پاساتچى، بىئەدەپ كىشى ھەققىدە قانداق ھۆكۈمىڭلار بار؟

جۈنەيد: بىز بۇنداق كىشىلەرنى سۆرگۈن قىلىپ، ئاھالىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، خار كۆرۈپ جازالايمىز. گۇۋاھلىقلىرىنى قوبۇل قىلمايمىز، ھېچبىر ھۆكۈمنى ئېتىبارغا ئالمايمىز.

خاقان: پەقەتلا مۇشۇمۇ؟

جۈنەيد: دىنىمىزغا قارىتا بېرىلىدىغان جاۋابىمىز مۇشۇنچىلىك.

خاقان: مېنىڭچە، پىتنە - پاساتچى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىنى ئۇتاشتۇرىدىغان كىشىدۇر. مۇشۇنداق بىر ئىنساننى ھېچكىم كۆرمەيدىغان يەرگە سولايمەن. ئوچۇق - ئاشكارە يەل قويۇپ بەرگەن كىشى قۇيرۇقىنى قىسسۇن، بۇ ھەرىكەتنى قىلغان ئەزاسىنى جازالايمەن. يالغانچىغا كەلسەك، سىلەرنىڭ ئوغرىلارنىڭ قولىنى

كەسكىنىشلاردەك، مەنمۇ ئۆلارنىڭ يالغان سۆزلىگەن ئەزاسىنى كېسىمەن».[1]

ئىسلامنىڭ ئەمىر – مەرۋىپلىرىنى تەبلىغ قىلغان جۇنەيد بىن ئابدۇرەھمان بىلەن تۈرك خاقانى ئارىسىدىكى بۇ دىئالوگ، مۇسۇلمان ئۇممەۋىي ۋالىيسى بىلەن شامانىست تۈرك خاقانى ئارىسىدىكى تونۇش بىرلىكىنى ئىپادە قىلىدۇ، بۇ تونۇش بىرلىكى، قەدىمكى تۈرك دىنىنىڭ ئىسلامىيەتكە يېقىنلىقىنى ئىزاھلاش جەھەتىدىن شۇ دەرىجىدە يۇقىرى ئۇنۇم ياراتقان. ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامىيەتكە قارشى شىددەت بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكىنىنىڭ ئەكسىچە، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كۆپ قارشىلىق كۆرسەتمەيلا توپ – توپ بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشلىرىنىڭ سىرىمۇ مۇشۇ بولسا كېرەك.

تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئائىلە مۇشۇنداق مۇقەددەس، ئاياللار زامانىمىز چۈشەنچىلىرىگە مۇناسىپ ھالدا خەلقىنىڭ شەرەپلىك ۋە ئەخلاقى مۇكەممەل كىشىلىرى بولۇپ، ئۇلارغا قوپاللىق قىلىنغاندا بېرىلىدىغان جازانىڭ قوپال بولۇشىمۇ تەبىئىي ئىدى. زىيا گۆكئالپ ماھمۇت ئەسات ئەپەندىنىڭ «تارىخىي ئىلمىي ھوقۇق» ناملىق ئەسىرگە ئاساسلىنىپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ناھايىتى قەدىمىي دەۋرلەردىن باشلاپ جازا بېرىشنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىگە ئاساسەن بېكىتىلىدىغانلىقىنى يازغان. شەخسەن ھاياتىنى، جېنىنى، مېلىنى، نومۇسىنى قوغداش دۆلەتنىڭ ئەسلىي ۋەزىپىسى ئىدى.[2] يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن جىنايى قىلمىشنى سادىر قىلغۇچىلارنى جازالاشمۇ دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. بىرىنى يارىلاندۇرغان چاغدا، خۇن ھەققى بېرىپ ئىشنى تۈگىتىش «ۋىلايەتى ئامما» نىڭ ھەققىگە مۇخالىپ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن چەكلىنەتتى.[3]

تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىنىڭ ھەربىر دەۋرىدە ئىپپەتكە تاجاۋۇز قىلىش دائىما ئۆلۈم بىلەن جازالىنىدىغان جىنايەت دەپ ھېسابلانغان ۋە بۇ جىنايەتنىڭ جازاسى دائىم چوقۇم ئىجرا قىلىنغان.[4] جۇڭگو مەنبەلىرىگە قارىغاندا، ھۇنلارغا ياتلىق بولغان بىر ئايالنى بۇلغىغان بىر كىشى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغانىدى. بىر ياش قىزنى ئازدۇرۇپ نومۇسىغا تەگكەن بىر كىشى بولسا ناھايىتى كۆپ جەرىمانە تۆلىگەن ۋە شۇ قىز بىلەن ئۆيلىنىشكە مەجبۇر قىلىنغانىدى.[5] 7 – ئەسىردە كۆكتۈرك ئۆرپ – ئادەتلىرىنى تىلغا ئالغان جۇڭگولۇق تارىخشۇناسلارنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، بىرسىنىڭ خوتۇنى بىلەن غەيرىي مۇناسىۋەتتە بولغانلار ئۆلۈمگە بۇيرۇلاتتى.[6] ئوخشاشلا، كۆكتۈركلەردە ياش بىر قىز زورلۇقتا ئۇچرىغان ۋە زورلۇق قىلغۇچى بىلەن توي قىلىشنى خوپ كۆرمىسە، زورلۇق قىلغۇچى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىناتتى.[7] قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە خىيانەت قىلغان ئاياللارغا ئوخشاشلا، خىيانەت قىلغان ئەرلەرنىمۇ ئۆلۈم كۈتۈپ تۇراتتى.[8] ئىبىن فەزلان زىنا قىلغانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى يازغان.[9] چىڭگىزخان ياسىقىدا ئىپپەتكە تاجاۋۇز قىلغانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى ئېنىقلا ئىپادە قىلىنغان. كۆكتۈركلەردىمۇ نومۇسقا تاجاۋۇز قىلغانلار ئۆلۈمگە بۇيرۇلاتتى، ئاندىن

---

① ئەبۇ ئوسمان، ئەمىر بەھىر ئەلجاھىز: «خىلافەت ئوردۇسىنىڭ مەنقىبەلىرى ۋە تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى»، 87 – 89 – بەتلەر.
② زىيا گۆكئالپ: «تۈرك مەدەنىيەت تارىخى»، 181– بەت.
③ زىيا گۆكئالپ، يۇقىرىقى ئەسەر، 181 – بەت.
④ باھائىددىن ئۆگەل، يۇقىرىقى ئەسەر، 108 – بەت.
⑤ «ئىبىن فەزلان ساياھەتنامىسى»، 112 – بەت.
⑥ ئابدۇقادىر ئىنان: «كۆچمەن تۈرك قەبىلىلىرىدە ئەۋلادلىق»، 316 – بەت.
⑦ يىلماز ئۆز تۇنا: «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى»، 166 – بەت.
⑧ ل. لىگەتى، يۇقىرىقى ئەسەر، 142 – بەت.
⑨ «ئىبىن فەزلان ساياھەتنامىسى»، 57 – بەت.

ئىككى پارچىغا بۆلۈنەتتى. قارلۇقلار بولسا زىنا قىلغانلارنى كۆيدۈرۈپ جازالايتتى.①
تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان ماركوپولو خاتىرىسىدە بىرمۇ پاھىشىنىڭ بولمىغانلىقىنى قەيت قىلغان.② 13 ـ ئەسىردىكى ياۋروپالىق سەيياھلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر زېمىنىنىڭ شىمالىدىراق ياشايدىغان مەرد، مۇردۇن ۋە فىن قوۋملىرىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت جەھەتتە ناھايىتى ئەركىن بولىدىغانلىقىنى يازغان.
زىنا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە قاتتىق چەكلەنگەن.③ بۇ گۇناھنى ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ئۆلۈم بىلەن جازالىنىدىغانلىقى ھۆكۈم قىلىنغان.④
يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئىسلامدىن ئىلگىرىكى تۈرك ھوقۇقىدا ئۆيلىنىپ پاھىشە قويىنىدا قاندىغان كىشىگە بىرسە، بويتاقلارنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلىش خەۋپى يوقتۇلۇپ، ئۆيلەنىش شەرتى بىلەن تېخىمۇ يېنىك جازانى مۇناسىپ كۆرسە، ئىسلام ھوقۇقىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ھۆكۈم قىلىدۇ.⑤ بۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام ھوقۇقى نومۇس دۇشمەنلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمىنىڭ قارارى مەزكىلىدە قانداق «مۆمىنلەردىن بىر گۇرۇھىنىڭ بۇلارنىڭ ئازابىغا شاھىت بولۇشىنى» بۇيرۇغاندىكى بۇ ھۆكۈم، ئىسلامدىن ئىلگىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ھوقۇقى ئۈچۈنمۇ سۆز تېمىسى ئىدى. بىلىمىزكى، بىر كۆكتۈرك قاغانى زىنا قىلغان تالڭ سۇلالىسىلىق مەلىكىنى خەلقنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئۆزى قىلىچلاپ ئۆلتۈرگەنىدى.⑥
ئىسلامدىن ئىلگىرى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ھوقۇقى بىلەن ئىسلام ھوقۇقى ئارىسىدا نومۇس تاجاۋۇزىغا بېرىلىدىغان جازا توغرىسىدىكى بۇ ماسلىشىش بەچچىۋازلىق ئۈچۈنمۇ سۆز تېمىسى بولالايدۇ. ھەر ئىككى ھوقۇق سىستېمىسىمۇ بەچچىۋازلىقنى ئەخلاق سىرتىدىكى تەۋرىنىش دەپ نەتىجىلىگەن، تولا چاغلاردا بۇ گۇناھقا بېرىلگەن جازا ئۆلۈم بولغان. ئىبن فەزلان بەچچىۋازلىقنىڭ تۈركلەر ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ گۇناھ بولىدىغانلىقىنى يازغان.⑦
چىڭگىزخان ياسىقىدىمۇ ئىبن فەزلان قەيت قىلغان بەچچىۋازلىققا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن. قۇرئان كەرىمدە «سىلەر ئاياللارنى قويۇپ، جىنسىي تەلىپىڭلار ئەرلەر بىلەن قاندۇرالامسىلەر؟ بەلكى سىلەر نادان قەۋمسىلەر»⑧ دېيىلگەن. بىر ھەدىستە بەچچىۋازلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى بايان قىلىنغان.⑨
قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر مۇقەددەس نەرسىلەرگە تاجاۋۇز قىلغانلارنى جازالايتتى. مۇقەددەس نەرسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغان قىلمىسزلىقلارنى بولسا، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ۋە قائىدىگە ئاساسەن جازالايتتى. ئىنسان ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان گۇناھلارنىڭ جازاسى ئېغىر ئىدى. ھۆكۈم قىلىنغان گۇناھنىڭ جازاسى بېرىلدىمۇ ياكى بولمىسا قازا دەپلا بولدى قىلىندىمۇ، بۇنىڭغا شۇنداق قاتتىق دىققەت قىلىناتتىكى، بۇنىڭغا ئىسلام ھوقۇقىمۇ كۆپ ئېتىبار بىلەن قارىغان⑩ ۋە «جازا نىيەتنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن پىرىنسىپنى قوللانغان ئىدى.
بىلىپ تۇرۇپ ۋە ئۆزى زورلاپ قىلغان جىنايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جازا

---

① يۇقىرىقى ئەسەر، 112 ـ بەت.
② «ماركوپولو ساياھەتنامىسى» 94 ـ بەت.
③ مەسىلەن، سۈرە ئىسرا، 32 ـ ئايەت؛ سۈرە نىسا، 16 ـ ئايەت.
④ سۈرە نىسا، 15 ـ ئايەت.
⑤ تاش بوران پەقەت توي قىلغانلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازا، بويتاقلارغا ئاز جازا بېرىلىدۇ.
⑥ باھائىددىن ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى»، 233 ـ بەت.
⑦ «ئىبن فەزلان ساياھەتنامىسى»، 34 ـ بەت.
⑧ قۇرئان كەرىم، سۈرە نەمل، 55 ـ ئايەت.
⑨ قۇرئان كەرىم، «سۈنەنى تىرمىزى» 3 ـ توم، 60 ـ بەت.
⑩ قۇرئان كەرىم، سۈرە نىسا، 93 ـ ئايەت.

هوقۇقى قىساس ئاساسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. قۇرئاندا «ئەي ئەقىل ئىگىلىرى! قىساستا سىلەرگە هاياتلىق بار»[1] ۋە «سىلەر يىغىلىپ بولدۇڭلارمۇ؟ ئەگەر سېھىرگەرلەر غالىب چىقسا، ئۇلارغا بويسۇنىشىمىز مۇمكىن» دېيىلدى.[2] باشقا بىر ئايەتتە «هۆر هۆر بىلەن، قۇل قۇل بىلەن، ئايال ئايال بىلەن قىساستا بولىدۇ» دېگەن هۆكۈمى چىقىرىلغان[3]، يەنە نۇرغۇن سۈرىلەردە قىساسنىڭ ئۇنۇمى توغرىسىدا ئىشارەت قىلىنغان.[4]

«قۇرئان كەرىم» رۇخسەت قىلغان قىساس ئېلىش قائىدىسى قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ جازا قانۇنىنىڭمۇ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. قارلۇقلاردا قاتىل ئۈچۈن قىساس تەتبىق قىلىناتتى، جاراھەت ھادىسىلىرىدە بۇيرۇق قىلىناتتى.[5] قىلىچ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلەتتى.[6] هۇنلاردا ئادەم ئۆلتۈرگەننىڭ جازاسى ئۆلۈم ئىدى.[7]

قاراقچىلارنىڭ ۋە ئوغرىلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىمۇ قاتىللارنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن پەرقلىق ئەمەس ئىدى. تېخىمۇ يېنىك جازا بېرىلىدىغان دەۋرلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەكسىچە، تۈركىي تىللىق خەلقلەر قۇرغان دۆلەتلەر قاراقچىلارنى ۋە ئوغرىلارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيتتى.[8] كۆكتۈركلەردە ئوغرىلىق قىلغانلارنى ئوغرىلىغان مېلىنىڭ ئون هەسسىچىلىك تۆلەشكە بۇيرۇلاتتى، ئەگەر تۆلىمىسە ئەركىنلىكىنى بىكار قىلىپ، قۇل هېسابلايتتى.[9] بۇ هۆكۈم چىڭگىزخان ياسىقىدا قىسمەن قوللىنىلغان، قىممەتلىك مال ئوغرىلىغان ئوغرى ئۆلۈمگە مەهكۇم قىلىناتتى، ئەرزان مال ئوغرىلىغانغا، مالنىڭ تۈرىگە قاراپ يەتتىدىن يەتتە يۈز كالتەككىچە ئۇرۇش بۇيرۇلاتتى. ئەمما ئوغرىلىغان مېلىنىڭ توققۇز هەسسىسىنى قايتۇرغانلارغا كالتەكلەش جازاسى بېرىلمەيتتى.

هۇنلاردا ئۆلتۈرۈلگەن ئوغرىنىڭ كېسىلگەن بېشى ئالەمگە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلاتتى، [10] ئاتا بۇ كاللىنى ئۆلگىچە بوينىدىن ئېلىۋېتەلمەيتتى. [11]

قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر هوقۇقىدا ئوغرىنىڭ بېشىنىڭ كېسىلىشى ۋە ئاتىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىشىغا مۇناسىپ هالدا، ئىسلام هوقۇقىدىمۇ ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ، [12] ۋە ئاتىنىڭ ئەمەس، ئۆزىنىڭ بوينىغا ئېسىلىدۇ. [13]

ئۇممەۋىي ۋالىيسى جۇنەيد بىن ئابدۇررەهمان بىلەن تۈرك خاقانى ئارىسىدىكى دىئالوگدىن چۈشەنگىنىمىزدەك، ئىسلامدىن ئىلگىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەبىلىلىرى يالغانچىلىق قىلىشقا ۋە قىمار ئويناشقا قارشى تۇراتتى. تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەخلاقى قىمارۋازلار بىلەن يالغانچىلارنى ئەيىپلەيتتى، ئۇلارنىڭ بىرەر ئىشتا گۇۋاهلىق قىلىشىنى قوبۇل قىلمايتتى، ماركوپولو قۇبلايخاننىڭ قىمار ئوينىغانلارغا قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى ۋە قىمارنى چەكلىگەنلىكىنى يازغان. [14] چىڭگىزخان ياسىقىدىمۇ سېھىرگەرلەر ۋە داخانلارغا، يالغانچى

---

① قۇرئان كەرىم، سۈرە بەقەرە، 179 ـ بەت.
② قۇرئان كەرىم، سۈرە شۇئەرا، 40 ـ ئايەت.
③ قۇرئان كەرىم، سۈرە بەقەرە، 178 ـ ئايەت.
④ قۇرئان كەرىم، سۈرە مائىدە، 45 ـ ئايەت: سۈرە نەهل، 126 ـ ئايەت؛ سۈرە هەج، 60 ـ ئايەت.
⑤ ئەبۇ دۇلەف ساياهەتنامىسىنىڭ تۈركلەرگە ئائىت قىسمى، «ئىبن فەزلان ساياهەتنامىسى»، 91 ـ بەت.
⑥ ل. لىگەتى: «هايتالىمىغان ئىچكى ئاسىيا»، 50 ـ بەت.
⑦ زىيا گۆكئالپ: «تۈرك مەدەنىيەت تارىخى:، 2 ـ توم، 229 ـ بەت.
⑧ ل. لىگەتى، يۇقىرىقى ئەسەر، 142 ـ بەت؛ «ئىبن فەزلان ساياهەتنامىسى»، 57 ـ بەت. ۋ. ئېبېرخارد: «جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى قوشنىلىرى»، 69 ـ بەت؛ زىيا گۆكئالپ، يۇقىرىقى ئەسەر، 2 ـ توم، 229 ـ بەت؛ باهائىددىن ئۆگەل، يۇقىرىقى ئەسەر، 233 ـ بەت.
⑨ يىلماز ئۆز تۇنا: «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى»، 166 ـ بەت.
⑩ باهائىددىن ئۆگەل، يۇقىرىقى ئەسەر، 233 ـ بەت.
⑪ ۋ. ئېبېرخارد، يۇقىرىقى ئەسەر، 69 ـ بەت.
⑫ سۈرە مائىدە: «ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار، ئاللا غالىبتۇر، هېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»، 38 ـ ئايەت.
⑬ «سۈنەنى تىرمىزى»، 3 ـ توم، 53 ـ بەت.
⑭ «ماركوپولو ساياهەتنامىسى»، 151 ـ بەت.

شاھىتلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. تۈرك خاقانلىرى يالغان سۆزلىگەنلەردىن، گېپىدىن يېنىۋالىدىغانلاردىن، ھاراقكەشلەردىن[1] بىزار ئىدى ھەمدە [2] ئۇلارنى ھاقارەتلىك گۇناھقا گىرىپتار قىلاتتى.

مۇشۇ ياساقلار ئىسلام ھوقۇقى ئۈچۈنمۇ سۆز تېپىسىدۇر. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «تۆت خۇي ھەر كىمدە بولسا، مۇناپىق بولۇر، ھەر كىمدە بۇلاردىن بىرى بار بولسا، بۇلارنى تۈگەتمىگۈچە، ئۇزىدە مۇناپىقلىقتىن بىر ئىللەت قالغان بولىدۇ:

1. تىنچلىق زامانىدا خىيانەت قىلغانلار.
2. يالغانچىلىق قىلغانلار.
3. ئەھدە قىلىپ تۇرۇپ، ئەھدىگە ئەمەل قىلمىغانلار.
4. بىر دەۋا ۋە سوتتا ھەقتىن ئايرىلغانلار (يەنى يالغان سۆزلەپ ئالدامچىلىق قىلغانلار)[3] دەپ كۆرسەتكەن. يالغانچىلىق (قۇرئان كەرىم) نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە چەكلەنگىنىدەك[4]، قىمار ۋە ھاراقمۇ ئىسلام ھوقۇقىدا گۇناھ دەپ تونۇلغان.»[5]

قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يۇقىرىقى مەسىلىلاردا كۆرگىنىمىزدەك، مۇكەممەل قانۇنلىرى، مەھكىمىلىرى ۋە تۈرمىلىرى بار ئىدى.[6] «بىلگە تۆرۈچى» قانۇن ئوتتۇرىغا قويغۇچى مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ھاكىم مەنىسىدىمۇ قوللىنىلاتتى.[7] ئادالەتكە يۇقىرى ئورۇن بېرىلەتتى، گۇناھكار قانداق مەرتىۋىدە بولسا بولسۇن، ۋاقتى كەلگەندە جازاغا تارتىلاتتى. ئوغۇز داستانىنىڭ قەھرىمانلىرىدىن كۆل ئەركى خان تەختىنى ئوغۇللىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە مۇنداق دەيدۇ: «شۇ شەرت بىلەن تەختنى بېرىمەنكى، ئۇلارمۇ پۈتۈن ئاتىلىرىنىڭ يۈرۈش قىلغانلىرىغا ئوخشاش يۈرۈش قىلسۇن، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتتىن ئايرىلمىسۇن، بىزمۇ بۇ يولنى تۇتقانىدۇق.»[8]

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئادەتلىرىدە ۋەلىئەھدلەرنىڭ گۇناھلىرىمۇ كەچۈرۈلمەيتتى. ھەقىقەتەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك ھۆكۈمدارى بولغان بايانچۇر قاغانىنىڭ چوڭ ئوغلى گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنىدى.[9] ھەر قانداق بىر گۇناھتىن تاشقىرى، جازاغا تارتىلىدىغانلار خەلققە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن، مەھكۇملار جازا ئۆيلىرىگە سولىناتتى.[10] غەرب خەلقلىرىنىڭ بۇ سەۋىيىگە كېلىشى ئۈچۈن ئەينى چاغدا ئەسىرلەرنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى.

(تۈگىدى)

(ۋەلى كېرىم كۆكئالپ: شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى)

---

① قەدىمكى مەتىنلەردە يالغانچى، سۆزىدىن يېنىۋالىدىغان، ئىچكۈچى، شارابخور ياكى شاراب ياسىغۇچى مەنىلىرىدە كەلگەن.
② باھائىددىن ئۆگەل، يۇقىرىقى ئەسەر، 188 ـ بەت.
③ «رىيازۇس سالىھىن»، 3 ـ توم، 124 ـ بەت.
④ سۈرە بەقەرە، 42ـ، 140ـ، 146ـ ئايەتلەر؛ سۈرە نىسا 135 ـ ئايەت، سۈرە مائىدە 106 ـ ئايەت، 108 ـ بەت.
⑤ سۈرە بەقەرە 219 ـ ئايەت، سۈرە نىسا 43ـ ئايەت، سۈرە مائىدە 90 ـ ئايەت، «سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى»، «تەجرىدى سارىھ تەرجىمىسى» 11 ـ توم، 96 ـ بەت.
⑥ «تۈرك تارىخىنىڭ ئانا خەتلىرى» كىرىش قىسمى، 24 ـ بەت.
⑦ باھائىددىن ئۆگەل، يۇقىرىقى ئەسەر، 261 ـ بەت.
⑧ زەكى ۋەلىدى توغان: «ئوغۇز داستانى»، 61 ـ بەت.
⑨ باھائىددىن ئۆگەل، يۇقىرىقى ئەسەر، 115 ـ بەت.
⑩ «ماركوپولو ساياھەتنامىسى»، 150 ـ بەت ـ 51ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

# مىللىي كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت

## زىيا گۆكئالپ

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: يۇسۇپجان ياسىن

مىللىي كۇلتۇر (خارىس ياكى مىللىي مەدەنىيەت - ت) بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ھەم بىرلىك نۇقتىسى ھەم پەرقلىق نۇقتىلار بار. مىللىي كۇلتۇر بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك نۇقتىسى ھەر ئىككىسىنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي ھاياتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىدۇر. ئىجتىمائىي ھايات دىن، ئەخلاق، ھوقۇق، ئەقىل، ئېستېتىكا، ئىقتىساد، تىل ۋە پەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھاياتتىن ئىبارەت. بۇ سەككىز تۈرلۈك ھاياتنىڭ تامامى مىللىي كۇلتۇر دەپ ئاتالغىنىدەك، يەنە مەدەنىيەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەمدى مىللىي كۇلتۇر بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىمىلىق ۋە پەرقلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، كۇلتۇر مىللىيلىككە ئىگە، مەدەنىيەت خەلقئارالىق بولىدۇ. كۇلتۇر پەقەت بىر مىللەتنىڭ دىن، ئەخلاق، ھوقۇق، ئەقىل، ئېستېتىكا، تىل، ئىقتىساد ۋە پەن ھاياتىنىڭ ماسلاشقان بىر پۈتۈنلۈكىدۇر. مەدەنىيەت بولسا ئوخشاش تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئىگە بىر قانچە مىللەت ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ئورتاق بىر پۈتۈنلۈكىدۇر. مەسىلەن، ياۋروپا مىللەتلىرى ئارىسىدا ئورتاق بىر غەرب مەدەنىيىتى بار. بۇ مەدەنىيەتلىك ئىچىدە بىر بىرىدىن پەرقلىق ۋە مۇستەقىل بولغان ئىنگلىز مەدەنىيىتى، فرانسۇز مەدەنىيىتى ۋە گېرمان مەدەنىيىتى قاتارلىقلار ئورۇن ئالغان.

ئىككىنچى، مەدەنىيەت بىر خىل ئۇسۇل (مېتود - شەكىل) ۋاستىسى ۋە شەخسىي ئىرادە بىلەن شەكىللىنىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ تامامىدۇر. مەسىلەن، دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار ۋە بىلىملەر ئۇسۇل ۋە ئىرادە بىلەن شەكىللەنگىنىدەك، ئەخلاقتا، ھوقۇقتا، گۈزەل سەنئەتكە، ھاسىل بولغان ئەقلىنىڭ فونكسىيىلىرىگە، تىلغا ۋە پەنگە ئائىت بىلىم ۋە نەزەرىيىلەرمۇ پۈتۈنلەي شەخسلەر تەرىپىدىن ئۇسۇل ۋە ئىرادە بىلەن شەكىللەندۈرۈلگەن. شۇ سەۋەبلىك بىر خىل مەدەنىيەت دائىرىسى ئىچىدىكى بارلىق بۇ ئۇقۇملار، مەلۇماتلار ۋە بىلىملەرنىڭ توپلىمى مەدەنىيەت دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

مىللىي كۇلتۇرنى شەكىللەندۈرگەن نەرسىلەر بولسا ئۇسۇل ۋە شەخسنىڭ ئىرادىسى بىلەن بارلىققا كەلمەيدۇ. ئۇ سۈنئىي ئەمەس. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ، ھايۋانلارنىڭ ئورگانىك ھاياتى ئۆزلىكىدىن ۋە تەبىئىي شەكىلدە قانداق تەرەققىي قىلغان بولسا، مىللىي كۇلتۇرگە ئائىت بولغان نەرسىلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىمۇ خۇددى شۇنىڭدەك بولىدۇ. مەسىلەن، تىل شەخسلەر تەرىپىدىن مەلۇم ئۇسۇل بىلەن يارىتىلغان نەرسە ئەمەس، تىلنىڭ بىر سۆزىنىمۇ ئۆزگەرتەلمەيمىز، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا سۆزنى ئىجاد قىلىپ دەسسىتەلمەيمىز. تىلنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە مەنسۇپ بولغان بىرەر قائىدىسىنىمۇ ئۆزگەرتەلمەيمىز. تىلنىڭ سۆز ۋە قائىدىلىرى پەقەت ئۆزلىكىدىن ئۆزگىرىدۇ. بىز بۇ ئۆزگىرىشكە تاماشىبىن بولۇپ قاراپ قالىمىز. شەخسلەر تەرىپىدىن پەقەت بىر مۇنچە ئاتالغۇلار، يەنى يېڭى سۆزلەر قوشۇلە-

دۇ. لېكىن بۇ سۆزلەر ئۆزى مەنسۇپ كەسىپ تارماقلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغىچە، سۆز - ئىبارە ھالىتىدە تۇرۇپ قېلىپ، سۆزلۈك بولۇش خاراكتېرىگە ئېرىشەلمەيدۇ. يېڭى بىر سۆز بىر كەسىپى گۇرۇھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، جەمئىيەتنىڭ كاتېگورىيىلىك سۆزىگە ئايلىنىدۇ، پەقەت پۈتكۈل خەلق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنلا ئورتاق سۆزلۈكلەر ئارىسىغا كىرەلەيدۇ.

لېكىن، يېڭى سۆزلەرنىڭ بىر كەسىپى گۇرۇھ ياكى پۈتكۈل خەلق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى ياكى قىلىنماسلىقى ئۇلارنى ئىجاد قىلغان شەخسلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئەمەس. قەدىمكى ئوسمانىيلارنىڭ تىلىدا شىناسى دەۋرىدىن بېرى مىليونلىغان يېڭى سۆزلەر ئىجاد قىلىنغان بولسىمۇ، بۇلاردىن ئاز بىر قىسمى كەسىپى گۇرۇھ سۆزلىرى ئارىسىغا كىرەلىدى. ئورتاق سۆزلەر ئارىسىغا كىرەلىگەنلەر بولسا يەتتە - سەككىز سۆز ئەتراپىدا بولدى.

دېمەك، مىللىي كۇلتۇرنىڭ دەسلەپكى ئۆرنىكىنى تىلنىڭ سۆزلىرىدىن، مەدەنىيەتنىڭ دەسلەپكى ئۆرنىكىنىمۇ يېڭى سۆزلەر شەكلىدە ئىجاد قىلىنغان ئاتالغۇلاردىن كۆرىمىز. يېڭى سۆزلەر كىشىنىڭ ئۆز ئەسىرىدۇر. بەزىدە بىر كىشىنىڭ ئىجاد قىلغان بىر سۆزى بىردىنلا خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كېتىدۇ. لېكىن ئاشۇ سۆزگە بۇ خىل تارقىلىش كۈچىنى بەرگىنى ئۇنى ئىجاد قىلغان ئادەم ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ كىشىلەرگە بىلىنمىگەن سىرلىق بىر ئېقىمىدۇر.

بۇنىڭدىن ئون بەش يىل ئىلگىرى يۇرتىمىزدا ئىككى خىل تىل تەڭ داۋاملاشقان. بۇنىڭ بىرىنچىسى، رەسمىي ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ، يېزىقنى مونوپول قىلىۋالغاندەك قىلاتتى، بۇ «ئوسمانلىچە» دەپ ئاتىلاتتى. ئىككىنچىسى، پەقەت خەلق ئارىسىدا سۆزلىنىشكە مەجبۇر قىلىنغاندەك ئىدى، بۇ كەمسىتىلىپ «تۈركچە» دەپ ئاتىلاتتى ۋە تۆۋەنكى تەبىقىگە خاس بىر ئاتالغۇ ھېسابلىناتتى. ھالبۇكى، ئەسلى تەبىئىي ۋە ھەقىقىي تىلىمىز مۇشۇ ئىدى. ئوسمانلىچە بولسا تۈركچە، ئەرەبچە ۋە پارسچىنىڭ گراماتىكىسى، سىنتاكسىسى ۋە سۆزلىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى بىلەن شەكىللەندۈرۈلگەن سۈنئىي بىر ئارىلاشمىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئىككى تىلدىن ئىككىنچىسى تەبىئىي ھالدا تەشكىل تاپقان ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىش جەريانىدا ئۆزلىكىدىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. شۇڭا، بۇ مىللىي كۇلتۇرىمىزنىڭ تىلى ئىدى. بىرىنچىسى بولسا شەخسلەر تەرىپىدىن ئۇسۇل ۋە ئىرادە بىلەن ياسالغان، ئۇ تىلنىڭ ئىچىگە پەقەت بەزى تۈركچە سۆزلەر ۋە قوشۇمچىلار ئارىلاشتۇرۇلاتتى. دېمەك، ئوسمانلىچىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزدىكى ھەسسىسى ناھايىتى ئاز. شۇ سەۋەبلىك ئۇنى مەدەنىيىتىمىزنىڭ تىلى ئىدى، دەپ ئاتايمىز.

يۇرتىمىزدا بۇ ئىككى خىل تىلغا ئوخشاش، ئىككى خىل ئۆلچەممۇ بىرگە قوللىنىلاتتى. تۈرك خەلقى قوللانغان تۈرك ئۆلچىمى بىر خىل ئۇسۇلغا تايىنىپ ياسالمايتتى. خەلق شائىرلىرى ئۆلچەم دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ ناھايىتى لىرىك شېئىرلارنى يازاتتى. تەبىئىيكى، بۇ ئىلھام ۋە ئىجادىيلىك بىلەن بارلىققا كېلەتتى، ھەرگىزمۇ خاس بىر خىل شەكىل ۋە تەقلىد بىلەن ياسالمايتتى. ئۇ ھالدا بۇ ئۆلچەممۇ تۈرك كۇلتۇرىنىڭ ئىچىگە كىرەتتى. ئوسمانىيلار ئۆلچىمىگە كەلسەك، بۇ ئىران شائىرلىرىدىن ئېلىنغان ئىدى. بۇ ئۆلچەمدە شېئىر يازغانلار تەقلىد بىلەن بەلگىلىك بىر شەكىلدە يازاتتى. شۇ سەۋەبلىك، «ئارۇز ۋەزنى» دەپ ئاتالغان بۇ ئۆلچەم خەلق ئارىسىغا كىرەلمىدى. بۇ ئۆلچەمدە شېئىر يازغانلار ئىران ئەدەبىياتىدىن دەرس ئېلىپ، ئارۇز ئۇسۇلىنى تەدبىقلايتتى. شۇڭا، ئارۇز ئۆلچىمى مىللىي كۇلتۇرىمىزگە كىرەلمىدى. پارسلاردا بولسا دېھقانلارمۇ ئارۇز ئۆلچىمىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شېئىرلارنى توقىيالايدۇ. بۇ، ئارۇز ئۆلچىمى ئىراننىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ دېگەنلىكتۇر.

يۇرتىمىزدا بۇلاردىن باشقا تەڭ داۋاملىشىپ كەلگەن ئىككى خىل مۇزىكا بار ئىدى. بۇنىڭ بىرى خەلق ئارىسىدا ئۆزلىكىدىن بارلىققا كەلگەن تۈرك مۇزىكىسى، يەنە بىرى فارابى تەرىپىدىن ۋىزانتىيىدىن تەرجىمە ۋە قوبۇل قىلىش يولى بىلەن ئېلىنغان ئوسمانىيلار مۇزىكىسى ئىدى. تۈرك مۇزىكىسى تەقلىد ئارقىلىق سىرتتىن ئېلىنماستىن، بەلكى ئىلھامدىن شەكىللەنگەن. ئوسمانىيلار مۇزىكىسى بولسا تەقلىد قىلىش ۋاستىسى بىلەن ئېلىنغان، لېكىن شەكىل ئارقىلىق داۋاملاشتۇرۇلغان. بۇلاردىن بىرىنچىسى مىللىي كۇلتۇرىمىزنىڭ، ئىككىنچىسى بولسا مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇزىكىسىدۇر. مەدەنىيەت شەكىل - ئۇسۇل بىلەن ۋە تەقلىد ۋاستىسى ئارقىلىق بىر مىللەتتىن يەنە بىر مىللەتكە ئۆتكەن ئۇقۇم ۋە تېخنىكىلار (مېتود، ئۇسۇل، تېخنىكا، سەنئەت، ھۈنەر قاتارلىقلار) نىڭ تامامىدۇر. مىللىي كۇلتۇر بولسا ھەم ئۇسۇل - شەكىلگە تايىنىپ قىلغىلى بولمايدىغان، ھەم تەقلىد قىلىش ئارقىلىق باشقا مىللەتلەردىن ئالغىلى بولمايدىغان تۇيغۇلاردۇر. شۇ ۋەجىدىن ئوسمانىيلارنىڭ مۇزىكىسى قائىدىلەردىن شەكىللەنگەن بىر پەن شەكلىدە بولغان بولسا، تۈرك مۇزىكىسى قائىدىسىز، شەكىلسىز، پەنسىز مېلودىيىلەردىن، تۈركنىڭ باغرىدىن ئېتىلىپ چىققان سەمىمىي نەغمىدىن ئىبارەتتۇر. ھالبۇكى، ۋىزانتىيە مۇزىكىسىنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەپ باقساق، بۇنىمۇ قەدىمكى يۇنان كۇلتۇرىنىڭ ئىچىدە كۆرىمىز.

ئەدەبىياتىمىزدىمۇ يەنە ئىككىلىك بار ئىدى. تۈرك ئەدەبىياتى خەلقنىڭ ماقال - تەمسىللىرى بىلەن تېپىشماقلىرىدىن، خەلق چۆچەكلىرى، مەسەللىرى بىلەن خەلق قوشاقلىرىدىن، داستانلىرىدىن، خەلق جەڭنامىلىرى بىلەن مەنقىبەلىرىدىن، خانىقا مۇناجاتلىرى بىلەن نەفەسلىرىدىن (نەفەس — ئەلۋى ۋە بەكتاش ئېتىقادلىرىغا مەدھىيە ئوقۇش ئۈچۈن يېزىلغان بىر خىل نەزمە شەكلى - ت)، خەلقنىڭ كۆلكىلىك لەتىپىلىرىدىن ۋە خەلق تىياتىرلىرىدىن ئىبارەتتۇر. ماقال - تەمسىللەر بىۋاستە خەلقنىڭ ئىلمىي سۆزلىرى ھېسابلىنىدۇ. تېپىشماقلارنى يارىتقانلارمۇ خەلقتۇر. خەلق مەسەللىرىمۇ شەخسلەر تەرىپىدىن توقۇلغان ئەمەس. بۇلار تۈركلەرنىڭ ئەپسانە دەۋرىدىن باشلاپ ئەنئەنە يولى بىلەن زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەن جىن - ئالۋاستىلارغا ۋە دىۋىلەرگە ئائىت چۆچەكلىرى ئىدى. «دەدە قورقۇت كىتابى» دىكى ھېكايىلەرمۇ بىر شائىردىن يەنە بىر شائىرغا جانلىق شەكىلدە يېزىپ قالدۇرۇلغان خەلق چۆچەكلىرى ئىدى. تۈرك تارىخىدىكى ۋە ئېتنوگرافىيىسىدىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەرمۇ تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبلىرى ئىدى. جەڭنامە ۋە مەنقىبەلەرگە كەلسەك، بۇلار خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلامىي دەۋرگە ئائىت مەھسۇلاتلىرى ھېسابلىنىدۇ. خەلق شائىرلىرىنىڭ قوشاقلىرى بىلەن داستانلىرىمۇ يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن ئەسەرلەرگە ئوخشاش تۈرك خەلقىنىڭ سەمىمىي ئەسەرلىرى ئىدى. بۇلارمۇ شەكىل ۋە تەقلىد بىلەن يارىتىلغان ئەمەس. ئاشىق ئۆمەر، دەرتلى ۋە قاراجائوغلانلارغا ئوخشاش شائىرلار خەلقنىڭ سۆيۈملۈك شائىرلىرى ئىدى. خانىقالارمۇ خەلقنىڭ بىر خىل ئىبادەت سورۇنى بولغاچقا، بۇ يەرلەردە بارلىققا كەلگەن مۇناجات ۋە نەفەسلەرمۇ خەلق ئەدەبىياتىغا، شۇ سەۋەبلىك تۈرك ئەدەبىياتىغا ئائىت ئىدى. يۇنۇس ئەمرە ۋە قايغۇسىز بىلەن بەكتاش ئېقىمىدىكى شائىرلار مۇشۇ گۇرۇپپىغا كىرىدۇ. ئوسمانىيلار ئەدەبىياتى بولسا چۆچەكنىڭ ئورنىغا شەخس ھەققىدىكى ھېكايىلار بىلەن رومانلاردىن، قوشاق ۋە داستاننىڭ ئورنىغا تەقلىد قىلىش بىلەن توقۇلغان غەزەللەر بىلەن فرانسۇز شەكلىدىكى شېئىرلاردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. ئوسمانىيلار شائىرلىرىنىڭ ھەربىرى مۇتلەق ھالدا ئىران

دەۋرىدىكى بىر پارس شائىرىغا، فرانسۇز دەۋرىدىكى بىر فرانسۇز شائىرىغا ئوخشايدۇ. فۇزۇلى بىلەن نەدىمنۇ بۇ تىپىدا پەرقلىق ئەمەس ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئوسمانىيلارنىڭ يازغۇچىلىرى بىلەن شائىرلىرىنىڭ ھېچبىرى ھەقىقىي ئەمەس ئىدى، ھەممىسى تەقلىدچى بولۇپ، ئەسەرلىرى ئىستىبتىك ئىلھامدىن پەيدا بولغان. مەسىلەن، نۇكتەچىلىك (مەنىلىك ۋە پاساھەتلىك سۆز قىلىش) جەھەتتىن بۇ ئىككى گورۇپپىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى، خوجا نەسىرىددىن، ئىنجىلى چاۋۇش بەكرى مۇستاپا ۋە بەكتاشى ئاتىلىرى خەلق قىزىقچىلىرى ئىدى، قانى بىلەن سۇرۇرى بولسا ئوسمانىيلار ئوردىسىنىڭ ھەزىلكەشلىرى ئىدى. تەبىئىي نۇكتەچىلىك بىلەن سۈنئىي ھەزىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بۇ سېلىشتۇرما ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

قاراگۆز (تېرە ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئادەم شەكلىدە ياساپ پەردە ئارقىسىدا كۆلەڭگۈسىنى ئوينىتىدىغان بىر خىل ئويۇن - ت) بىلەن مەيدان ئويۇنىغا كەلسەك، بۇلارمۇ خەلق ئويۇنى، يەنى ئەنئەنىۋى تۈرك تىياتىرى ئىدى. قاراگۆز بىلەن ھاجىۋاتنىڭ ئۇرۇشى تۈركلەر بىلەن ئوسمانىيلارنىڭ، يەنى ئاشۇ دەۋردىكى كۇلتۇرىمىز بىلەن مەدەنىيىتىمىزنىڭ كۈرەشلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئەخلاقتىمۇ ئەينى ئىككىلىكنى ئۇچرىتىمىز. تۈرك ئەخلاقى بىلەن ئوسمانىيلار ئەخلاقى بىر بىرىگە زىتتەك قىلاتتى. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ «تۈرك» ماددىسىدا تۈركلەرنى قىسقىچە تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەردە ھاكاۋۇرلۇق ۋە ماختانچاقلىق يوق، تۈركلەر بۈيۈك قەھرىمانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسەتكەن چاغدىمۇ پەۋقۇلئاددە ئىش قىلغانلىقىدىن خەۋەرسىز كۆرۈنىدۇ.» جاھىزىمۇ[1] تۈركلەرنى ئەينەن مۇشۇ شەكىلدە چۈشەندۈرىدۇ. ئوسمانىيلار تىپىغا نەزەر سالساق، قەدىمكى شائىرلىرىدا ئۆزىنى مەدھىيىلەش تىزمىلىرىنىڭ، يېڭى ئەدەبىياتچىلىرىدا بولسا كۆرەڭلىك ۋە ماختانچاقلىقنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. سەرۋەتى فۇن ئېقىمى ئوسمانىيلار ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ پارلاق دەۋرى ئىدى. بۇ ئېقىمنى بويلاپ ماڭغان شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى گۇمانخور، ئۈمىدسىز، روھىي كېسەل شەكلىدە كۆرۈنەتتى. ھەقىقىي تۈركلەر بولسا ئېتىقادلىق، ئۈمىدۋار ۋە بېجىرىم ئىدى.

ھەتتا ئالىملىرىمىز ئارىسىدىمۇ ئىككىلىكنى ئۇچرىتىمىز. ئوسمانىيلار ئالىملىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئىسمى «ئۇلەمائى رۇسۇم» (رەسمىي ئالىملار) دەپ ئاتىلاتتى. ئاناتولىيىدىكى ئالىملار خەلق ئالىملىرى ئىدى. بىرىنچى تۈردىكىلەر، مەرتىۋىلىك، لېكىن بىلىمسىز ئىدى. ئىككىنچى تۈردىكىلەر، بىلىملىك، لېكىن مەرتىۋىسىز ئىدى. سىياسىي ۋە ھەربىي ساھەدىكى بۈيۈك دانىشمەن ئافشار ئۇرۇقىدىكى نادىر شاھ پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنى سۈننىي مەزھىپى دائىرىسىدە بىرلەشتۈرۈش ۋە بارلىق سۇلتانلارنى ئوسمانىيلار پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقى ئاستىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە ئىستانبۇلغا دىنىي ۋە سىياسىي بىر ھەيئەت ئەۋەتكەن. ئىستانبۇلدا بۇ ھەيئەت بىلەن كۆرۈشۈش ۋەزىپىسى رەسمىي ئالىملارغا تاپشۇرۇلغان. ئىرانلىق ئالىملار ھەيئىتى بۇلارغا گەپ چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالغاندا، سەدرىئەزەم (باش ۋەزىر - ت) گە مۇراجىئەت قىلىپ شۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ بىلىمدىن باشقا سىياسىي بىر مەرتىۋىمىز يوق. ھالبۇكى، سۆھبەتتە بىز كۆرۈشكەن كىشىلەر يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەر بولغانلىقىدىن، ئارىلاشقاندا ئەركىن گەپ قىلالمايۋاتىمىز. بىزنى پايتەختتىن باشقا يەردىكى مەرتىۋىسىز ئالىملار بىلەن كۆرۈشتۈرسىڭىز، ناھايىتى مەمنۇن

---

① جاھىزى — ئەرەبلەردىن چىققان مەشھۇر ئەدىب بولۇپ، ئۇنىڭ «تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى» دېگەن ئەسىرى مەشھۇردۇر.

www.uyghurkitap.com



بولالتتۇق.» راگىپ پاشانىڭ «تەھقىق ۋە تەۋفىق» دېگەن كىتابىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بۇ ھەقىقىي ۋەقە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، نادىر شاھنىڭ بىلىم ھەيئىتى ئوسمانىيلار ئالىملىرىغا ئەمەس، بەلكى تۈرك ئالىملىرىغا ھۆرمەت بىلەن قارىغان.

قەدىمكى دەۋرنىڭ ھەتتا سىياسىي ۋە ھەربىي ئۇتۇقلىرىمۇ خەلق ئارىسىدىن چىققان بىلىمسىز ۋە ئوقۇش - يېزىشنى بىلمەيدىغان قوماندانلارغا مەنسۇپ ئىدى. كېيىنچە راگىپ پاشا ۋە سەفىخ ئىبراھىم پاشا قاتارلىق ئوسمانىيلار تەربىيىسىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشكەنلەر ھۆكۈمەتنىڭ بېشىغا چىقا - چىقمايلا ئىشلار بۇزۇلۇشقا باشلىدى.

دېمەك، بۇ ئىجتىمائىي ئىككىلىك پەقەت تەپەككۇر پائالىيىتىگىلا خاس ئىدى. ئۇ چاغلاردا قول ئىشى تۆۋەنكى تەبىقىگە ئائىت دەپ قارالغانلىقتىن، يۇقىرى تەبىقە تېخنىكا (ھۈنەر - كەسىپ) نىڭ ھەر تۈرىدىن يىراق تۇراتتى. شۇ سەۋەبلىك مىمارچىلىق، خەتتاتلىق، تاش ئويمىچىلىق، مۇقاۋىچىلىق، ئالتۇن ھەلچىلىك، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، بوياقچىلىق، گىلەمچىلىك، رەختچىلىك، رەسساملىق ۋە نەققاشلىققا ئوخشاش ئەمەلىي تېخنىكىلارنىڭ پەقەت بىر خىللا شەكلى بار ئىدى. ئۇمۇ خەلق تېخنىكىسى ئىدى. دېمەك، ئومۇمەن يۇكسەك گۈزەللىككە ئىگە بۇ سەنئەتلەرنى پەقەت تۈرك سەنئىتى دەپ ئاتايمىز. بۇلار ئوسمانىيلار مەدەنىيىتىگە ئەمەس، تۈرك كۇلتۇرىگە ئائىت ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپا بۇ قەدىمكى سەنئىتىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى مىليونلاپ پۇل خەجلەپ تۈرلىرى بويىچە توپلاۋاتىدۇ. ياۋروپانىڭ ۋە ئامېرىكىنىڭ موزېيلىرى، زاللىرى پۈتۈنلەي تۈرك ئەسەرلىرى بىلەن تولماقتا. ياۋروپادا بۇ تۈرك ھەيرانلىقى «Turqueri» دەپ ئاتىلىدۇ. ياۋروپانىڭ ھەقىقىي مۇتەپەككۇر ۋە سەنئەتكارلىرى، مەسىلەن، لامارتىنې، ئاۋگۇست كومت، پىئېر لافىت، مىسىېر، پىئېر لوتى ۋە فاررې قاتارلىقلار تۈركلەرنىڭ سەممىي سەنئىتىگە، كەمتەر، داغدۇغىسىز ئەخلاقىغا، چوڭقۇر ۋە مۇتەئەسسىپ بولمىغان دىندارلىقىغا، قىسقىسى، بارغا قانائەت قىلىش ۋە تەقدىرگە بويۇن ئېگىش بىلەن بىرگە ئۈمىدۋار ۋە ئىدىئالىزمدىن ئىبارەت بولغان نامرات، ئەمما بەختلىك ھاياتىغا ھەيران بولغان ئىدى. لېكىن بۇلارنىڭ ئاشىق بولغان نەرسىلىرى ئوسمانىيلار مەدەنىيىتىگە كىرگەن، شەكىل ۋە تەقلىد قىلىش بىلەن يارىتىلغان ئەسەرلەر بولماستىن، بەلكى، تۈرك كۇلتۇرىنىڭ ئىلھامى بىلەن شەكىللەنگەن ئورگىنال — ھەقىقىي ئەسەرلەر ئىدى.

پەقەت مەملىكىتىمىزگە خاس بولغان بۇ غەيرى ئەھۋالنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن بۇ مەملىكەتتە كۆرۈلگەن بۇ ئىككى تىپ، يەنى تۈرك تىپى بىلەن ئوسمانىيلار تىپى بىر بىرىگە بۇ قەدەر زىد؟ نېمە ئۈچۈن تۈرك تىپىنىڭ ھەربىر نەرسىسى گۈزەل، ئوسمانىيلار تىپىنىڭ ھەربىر نەرسىسى يېقىمسىز؟ چۈنكى ئوسمانىيلار تىپى تۈرك كۇلتۇرىگە ۋە ھاياتىغا زىيانلىق بولغان ئىمپېرىيالىزم ساھەسىگە ئۆزىنى ئېتىپ، كوزموپولىت (جاھانپەرەس - ت) قا ئايلانغان ئىدى. سىنىپىي مەنپەئەتنى دەپ ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسى كېڭىيىپ يۈزدەك مىللەتنى ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا ئالغاندا، ئىدارە قىلغۇچىلار بىلەن كوزموپولىتلار — جاھانپەرەسلەر ئوسمانىيلار سىنىپىنى، ئىدارە قىلىنغان تۈركلەرمۇ تۈرك سىنىپىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئىككى سىنىپ بىر بىرىگە ئۆچ ئىدى. ئوسمانىيلار سىنىپى ئۆزىنى ھۆكۈمران مىللەت سۈپىتىدە كۆرۈپ، ئىدارە قىلىنىۋاتقان تۈركلەرگە مەھكۇم مىللەت نەزىرى بىلەن قارايتتى. ئوسمانىيلار ھەر قاچان تۈركلەرنى «ئىشەك تۈركلەر» دەپ ئاتايتتى. تۈرك يېزىلىرىغا رەسمىي بىر كىشى كەلگەندە «ئوسمانىيلار كەلدى» دەپ ھەر قانداق كىشى قاچاتتى. تۈركلەر ئارىسىدا قىزىل باشلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىنىمۇ مۇشۇنداق پەرقلىق ئەھۋال

ئارقىلىق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە دىن جەھەتتىن ئوسمانىيلاردىن ئايرىلمىغان سۈننىي مەزھىپىدىكى تۈركلەرمۇ مىللىي كۇلتۇر جەھەتتىن ئوسمانلى ئىمپېرىيالىزمىغا باغلانغان. بۇلارمۇ ئۆز ئالدىغا مىللىي بىر كۇلتۇر يارىتىپ، ئوسمانىيلار مەدەنىيىتىگە قارىتا تامامەن ئالاقىسىز ئورۇنغا ئۆتكەن. ئوسمانىيلار مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى «ئۈستۈن تەبىقىدىكىلەر» دەپ ئاتالغىنىدەك، تۈرك كۇلتۇرىنىڭمۇ شائىرلىرى، ئاشىقلىرى، ئاتىلىرى ۋە ئۇستىلىرى بار ئىدى. دېمەك، مەملىكىتىمىزدە ئىككى خىل ۋەكىللەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ بىرى سارايغا ۋەكىللىك قىلاتتى، بۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ ساراي قامدايتتى. مەسىلەن، ئوسمانىيلار شائىرلىرى سارايدىن جائىزە (قەدىمكى زاماندا شائىرلارغا چوڭلار تەرىپىدىن بېرىلگەن نەرسە – ت) ئېلىش ئارقىلىق ياشىغىنىدەك، ئوسمانىيلار مۇزىكانتلىرىمۇ سارايىنىڭ بەرگەن ھەدىيەسى ۋە مائاشى بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزەتتى. نامى چىققان ئوسمانىيلار ئالىملىرى قازى ئەسكەرخانا ۋە قازىخانىلاردىن يۇقىرى مائاش ۋە پۇل ئالاتتى. خەلقىنىڭ سازەندە ۋە شائىرلىرى خەلقىنىڭ مۇئەللىملىرى ۋە شەيخلىرىدىن ئىبارەت بولغان تۈرك ئۆلىمالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى بولسا پەقەت خەلق قامدايتتى. شۇڭلاشقا، گۈزەل سەنئەتتە ۋە باشقا ساھەلەردە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئۇستىلار، يىگىتبېشى (ئوسمانىيلار دەۋرىدە كاسىپلار – ھۈنەرۋەنلەر جەمئىيىتىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغۇچى ئادەم، ئاقساقال – ت) ۋە ئاخى ئاتىلىرى پەقەت خەلق سىنىپىدىن يېتىشىپ چىقاتتى، ئۇلار دائىم خەلق ۋە تۈرك سۈپىتىنى ساقلايتتى.

كۆرۈلۈپ تۇرۇپتىكى، مىللىي كۇلتۇر بىلەن مەدەنىيەتنى بىر بىرىدىن ئايرىيدىغان نەرسە كۇلتۇرنىڭ تۇيغۇدىن، مەدەنىيەتنىڭ بىلىمدىن شەكىللەنگەن بولۇشىدىن ئىبارەت. ئىنساندىكى تۇيغۇ ئۇسۇل – شەكىل ۋە ئىرادىگە باغلىق ئەمەس. بىر مىللەت باشقا بىر مىللەتنىڭ دىنىي، ئەخلاقىي ۋە ئېستېتىك تۇيغۇلىرىنى تەقلىد قىلالمايدۇ. مەسىلەن، تۈركلەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دىنىدا كۆك تەڭرى مۇكاپات تەڭرىسى ئىدى، ئۇ جازالاشقا ئارىلاشمايتتى. جازا تەڭرىسى ئەرلىك خان دېگەن ئىسىمدىكى باشقا بىر ئەپسانىۋى ئوبراز ئىدى. تەڭرى يالغۇز گۈزەللىك سۈپىتى بىلەن تونۇلغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمكى تۈركلەر پەقەت ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلىغان ئىدى. تەڭرىگە قارىتا قورقۇش ھېس قىلمايتتى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن تۈركلەردە «مۇھەببەتۇللاھ» (تەڭرى مۇھەببىتى) نىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى بۇ قەدىمكى ئەنئەنىنىڭ داۋامىدىن ئىبارەت ئىدى. تۈركلەردە «مەنھافەتۇللاھ» (ئاللادىن قورقۇش) ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. ئىستانبۇلدا ۋە ئاناتولىيىدە ئېيتىلغان ۋەزىلەرنىڭ تەجرىبىلىرى كۆرسىتىپ بەردىكى، گۈزەللىككە ۋە ياخشىلىققا دائىر ۋەز ئېيتقانلارنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرى بارغانسېرى كۆپەيگەن، جەھەننەمدىن ۋە ئۇنىڭدىكى قىيىنغۇچىلاردىن سۆز ئاچىدىغان ۋەزنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرى بولسا بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەن. تۈركلەرنىڭ قەدىمكى دىنىدا قاتتىق سوفىلىق ئىبادەتلەر يوق بولۇپ، ئېستېتىك ۋە ئەخلاقىي مۇراسىملار كۆپ ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ تۈركلەر ئەڭ كۈچلۈك بىر ئىمانغا، ئەڭ سەمىمىي بىر دىن تۇيغۇسىغا ئېرىشىپ، قۇرۇق سوفىلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن يىراق تۇردى. بۇ تېمىدا يۇنۇس ئەمرەنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئۆتۈش يېتەرلىكتۇر. تۈركلەرنىڭ جامەئەلەردە مۇناجات ۋە مەۋلۇد ئوقۇشقا، خانىقالاردا شېئىر ۋە مۇزىكىغا يۇقىرى ئورۇن بېرىشى ئېستېتىك دىندارلىق ئۆرنىكىگە ماسلاشقانلىق سەۋەبىدىن ئىدى.

قەدىمكى تۈرك دىنىدا تۈرك تەڭرىسى تىنچلىق تەڭرىسى ئىدى. تۈرك دىنىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان «ئىل» سۆزى «تىنچلىق» مەنىسىنى بىلدۈرەتتى. «ئىلچى»

سۆزى «تىنچلىقپەرۋەر» دېگەن مەنىدە بولغىنىدەك، «ئىلخان»مۇ «تىنچلىق خاقانى» دېگەنلىك ئىدى. تۈرك ئىلخانلىرى مانجۇرىيىدىن ماجارىستان (ۋېنگىرىيە) غا قەدەر دائىملىق تىنچلىق ۋەزىيىتىنى ياراتقان تىنچلىق سۆيەر ئاۋانگارتلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئەڭ قەدىمكى تۈرك دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان مەتە (باتۇر تەڭرىقۇت - ت) نىڭ يۈكسەك ئەخلاقىنى، تىنچلىق سۆيەرلىكىنى ۋە ئىمپېرىيالىزمدىن يىراق تۇرۇشىنى «يېڭى مەجمۇئە» دە يازغان ئىدىم. تۈرك تىنچلىق سۆيەرلىكىنىڭ قۇرغۇچىسى مەتە ھېسابلىنىدۇ.

تۈركلەرنىڭ بۇ قەدىمىي تىنچلىق ئەنئەنىسىنىڭ سايىسىدە تۈرك ھۆكۈمدارلىرى ئىسلام دەۋرىدىمۇ ھەر ۋاقىت يېڭىلگەنلەرگە شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىنى تىنچلىقنىڭ مەسئۇلى دەپ قارىدى. تۈرك تارىخى باشتىن تارتىپلا بۇ ھالەتكە ئىسپات بولىدۇ. ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن شۇ قەدەر ئەيىپلەنگەن ئاتتىلامۇ يەنە ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرىشىگە كۆرە يېڭىلگەن مىللەتلەر قانداق ۋاقىتتا تىنچلىق تەلەپ قىلسا دەرھال قوبۇل قىلغان. ئۇلار ئاتتىلانىڭ «تەڭرى قۇتى» دېگەن ئۇنۋانىنى «ئاللاھنىڭ بالا - قازاسى» شەكلىدە تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق تارىخىي بىر جىنايەت پەيدا قىلغان. تۈركلەرنىڭ پۈتكۈل سەنئەت تارماقلىرىدا ئېنىق كۆرۈلگەن ئېستېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى، تەبىئىي ھالدا پار - پۇر خىشلاردا، مىمارچىلىق ۋە يېزىق سەنئىتىدە نامايەن قىلغانلىرىمۇ پۈتۈنلەي مۇشۇ ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت ئىدى. تۈركلەرنىڭ گۈزەل سەنئىتىدىكىگە ئوخشاش، دىنىي ھاياتىدا ۋە ئەخلاقىدىمۇ پۈتۈنلەي مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يېتەكچى ئورۇندا تۇرغانلىقى كۆرۈلىدۇ.

بۇ مىسالدىن چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇكى، بىر كۇلتۇرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھاياتلار ئارىسىدا ھەقىقىي بىر باغلىنىش ۋە ھەقىقىي بىر ئويۇشۇش بار. تۈركلەرنىڭ تىلى قانداق ساپ بولسا، دىن، ئەخلاق، گۈزەللىك، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە ئائىلە ھاياتىمۇ شۇنداق ساپ ۋە سەممىيدۇر. تۈركلەرنىڭ ھاياتىدىكى زوقمەنلىك، جەلپكارلىق ۋە ھەقىقىيلىك بۇ يېتەكچى خاراكتېرنىڭ بىر خىل ئىنكاسىدىن ئىبارەت. لېكىن، مىللىي كۇلتۇرنىڭ تەركىپلىرى ئارىسىدىكى بۇ بىرلىكىشكە قاراپلا مەدەنىيەتنىمۇ بىر بىرىگە ماسلىشىدىغان تەركىپلەردىن مەيدانغا كېلىدۇ، دەپ قاراش توغرا ئەمەس. ئوسمانىيلار مەدەنىيىتى تۈرك، ئىران، ئەرەب مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام دىنىدىن، شەرق مەدەنىيىتى ۋە كېيىنچە غەرب مەدەنىيىتى مۇئەسسەسەلىرىدىن مەيدانغا كەلگەن بىر ئارىلاشمىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مۇئەسسەسەلەر ھېچقاچان بىر بىرىگە ماسلىشىپ، چىڭ بىرىككەن بىر پۈتۈن ھالەتكە كىرەلمىدى. بىر مەدەنىيەت پەقەت بىر مىللىي كۇلتۇرگە قوبۇل قىلىنسا جىپسىلەشكەن بىر پۈتۈنلۈككە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن، ئىنگلىز مەدەنىيىتى ئىنگلىز كۇلتۇرىگە قوبۇل قىلىنغان. شۇ سەۋەبلىك، ئىنگلىز كۇلتۇرىگە ئوخشاش ئىنگلىز مەدەنىيىتىنىڭ تەركىپلىرى ئارىسىدىمۇ ئۇيۇشۇش بار.

مىللىي كۇلتۇر بىلەن مەدەنىيەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇكى، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن پەقەت مىللىي كۇلتۇرى بولىدۇ. بىر مىللەت كۇلتۇر جەھەتتىن يۈكسەلگەنسېرى سىياسىي تەرەپتىنمۇ يۈكسىلىپ كۈچلۈك بىر دۆلەت شەكىللەندۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن كۇلتۇرنىڭ يۈكسىلىشىدىن مەدەنىيەت تۇغۇلۇشقا باشلايدۇ. مەدەنىيەت دەسلەپتە مىللىي كۇلتۇردىن تۇغۇلغان بولسا، كېيىنچە قوشنا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىنمۇ بىر مۇنچە مۇئەسسەسەلەرنى ئالىدۇ. مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە زىيادە بىر تەرەققىياتنىڭ تېز سۈرئەتتە مەيدانغا كېلىشى زىيان كەلتۈرىدۇ. رىبوت مۇنداق دەيدۇ: «ئىدىيىنىڭ زىيادە تەرەققىي قىلىشى خاراكتېرنى بۇزىدۇ.» كىشىنىڭ ئىدىيىسى قانداق بولسا، مىللەتتىمۇ

مەدەنىيەت شۇنداق بولىدۇ. كىشىنىڭ خاراكتېرى قانداق بولسا، جەمئىيەتنىڭ زىيادە تەرەققىياتىمۇ مىللىي مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىدۇ. مىللىي مەدەنىيىتى ۋەيران بولغان مىللەتلەر «گۇمران بولغان مىللەتلەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

مىللىي كۇلتۇر بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئاخىرقى بىر مۇناسىۋىتى شۇكى، مىللىي كۇلتۇرى كۈچلۈك، لېكىن مەدەنىيىتى ئاجىز بىر مىللەت بىلەن مىللىي كۇلتۇرى بۇزۇلغان، لېكىن مەدەنىيىتى يۇقىرى بولغان باشقا بىر مىللەت سىياسىي كۈرەشكە كىرگەندە، مىللىي كۇلتۇرى كۈچلۈك مىللەت ھەر ۋاقىت غەلىبە قىلغان. مەسىلەن، قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى يۈكسەلگەندە مىللىي كۇلتۇرى بۇزۇلۇشقا باشلىغان. ئۇ چاغدا يېڭىدىن باش كۆتەرگەن پارس دۆلىتى بولسا، مەدەنىيەتتە تېخىچىلا ئارقىدا قالغان بولسىمۇ، كۈچلۈك بىر مىللىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ ۋەجىدىن ئىراندىمۇ مەدەنىيەت يۈكسەلدى، بۇنىڭغا مۇقابىل ھالدا مىللىي كۇلتۇر زەئىپلىشىشكە يۈزلەندى. بۇ قېتىممۇ ئاۋۋال مىللىي مەدەنىيىتى بۇزۇلمىغان يۇنانلىقلاردىن يېڭىلىپ قالدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن يۇنان كۇلتۇرىمۇ بۇزۇلۇشقا باشلىغانلىقتىن، مەيلى يۇنانلىقلار بولسۇن ياكى ئىرانلىقلار بولسۇن، كۈچلۈك مىللىي كۇلتۇر بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مەدەنىيەتسىز ماكېدونىيىلىكلەرگە يېڭىلدى. شەرقتە ئەشقانى ۋە ساسانى ئائىلىلىرىنىڭ، غەربتە رىملىقلارنىڭ مىللىي كۇلتۇرى بۇزۇلۇشقا باشلىغان ماكېدونىيىلىكلەردىن ئۈستۈن كېلىشىنىمۇ ئەينى شەكىلدە چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. نىھايەت، مەدەنىيەتتە ھېچقانداق نېسىۋىسى بولمىغان، لېكىن مىللىي كۇلتۇردە ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئەرەبلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەم ساسانىيلارنى، ھەم رىملىقلارنى يەڭدى. ئەمما، ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا ئەرەب مىللىتىمۇ مەدەنىيلىشىشكە باشلىغانلىقتىن مىللىي كۇلتۇرىنى يوقىتىپ، سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى تۈركىستاندىن يېڭى كەلگەن ئەخلاقلىق ۋە قائىدە - يوسۇنلۇق سەلجۇق تۈركلىرىگە تەسلىم بولدى. ئەخلاق ۋە قائىدە - يوسۇن تۈركلەرنىڭ مىللىي كۇلتۇرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. تۈركلەرنىڭ ھازىرغا قەدەر مۇستەقىل تۇرۇشى، چاناققەلئەدىن ئىنگلىزلار بىلەن فرانسۇزلارنى قوغلاپ چىقىرىشى ۋە ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن ئىنگلىزلارنىڭ قوراللىرى ۋە مەبلىغى بىلەن قوراللانغان يۇنانلىقلار بىلەن ئەرمەنىيلەرنى يېڭىپ، بۇ ئارقىلىق مەنىۋى جەھەتتىن ئىنگلىزلارنى مەغلۇپ قىلىشىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مىللىي كۇلتۇرنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسىدىن بولغان.

مىللىي كۇلتۇر بىلەن مەدەنىيەت ئارىسىدىكى بۇ خىل مۇناسىۋەتلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئەمدى تۈركچىلىك (ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئوسمانىيلارغا ۋە ئىسلامچىلىققا مۇقابىل ھالدا تۈركلۈك ھېسسىياتىنى تەشەببۇس قىلىش ئېقىمى - ت) نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ مەملىكەتتە قانداق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. ئوسمانىيلار مەدەنىيىتى ئىككى سەۋەبتىن يوقىلىشقا مەجبۇر بولدى. بىرىنچىسى، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ بارلىق ئىمپېرىيىلەرگە ئوخشاش ئۆتكۈنچى توپتىن ئىبارەت بولۇشى ئىدى. ئاخىرىغىچە ياشايدىغانلىرى بولسا ئۆتكۈنچە توپ ئەمەس، بەلكى توپلۇقتۇر. جەمئىيەتكە كەلسەك بۇ پەقەت مىللەتتىن ئىبارەتتۇر. ئەسىر مىللەتلەر ئۆز خاسلىقىنى ئىمپېرىيىلەرنىڭ كوزموپولىت ئىدارىسى ئاستىدا پەقەت بىر مەزگىل ئۇنتۇيدۇ. بىر كۈنىگە كەلگەندە قانداقلا بولمىسۇن مىللەتتىن ئىبارەت بولغان ھەقىقىي توپلۇق پادىغا ئايلىنىش ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، مەدەنىي مۇستەقىللىقىنى ۋە سىياسىي ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ياۋروپادا بەش يۈز يىلدىن بېرى بۇ ھەرىكەت داۋاملىشىپ كەلمەكتە. شۇڭا، بۇ تەرەققىياتتىن خالىي ياشىغان ئاۋستىرىيە، رۇسىيە ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيىلىرىمۇ ئىلگىرى-

www.uyghurkitap.com

كى ئۆز خەلقلىرىغا ئوخشاش تارقىلىپ كېتىشكە يۈزلىنەتتى. ئىككىنچى سەۋەب، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىپ شەرق مەدەنىيىتىنى تامامەن ھالدا يوقىتىۋېتىش كۈچكە ئېرىشىشى ئىدى. رۇسىيىدە ۋە بالقان دۆلەتلىرىدە غەرب مەدەنىيىتى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىنى ئالغىنىدەك، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدىمۇ ئەينى ئەھۋال باش كۆتۈرەتتى. شەرق مەدەنىيىتى بەزىلەرنىڭ قارىغىنىدەك، ھەقىقىي ئىسلام مەدەنىيىتى ئەمەس. ئۇنىڭ مەنبەسى شەرق مەدەنىيىتى ئىدى. شۇنىڭدەك، غەرب مەدەنىيىتىمۇ خرىستىئان مەدەنىيىتى ئەمەس. ئۇ غەربىي رىم مەدەنىيىتىنىڭ بىر داۋامىدىن ئىبارەت. ئوسمانىيلار شەرقىي رىم مەدەنىيىتىنى بىۋاستە ۋىزانتىيىدىن ئالمىدى، ئۆزلىرىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان ئەرەبلەر بىلەن پارسلار بۇ مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، ئوسمانىيلار ئۇنى بۇ دىنداش مىللەتلەردىن ئالغان ئىدى. شۇ سەۋەبلىك، بۇ مەدەنىيەتنى بەزى مۇتەپەككۇرلار ئىسلام مەدەنىيىتى دەپ قارىدى.

غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ھەر يەردە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى تەبىئىي بىر قانۇنىيەتكە ئايلانغاندا، تۈركىيىدىمۇ مۇشۇنداق بولۇشى زۆرۈر ئىدى. ئۇ ھالدا شەرق مەدەنىيىتى دائىرىسىدىكى ئوسمانىيلار مەدەنىيىتى مەيلى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، بەرىبىر يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنى بىلەن بىرگە تۈرك كۇلتۇرى، يەنە بىر تەرەپتىن، غەرب مەدەنىيىتى ئىگىلەيتتى. تۈركچىلىكنىڭ ۋەزىپىسى دەل بىر تەرەپتىن پەقەت خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان تۈرك كۇلتۇرىنى ئىزدەپ تېپىش، يەنە بىر تەرەپتىن غەرب مەدەنىيىتىنى تولۇق ۋە جانلىق شەكىلدە ئېلىپ، مىللىي كۇلتۇرغە قوبۇل قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

تانزىماتچىلار (سۇلتان ئابدۇلمەجىد دەۋرىدە، يەنى 1839 - يىلى «گۇلخانە ھاتتى ھۇمايۇنۇ» ئىسمى بىلەن ئاتالغان بىر بۇيرۇق بىلەن ئېلان قىلىنغان ھۆكۈمدارلار گۇرۇھىنى رەتكە سېلىش لايىھىسىنىڭ ھىمايىچىلىرى - ت) ئوسمانىيلار مەدەنىيىتىنى غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشقان ئىدى. ھالبۇكى، ئىككى خىل مەدەنىيەت تەڭ داۋاملىشالمايدۇ، سىستېمىسى بىر بىرىگە زىت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىلىسى بىر بىرىنى بۇزۇشقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، غەربنىڭ مۇزىكا سەنئىتى بىلەن شەرقنىڭ مۇزىكا سەنئىتى بىر بىرىگە ماسلاشمايدۇ. غەربنىڭ تەجرىبىچىل مەنتىقىسى بىلەن شەرقنىڭ مەدرىسە مەنتىقىسى بىر بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ. بىر مىللەت يا شەرققە تەۋە بولىدۇ ياكى غەربكە تەۋە بولىدۇ. ئىككى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر ئادەم بولمىغىنىدەك، ئىككى مەدەنىيەتكە تەۋە بىر مىللەتمۇ بولمايدۇ. تانزىماتچىلار بۇ نۇقتىنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئېلىپ بارغان يېڭىلىق ھەرىكەتلىرىدە غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى.

تۈركچىلەر (تۈركلۈك ھىسسىياتىنىڭ تەشەببۇسچىلىرى - ت) گە كەلسەك، بۇلار ئاساسەن ۋىزانتىيىدىن كەلگەن شەرق مەدەنىيىتىنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىپ، غەرب مەدەنىيىتىنى تولۇق شەكىل بىلەن ئېلىشنى ئارزۇ قىلغانلىقىدىن، تەشەببۇسلىرىدا ئۇتۇق قازانغان بولاتتى. تۈركچىلەر تامامەن تۈرك ۋە مۇسۇلمانلىق خاراكتېرىنى ساقلاش شەرتى بىلەن، غەرب مەدەنىيىتىگە تولۇق ۋە كەسكىن شەكىلدە كىرىشنى خالايدىغانلاردۇر. ئەمما، غەرب مەدەنىيىتىگە كىرىشتىن بۇرۇن مىللىي كۇلتۇرىمىزنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىمىز كېرەك.

(يۇسۇپجان ياسىن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئالىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

# «مەسنەۋىي خەراباتى»نىڭ قولىيازمىسى ۋە تاش باسما نۇسخىلىرى[1]

## ھۆرمەتجان فىكرەت

### (2) تاش باسما نۇسخىلار

تاش باسما نۇسخىلارنىڭ كۆپىدە ئەسەر نامى «كۇللىياتى مەسنەۋىي خەراباتى» (№3780 ، №4715 ، №677 ، №4628 ، №10227 ) دەپ كۆرسىتىلگەن. ئايرىملىرىدا «مۇسەممى مەسنەۋىي خەراباتى» (№10902 ، №8018 ) دەپ يېزىلغان. مەيلى قايسى نام بىلەن ئاتالمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئەسەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەسەرنىڭ باش - ئاخىرى ۋە پۈتۈن تېكىستى بارچە نۇسخىلاردا ئوخشاش.

بۇ نۇسخىلاردىن 8018، 10902 نومۇرلىرىدىكى «مەسنەۋىي خەراباتى» نامى بىلەن ئاتالغان تاش باسمىلار موللا زەفەر بېك ئىبنى مۇھەممەد خىراجىتى بىلەن تاشكەنتتىكى ياكوۋلېۋ مەتبەئەسىدە چاپ ئېتىلگەن بولۇپ، نەشر يىلى كۆرسىتىلمىگەن. 1986 - يىلى قەشقەردە نەشر قىلىنغان قىسقارتىلما نەشرىمۇ مانا شۇ باسمىسىنىڭ نۇسخىلىرىدىن بىرى ئاساسىدا نەشرگە تەييارلانغان. 3780، 4715، 10227 نومۇرلىرىدىكى «كۇللىياتى مەسنەۋىي خەراباتى» دېگەن نام بىلەن چاپ قىلىنغان تاش باسما نۇسخىلارنى تاش باسما ئۇچۇن موللا سەئىد مۇھەممەدخان ئىسىملىك كىشى ھىجرىيە 1328 (مىلادىيە 1909) - يىلى كۆچۈرگەن بولۇپ، موللا مىرمەخدۇمنىڭ خىراجىتى بىلەن شۇ يىلى تاشكەنتتە چاپ ئېتىلگەن. 677 نومۇرى بىلەن ساقلىنىۋاتقان «كۇللىياتى مەسنەۋىي خەراباتى» دەپ ئاتالغان نۇسخا بولسا موللا زەفەربېك بىن شۈكۈر مۇھەممەد خىراجىتى بىلەن 1911 - يىلى تاشكەنتتە ۋ. م. ئىلىن تاش مەتبەئەسىدە بېسىلغان. باشقا نۇسخىنىڭ بېسىلغان يىللىرى ئېنىق ئەمەس. ئا. ناسىروۋ 677 نومۇرلۇق نۇسخىنىڭ ئىچىگە يېزىپ قويغان مەلۇماتىدا «مەسنەۋىي خەراباتى»نىڭ 1899 - 1911 - يىللار ئارىسىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەتتە قېتىم چاپ ئېتىلگەنلىكى قەيت قىلىدۇ[2].

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ نۇسخىلار قايسى نام بىلەن چاپ ئېتىلگەن بولمىسۇن ئەمەلىيەتتە ھەممىسى بىرلا ئەسەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەسەرنىڭ باشلىنىشى، پەسىللەرنىڭناملىرى، ئەسەرنىڭ يېزىلىش تارىخى ھەممە نۇسخىدا بىر خىل. بۇ نۇسخىلارنىڭ ھەممىسى «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دىن كېيىن:

*ئايتايىن ھەمدىڭنى ئەي يەزدانى پاك،*
*ئىچتىلەر خۇنى جىگەر مەردانى پاك،*
*خالىقا ئۇلۇغلۇغىڭنى كۆردۈم بىلگەدەد،*
*ھېچنىمە يوقتۇر سېنىڭدىن بىمەدەد.*

---

① بېشى ئالدىنقى ساندا.
② ئەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندى 677 - نومۇرلۇق تاش باسما نۇسخىنىڭ ئالدى مۇقاۋىسىنىڭ ئىچ يۈزىدىكى ئا. ناسىروۋ يېزىپ قويغان مەلۇماتقا قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

دېگەن بېيىتلار بىلەن باشلىنىپ، «مۇناجاتى بەدەرگاھى قازىيۇل ھاجات» ياكى «مۇناجات» دەپ سەرلەۋھە قويۇلۇپ مۇناجاتلار ئېيتىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن نەئت ۋە يەنە مۇناجات، ئاندىن ئاساسىي مەزمۇنغا ئۆتۈپ «ئەھلى تەۋبە ۋە تەھقىرلەرنى بەيانى»، «نەسىھەت» (بەزى نۇسخىلاردا «نەسىھەتى تۈركى ۋە تاجىك» دېيىلگەن)، «دەر بەيانى ئەقل ۋە مۇتتەقى رەھبەران»، «دەر بەيانى دىل ئازارى» دېگەنگە ئوخشاش ئايرىم - ئايرىم ماۋزۇلار (پەسىللەر) بويىچە داۋاملاشقان بولۇپ، مۇناجات ۋە نەئتلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 136 ماۋزۇغا ئاجرىتىلغان. بۇلاردىن 20 سىنى مۇناجات، نەئت ۋە ھېكايەتلەر تەشكىل قىلىدۇ. شۇنداق ھېسابلىغاندا ئەسەر جەمئىي 116 ماۋزۇدىن تۈزۈلگەن بولۇپ چىقىدۇ. ھەربىر پەسىل ئاخىرلاشقاندا شائىر:

*غافىلا، ئۆمىر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،*
*خۇلقۇڭنى پاك ئەيلەگىل شامۇ سەھەر.*
*مەن نېچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلار،*
*قايسى بىر غەمدىن قىلاي فەريادلار.*

دېگەن تۆت مىسرانى تەكرارلايدۇ. ئالدىنقى ئىككى مىسرانىڭ ئىككىنچى مىسراسىدىكى «شامۇ سەھەر» نىڭ ئالدىدىكى سۆزلەر شۇ پەسىلدىكى مەزمۇنغا قاراپ «شەيخلىكدە راست بول شامۇ سەھەر»، «سوفىلىقدە راست بول شامۇ سەھەر»، «نەفسىڭنى زىددىنى ئال شامۇ سەھەر» تەرزىدە قىسمەن ئۆزگەرتىلسىمۇ، بۇ تۆت مىسرا ئەسەردىكى پۈتۈن پەسىللەرنىڭ ئاخىرىدا تەكرارلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا، يەنى «بۇ فەسىلدە دۇنيا بىۋەفالىغىنى ئايتۇر» دىن كېيىن ئەسەرنىڭ يېزىلىش تارىخىمۇ ئالاھىدە قەيت قىلىنغان بولۇپ، «بۇ فەسلى خاتىمەدە تارىخ بەيان قىلىنۇر» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان ئەڭ ئاخىرقى پەسىلدە شائىر شۇنداق يازىدۇ:

*نى ھېساب ئەيلەدىمكى تارىخغە،*
*مىڭگۇ يۈز يانە قىرق ئالتىغە.*

دېمەك، شائىر ئەسىرىنى ھىجرىيە 1146 (مىلادىيە 1733) - يىلى تاماملىغان. شۇ پەسىلنىڭ، يەنى ئەسەر خاتىمىسىنىڭ تۈگەللىنىشىدىكى مىسرالىرى بولسا،

*ئۆتتى ئۆمرۈڭ بىھۇدە سەۋدا قىلىپ،*
*بەندەگى ھەقمەن دەبان غەۋغا قىلىپ.*
*ئەي ئوغۇل، بىر نەچچە پەند ئايتاي ساڭا،*
*خالىي قىل كۆڭۈلنى، پەندنى ئال ئاڭا.*

بولۇپ، شۇ مىسرالاردىن كېيىن يۇقىرىدا كەلتۈرگەن ھەرپەسىلنىڭ ئاخىرىدا تەكرارلىنىدىغان تۆت مىسرا قايتىلىنىپ «مەسنەۋىي خەراباتى» تامام بولىدۇ.

ئە. ساۋۇتنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1986 - يىلى قەشقەردە قىسقارتىپ نەشر قىلىنغان نۇسخىسىمۇ كۆرۈپ ئۆتكەن تاش باسما نۇسخىلاردىكى ئەسەر بىلەن ئوخشاش.

قىسقىسى، ھازىرغىچە «مەسنەۋىي خەراباتى» ياكى «كۇللىياتى مەسنەۋىي خەراباتى»

دېيىلگەندە نەزەردە تۇتۇلىۋاتقىنى مانا شۇ تاش باسما نۇسخىلاردىكى ئەسەرنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر.

ئەمدى، باش ـ ئاخىرى، مەزمۇنى بۇ نۇسخىلاردىن پەرق قىلىدىغان ۋە شۇڭا بەزى شۇبھىلەرگىمۇ سەۋەب بولۇپ كېلىۋاتقان «مەسنەۋىي خەراباتى» نىڭ نۇسخىلىرىغا كېلىدىغان بولساق، بۇ تەتقىقاتىمىزدا بۇ مەسىلىگىمۇ ئېنىقلىق كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇق.

«مەسنەۋىي خەراباتى» نىڭ باسما نۇسخىلىرى بىلەن تونۇشۇش جەريانىدا، شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندىدا 13816، 8884، 8885 نومۇرلىرى بىلەن ساقلىنىۋاتقان ئۈچ باسما نۇسخا دىققىتىمىزنى ئالاھىدە جەلىپ قىلدى. 13816 ـ ۋە 8884 ـ نومۇرلۇق نۇسخىلارنىڭ باش تەرىپىدىكى كىتاب ئىسمى يېزىلىدىغان بېزەكلىك بەتنىڭ ئوتتۇرىغا يوغان چەمبەر سىزىلغان بولۇپ، چەمبەرنىڭ ئىچىگە كىتاب نامى چوڭ قىلىپ «مع» دەپ يېزىلغان. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «بىللە، بىرگە، بىرلىكتە» دېگەنلىك بولىدۇ. كىتاب نامىنىڭ ئۈستى ۋە ئاستى تەرىپىگە شۇ زامان كىتابەتچىلىك ئەنئەنىسى بويىچە بىر قۇردىن خەت يېزىلغان بولۇپ، «مع» نىڭ ئۈستى تەرىپىگە «بۇ كىتاب ساھىبى ۋەلىيلىك، يەنى ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە يەتكەن) دەپ ئاتالغان خەراباتىينىڭ مەسنەۋىي خەراباتى ئەسرىدىكى ئەڭ رەڭدار ۋە چوڭقۇر مەنىلىك قىسىملاردىن تۈزۈلدى[①]. ئاستى تەرىپىگە بولسا، ھەزرىتى مەۋلانا رۇمىينىڭ ئەزىز ئوغلىدىن تەسنىپ ئېتىلگەن مەسنەۋىي خەراباتى»[②]دەپ يېزىپ قويۇلغان. (قىزىق يېرى، 10902 ـ نومۇرلۇق نۇسخىدىمۇ «مەسنەۋىي خەراباتى» دەپ كىتاب نامى يېزىلغان دۇگىلەكنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «الوالدلعزيز مولانا رومى قدس سرهحا»[③]دەپ يېزىلـ غان.)

بۇ نۇسخىلار مەرھۇم موللا مىرمەخدۇم بىن موللا شاھ يۇنۇس خىراجىتى بىلەن ھىجرىـ يە 1330 (مىلادىيە 1911 ـ 1912) ـ يىللىرى تاشكەنتتىكى ۋ. م. ئىلىن مەتبەئەسىدە چاپ قىلىنغان. كىتابنىڭ باش قىسمى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن:

*ئايتايىن ھەمدىڭنى ئەي يەزدانى پاك،*
*ئىچتىلەر خۇنى جىگەر مەردانى پاك.*

دېگەن بېيىت بىلەن باشلانغان «مەسنەۋىي خەراباتى» دىن ئىبارەت بولۇپ، «مەسنەۋىي خەراباـ تى» تولۇق تامام بولغاندىن كېيىن، يەنى ئەسەرنىڭ يېزىلىش تارىخى بايان قىلىنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى پەسىل تۈگىگەندىن كېيىن، كاتىپ تەرىپىدىن بىز خەراباتىنىڭ قەبرىسى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزدە كۆرۈپ ئۆتكەن مىسرالار يېزىپ قويۇلغان. كاتىپنىڭ شۇ مىسرالىرىدىن كېيىن ئالاھىدە بىر بەتكە خۇددى كىتابنىڭ بىرىنچى سەھىپىسىدىكى ئەسەر نامى يېزىلغان بېزەكلىك بەتكە ئوخشاش ئايرىم بەت ئىشلەنگەن بولۇپ، بەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چەمبەرنىڭ ئىچىگە چوڭ قىلىپ «مثنوى مولانا خراباتى فرزند مولاناى رومى» ـ «مەسنەۋىي مەۋلانا خەراباتى فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» دېگەن ئەسەر نامى يېزىلغان. بەت نومۇرلىرىمۇ ئالدىنقى ئەسەردىن ئايرىم ھالدا يېڭىباشتىن قويۇلغان بولۇپ، تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن باشلانغان:

*ئاڭلا نەيدىن نى ھېكايەتلەر قىلۇر،*

---

① شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندى 8884 ـ نومۇرلۇق تاش باسما نۇسخا، 1 ـ بەت؛ 13816 ـ نومۇرلۇق تاش باسما نۇسخا، 1 ـ بەت.

② شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندى 8884 ـ نومۇرلۇق تاش باسما نۇسخا، 1 ـ بەت؛ 13816 ـ نومۇرلۇق تاش باسما نۇسخا، 1 ـ بەت.

③ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندى، 10902 ـ نومۇرلۇق تاش باسما نۇسخا، 1 ـ بەت. مەنىسى: مەۋلانا رۇمىي (ئاللاھ ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلسۇن) نىڭ ئەزىز ئوغلى.

*كىمكى جۇدالىقدىن شىكايەتلەر قىلۇر.*①

بۇ مىسرالار مەۋلانا جالالىددىن رۇمىينىڭ «مەسنەۋىي مەئنەۋى» ئەسىرىنىڭ باشلىنىش مىسرالىرى ئىدى. ئەسەر مەۋلانانىڭ مانا شۇ بېيىت بىلەن باشلىنىدىغان ۋە كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «نەينامە» دەپ ئاتالغان دەسلەپكى بېيىتلىرىنىڭ تەرجىمىسى بىلەن باشلىنىپ، «مەسنەۋىي» تەرىپىدە ئاجايىپ ئوتلۇق مىسرالار پۈتۈلگەن. ئاندىن ئايرىم ـ ئايرىم ماۋزۇلارغا ئاجرىتىلىپ، شۇ ماۋزۇلار بويىچە ماسلاشتۇرۇلغان ۋە زۆرۈر تېپىلغان ئورۇنلاردا ماۋزۇغا ئالاقىدار ھېكايەتلەرمۇ كەلتۈرۈلگەن. مەزكۇر ئەسەرنىڭ باشلىنىشى، مەزمۇنى ئالدىنقى ئەسەر «مەسنەۋىي خەراباتى» دىن پەرق قىلىسىمۇ، تىل، ئۇسلۇب ۋە شەكىل جەھەتلەردىن ئالدىنقى ئەسەر بىلەن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، ھەربىر مەزمۇن ئاخىرلاشقاندا شائىرنىڭ «ئەي، خەراباتى» دەپ ئۆزىگە قىلغان خىتابى بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بۇ ئەسەرمۇ ئەمەلىيەتتە شائىر خەراباتىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇب ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەسەر نامى ئومۇمىي ھالدا «مەسنەۋىي خەراباتى» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، بەزى نۇسخىلاردا، بولۇپمۇ قولىيازمىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە بۇ نام بىلەن يۇقىرىدا ئۆتكەن ئالدىنقى ئەسەر ئەمەس، ياكى مانا شۇ كېيىنكى ئەسەر، يەنى «مەسنەۋىي مەۋلانا خەراباتى فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» كۆچۈرۈپ كېلىنگەن.

شۇ سەۋەبتىن ئالدىنقى ئەسەرنىڭ نۇسخىلىرى بىلەن ئۇچراشمىغان كىشىلەر ئۇنى «مەسنەۋىي خەراباتى» ئەمەس، دەپ شۇبھىلەنسە، كېيىنكى ئەسەر بىلەن ئۇچراشمىغانلار ئەسەرنىڭ باشلىنىشىدىكى ماۋلانا رۇمىينىڭ مىسرالىرىنى كۆرۈپلا بۇ ئەسەرنى «مەسنەۋىي» دىن قىلىنغان تەرجىمە دەپ ھېسابلاشقان. بىزدىكى خەراباتىنى تەتقىق قىلغانلار بولسا بۇ قولىيازمىلار بىلەن ئۇچراشمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز تەتقىقاتلىرىدا بۇ ئەسەرنى تىلغىمۇ ئالمىغان بولۇپ، پەقەت ئالدىنقى ئەسەرنىلا (قىسقارتما نەشرىنى) خەراباتىنىڭ ئەدەبىي مىراسى سۈپىتىدە كۆرسىتىشكەن.

ئەسەرنى كۆچۈرگەن كاتىپلار بولسا «مەسنەۋى مەۋلانا خەراباتى فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» دېيىلگىنى ئۈچۈنمۇ ياكى «مەسنەۋىي» نىڭ دەسلەپكى مىسرالىرىنىڭ تەرجىمىسى بىلەن باشلانغىنى ئۈچۈنمۇ، نېمىشقىدۇر يېڭىلىشقان ھالدا ئۇنى مەۋلانا جالالىددىن رۇمىنىڭ ئوغلى سۇلتان ۋەلەدگە، بەزىدە ھەتتا مەۋلانانىڭ ئۆزىگە نىسبەت بېرىشكەن.

مەزكۇر نۇسخىلارنىڭ باش قىسمىدىكى «مەسنەۋىي خەراباتى» نى كۆچۈرگۈچى كاتىب مۇھەممەد سەئىد تەرىپىدىن كىتابنىڭ ئاخىرىغا پۈتۈلگەن مىسرالاردىكى:

*قىلىپ گىنككى خەراباتىينى خەتمىن،*
*يېتىپدۇر مەقسەدىغە سايى جانى.*
*بىرىنى ساھىبى گىشان خارابات،*
*قەتارتال مەۋزىشىدەدۇر نىشانى.*
*بىرىدۇر مەۋلەۋىي رۇمىينى گوغلى،*
*گاتى سۇلتان ۋەلەد جەننەت مەكانى*②.

① شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندى 8884 نومۇرلۇق تاشباسما نۇسخا، 2 ـ بەت؛ 13816 نومۇرلۇق تاشباسما نۇسخا، 2 ـ بەت.

② شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندى 8884 ـ نومۇرلۇق تاش باسما نۇسخا، 171 ـ بەت؛ 18316 ـ نومۇرلۇق تاش باسما نۇسخا، 171 ـ بەت.

دېگەن مىسرالاردىنمۇ كاتىپ بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنى شائىر خەراباتى (ئىشان خەراباتى)، ئىككىنچىسىنى بولسا مەۋلانا رۇمىينىڭ ئوغلى سۇلتان ۋەلەد تامام قىلغان، دەپ ھېسابلىغان-لىقى مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ.

ۋەھالەنكى، مەۋلانا جالالىددىن رۇمىينىڭ ئوغلى سۇلتان ۋەلەدنىڭ خەراباتى دېگەن تەخەللۇسى بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس.① مەۋلەۋىيە تەزكىرىچىلىرىدىن ئەسرار دەدە (1162/1796—1748) تەرىپىدىن يېزىلغان «تەزكىرەئى شۇئەرايى مەۋلاۋىيە»② ناملىق تەزكى-رىدە 91 شائىرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئەسەرلىرىدىن نەمۇنە بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خەراباتى تەخەللۇسى بىلەن مەلۇم بولغان شائىرنى ئۇچراتمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان ۋەلەد XIII — XIV ئەسىرلەردە كونيادا ياشاپ، ئاساسەن پارسچە ئىجاد قىلغان شائىر، خەراباتى بولسا XVII — XVIII ئەسىرلەردە ياشىغان شائىر. ئەسەر تىلىنىڭ ناھايىتىمۇ چۈشىنىش-لىك، ساددىلىقى، ھازىرقى زامان تىلىغا يېقىنلىقى، ئەڭ مۇھىمى ئالدىنقى ئەسەر «كۈللىيا-تى مەسنەۋىي خەراباتى» نىڭ تىل ئۇسلۇبى بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنىڭ ئۆزىلا بۇ ئەسەرنىڭ سۇلتان ۋەلەد ياكى جالالىددىن رۇمىيغا ئەمەس، بەلكى شائىر خەراباتى قەلىمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تەكىتلەش زۆرۈركى، 13816، 8884 نومۇرلىرى بىلەن ساقلىنىۋاتقان (باشقا نومۇرلاردىكىلىرىمۇ شۇ) باسما نۇسخىلاردىكى «مەسنەۋىي خەراباتى» نىڭ ئاخىرىدا كاتىپ تەرىپىدىن يېزىلغان مىسرالاردىكى «ئىككى خەراباتىينى ئىككى كىشى تاماملىغان، بىرىنى ئىشان خەراباتى، يەنە بىرىنى بولسا مەۋلانا رۇمىينىڭ ئوغلى سۇلتان ۋەلەد» دېگەن مەلۇماتلىرى كاتىپنىڭ سەۋەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ،③، ئەمەلىيەتتە توغرا كەلمەيدۇ.

ئەمدى بۇ ئىككى نۇسخىدا كىتاب نامى نېمە ئۈچۈن «مع» دەپ يېزىلغىنىغا كەلسەك، ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، مەزكۇر نۇسخىلار ئىككى ئەسەر - بىز ھازىرغىچە «مەسنەۋىي خەراباتى» دەپ بىلىپ كەلگەن ئەسەر بىلەن «مەسنەۋىي خەراباتى فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» (يەنى «فەرزەند») دەپ ئاتالغان ئەسەردىن تەشكىل تاپقانلىقى ئۈچۈن «ئىككى ئەسەر بىللە، بىرلىكتە» دېگەن مەنىدە كىتاب نامى «مع» دېيىلگەن. ئىككى ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ نۇسخا (8884، 13816 نومۇرلاردىكى) بىر ۋاقىتتا چاپ قىلىنغان بولۇپ، كىتابنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، مۇقاۋىلىرى، خەت شەكىللىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش.

8885 نومۇرى بىلەن ساقلىنىۋاتقان نۇسخا يۇقىرىدىكى ئىككى نۇسخىنىڭ ئىچىدىكى كېيىنكى ئەسەر «مەسنەۋىي خەراباتى فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» نىڭ ئايرىم ھالدا بېسىلغان نۇسخىسى بولۇپ، كىتابنىڭ ھەجمى، چوڭ - كىچىكلىكى ۋە بەت سانى يۇقىرىقى نۇسخىلاردى-كى «فەرزەند» بىلەن ئوپمۇئوخشاش. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ نۇسخىلار بىر ۋاقىتتا بېسىل-غان بولۇشى مۇمكىن. كاتولوگدىنمۇ بۇ ئۈچ نۇسخا بىر ئەسەرنىڭ ۋارىيانتلىرى سۈپىتىدە

---

① TuRkiya Turk Edebiyati. —Ankara, 2003—S. 159; фомкин М. С. Особенности солержателЬнои поэтики тЮрскихстихов Султана велела. Turcologics (тЮркология) 1986, —М., 1986.

② Esrar Dede. Tezkire—I Su'ara—yi Mevleviyye/Hazirlayan Dr. Ilhan Genc. —Ankara, 2000. —S. 596.

③ بۇ خىل يېڭىلىشىش كېيىنكى ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقتە قاراڭ: «مۇجەملى فەسىخى» (تەرجىمان، سۆز بېشى مۇئەللىپى، ئىزاھلار ۋە ئىندېكىسلەرنى ئىشلىگۈچى د. يۇ. يۇسۇپوۋا)، تاشكەنت، 1980 - يىلى، 324 - بەت. Мулжмак-и фассихи/Перевод, предисловие, примеЧания нуказатели Д. ю. юсуповои. -Т., 1980, —С. 234. ئالىمە مەزكۇر بەتتە سۇلتان ۋەلەد ئۈچۈن بەرگەن ئىزاھىدا خاتا ھالدا ئۇنى «خەراباتى» تەخەللۇسى بىلەن مەلۇم، «مەسنەۋىي خەراباتى» نىڭ مۇئەللىپى دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئىزاھىنىڭ مەنبەئى سۈپىتىدە «شەرق قوليازمىلىرى كاتولوگى» (CBP) نىڭ VI تومىنى كەلتۈرىدۇ. «شەرق قوليازمىلىرى كاتولوگى» نىڭ VI تومىدا «مەسنەۋىي خەراباتى» نىڭ 5 قوليازمىسىنىڭ قىسقىچە تەۋسىپى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان: «مۇئەللىپ پەقەت ئۆز ئەسىرىدە قوللانغان «خەراباتى» تەخەللۇسى بىلەنلا مەلۇم، «مەسنەۋىي خەراباتى» نىڭ تاش باسما نۇسخىسىنىڭ (تاشكەنت، 1912 - 1911/1330) مۇقاۋىسى بېتىگە مەۋلانا خەراباتى فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي (يەنى ئەھمەد بەھائۇددىن سۇلتان ۋەلەد، 1312-1313 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ئوغلى». قاراڭ: Собрание восточных рукописеи Академии наук Узбекскои ССР. Т. VI —Т., 1964, —С. 554 (5570—5575) بۇ ئورۇندا ئېيتىلغان تاشباسما ئەمەلىيەتتە بىز دىسسېرتاتسىيەدە شەرتلىك رەۋىشتە قىسقارتىپ «فەرزەند» دەپ ئاتىغان ئەسەرنىڭ تاش باسما نۇسخىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، خۇددى شۇ زامان كاتىپلىرى يېڭىلىش ھالدا خەراباتىنى ماۋلانا رۇمىينىڭ ئوغلى، دەپ قارىغىنىغا ئوخشاش، كاتولوگدا ئەسەرگە تەۋسىپ بەرگەنلەرمۇ ئەسەر مۇقاۋىسىدىكى نامغا قاراپلا ئۇنى رۇمىينىڭ ئوغلى سۇلتان ۋەلەدنىڭ ئەسىرى دەپ ئويلىغان.

بىر كارتوچكىدىن جاي ئالغان.

قىسقىسى، «مەسنەۋىي خەراباتى» نىڭ باسما نۇسخىلىرى قاتارىدا تىزىمغا ئېلىنىپ، كاتولوگغا كىرگۈزۈلگەن 11 نۇسخىنىڭ سەككىزى «مەسنەۋىي خەراباتى» ئەسىرىنىڭ ئۆزى-دىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئىككى نۇسخا مەزكۇر ئەسەرنى ۋە «مەسنەۋىي خەراباتى فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» دەپ نام بېرىلگەن ئەسەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان توپلام، قالغان بىر نۇسخا بولسا «مەسنەۋىي خەراباتى فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» دەپ ئاتالغان ئەسەردىن ئىبارەتتۇر. «مەسنەۋىي خەراباتى» نىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىلىرىنى جەدۋەل-لەشتۈرۈپ كۆرسەتسەك تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

| № | قولىيازما | | № | تاش باسما | | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 219 | فەرزەند | | 677 | مەسنەۋىيى خەراباتى | | |
| 5938 | فەرزەند | | 13816 | 1. مەسنەۋىي خەراباتى 2. فەرزەند | | ئىككى ئەسەر بىللە |
| 3794 | فەرزەند | | 8884 | 1. مەسنەۋىي خەراباتى 2. فەرزەند | | ئىككى ئەسەر بىللە |
| 7736 | فەرزەند | | 8885 | | فەرزەند | |
| 7181 | فەرزەند | | 4628 | مەسنەۋىي خەراباتى | | |
| 7504 | فەرزەند | | 8018 | مەسنەۋىي خەراباتى | | |
| 11867 | فەرزەند | | 10223 | مەسنەۋىي خەراباتى | | |
| 12070 | فەرزەند | | 10227 | مەسنەۋىي خەراباتى | | |
| 1407 | | مەسنەۋىي خەراباتى | 3780 | مەسنەۋىي خەراباتى | | |
| 11271 | | مەسنەۋىي خەراباتى (فارسچە توپلام) | 4715 | مەسنەۋىي خەراباتى | | |
| | | | 10902 | مەسنەۋىي خەراباتى | | |

«مەسنەۋىي خەراباتى» نىڭ باسما نۇسخىلىرى ئارىسىدا ئۈچ نۇسخىسى مەۋجۇت بولغان مانا شۇ «مەسنەۋىي مەۋلانا خەراباتى فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» دېيىلگەن ئەسەرنىڭ خەراباتى قەلىمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە شۈبھە بولمىسىمۇ (كاتولوگلاردىمۇ خەراباتى ئەسىرى قاتارىدىن جاي ئېلىشىمۇ شۇنىڭدىن دالالەت)، شۇ كۈنگىچە خەراباتىنىڭ مىراسى سۈپىتىدە ئۆگىنىلمەگەنلىكى، تەتقىق قىلىنمىغانلىقى سەۋەبلىك، ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك خەراباتى مىراسى ھەققىدە تولۇق قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان. ئۇنىڭسىزمۇ، بۇ ئەسەرنىڭ خەراباتىغا تېگىشلىك ئىكەنلىكى، شۇ تەخەللۇس بىلەن يېزىلغانلىقى، ھەتتا بەزىدە «مەسنەۋىي خەراباتى» دېيىلگەندە پەقەت مۇشۇ ئەسەرلا نەزەردە تۇتۇلغانلىقى ئېنىق تۇرۇپمۇ، بۇ ئەسەرنىڭ شۇ كۈنگىچە تەتقىق قىلىنماسلىقى، خەراباتى ئەدەبىي مىراس قاتارىدا كۆرسىتىلمەسلىكى، ھەققەتەنمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بىر ھالدۇر. شۇ سەۋەبتىن بىز تەتقىقاتىمىزدا مەزكۇر ئەسەرگە كۆپرەك ئېتىبار بەردۇق ۋە شۇ ھەقتە ئەتراپلىقراق پىكىر يۈرگۈزۈشكە ھەرىكەت قىلدۇق.

تەتقىقات جەريانىدا مەزكۇر ئەسەرنى ئالدىنقى ئەسەر «مەسنەۋىي خەراباتى» دىن پەرقلەندۈرۈش ئاسانراق بولسۇن ئۈچۈن ئەسەر نامى «مەسنەۋىي مەۋلانا خەراباتى فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» نى شەرتلىك رەۋىشتە قىسقارتىپ «فەرزەند» (خۇددى يۇقىرىدا قوللانغىنىمىزدەك) دەپ ئاتىغانلىقىمىزنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

13816، 8885، 8884 نومۇرلىرى بىلەن ساقلىنىۋاتقان «فەرزەند» يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك مەۋلانا جالالىددىن رۇمىي «مەسنەۋىي» سىنىڭ دەسلەپكى مىسرالىرىنىڭ تەرجىمىسى بىلەن باشلانغان بولۇپ، شائىر «مەسنەۋىي» تەرىپىدە ئاجايىپ يالقۇنلۇق بېيىتلارنى پۈتۈپ، ئاندىن ئاساسىي مەزمۇنغا ئۆتكەن. 16 فورماتلىق ژۇرنال شەكلىدىكى بۇ نۇسخىلاردا «فەرزەند» 61 بەت (مەسنەۋىي خەراباتى بولسا 171 بەت) ھەجىمنى ئىگىلىگەن. ھەجىمى كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن «فەرزەند» نىڭ مۇندەرىجىسىنى كەلتۈرۈشنى لازىم تاپتۇق. بۇ «فەرزەند» بىلەن «مەسنەۋىي خەراباتى» نىڭ مۇندەرىجىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپلا قالماي، يەنە «فەرزەند» نىڭ باسما ۋە قوليازما نۇسخىلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش، پەرقلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ مۇھىم. ئۇندىن باشقا، «فەرزەند» تېخى ئۆگىنىلمىگەن بىر ئەھۋالدا ئۇنىڭ مۇندەرىجىسى بىلەن بولسىمۇ تونۇشۇپ چىقىش كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىز ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

ئەسەرنىڭ باشلىنىشى مەۋلانانىڭ مىسرالىرى ۋە «مەسنەۋىي» تەرىپىدە پۈتۈلگەن قەسىدىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، شۇلاردىن كېيىن تۆۋەندىكى ماۋزۇلار بويىچە داۋاملاشقان:

1. مۇناجاتى بەدەرگاھى قازىيۇل ھاجات
2. ئابى مەنىي (اب منى) بىرلە مىننەت قىلىب تەكەببۇر قىلماقنى بەيانى
3. مۇسەننىف ئۆزلەرىغە نەسىھەت قىلىب ئايتقان مۇناجاتلارى
4. نەئت نەبى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بەيانلارى
5. مۇناجاتى بەدەرگاھى قازىيۇل ھاجات
6. مۇناجاتى بەدەرگاھى قازىيۇل ھاجات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

7. ئادەم ئەلەيھىسسالامنى خەلق قىلماقلىقىنى بەيانى
8. ئەلقەبى چەھاريارى ئەئزەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم
9. بەيلى رەۋزەئى ماھى، شەرىفى رەمەزان
10. زەكات بەرمەكنىڭ بەيانى
11. روھ بەدەنغە كىرگەنى ۋە شەيتان ھازىر بولغانى بەيانى
12. تەۋبە قىلماقنىڭ بەيانى قىلىنادۇر
13. ھىيلە ۋە تەزۋىر بىرلە ئادەملەرنى ھىيلە قىلغانلارنى بەيانى
14. ئەۋلىيالارنى مۇھەببەتلەرنى بەيان قىلىنۇر
15. بۇ فەسلدە يەماننى سۆھبەتىنى شۇملىقىنى بەياندۇر
16. شەيخى زەمان ۋە شەيتاننى بەيان قىلىنۇر
17. پىر ئالدىدە مۇرىدنىڭ ئادابىنى بەياندۇر
18. ھېكايەت
19. ھېكايەت
20. پىرى كامىللارنى جەھاندىن خالى ئېرمەسلىكىنى بەيانى
21. نەتىجەئى جەزبەنىڭ بەيان قىلىنۇر
22. بۇ جەھان بىرلە ئۇل جەھاننىڭ بەيانى
23. نەفسىغە خىلاف قىلماقنى بەياندۇر
24. خامۇش بولماقنىڭ بەياندۇر
25. بىيدار ۋە ھۇشيارلىقنىڭ بەياندۇر
26. گورسىنەلىكنى① فايدەسىنىڭ بەيانى
27. سەبر ۋە تەھەممۇلنى بەيان قىلىنۇر
28. تەركى تەقلىدنىڭ بەيان قىلىنۇر
29. تۇتى ۋە سەۋداگەر قىسسەسىنى بەيانى

باسما نۇسخىلاردىكى «فەرزەند» مانا شۇ ماۋزۇلار بويىچە يېزىلغان بولۇپ، ھەر بىر ماۋزۇ ھەجىم جەھەتتىن خېلىلا ئۇزۇن. ماۋزۇلار ئىچىدىمۇ مىسال تەرىقىسىدە ھېكايەتلەر كەلتۈرۈلگەن (ھېكايەت دەپ ئالاھىدە ماۋزۇ قويۇلمايلا). باسما نۇسخىلاردىكى بۇ ماۋزۇلار، بولۇپمۇ باش قىسمىدىكى مۇناجاتلار قوليازمىلاردا پارچىلىنىپ، ئايرىم - ئايرىم ماۋزۇلارغا ئاجرىتىپ كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ماۋزۇ ئاستىدىكى مەتىن ئاساسەن ئوخشاش.

ئەڭ ئاخىرقى ماۋزۇ بولغان «تۇتى بىلەن سودىگەرنىڭ قىسسەسى» مەۋلانا جالالىددىن رۇمىينىڭ «مەسنەۋىي» سىدىن ئېلىنغان بولسىمۇ، «مەسنەۋىي» دىكىدەك ئۇزۇن ئەمەس، بەلكى قىسقارتما تەرزدە بايان قىلىنغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەسەر تامام بولغان.

## (3) ئەسەر نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇش خۇلاسىسى

خەراباتى ئەدەبىي مىراسىنىڭ قولىيازما ۋە باسما نۇسخىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان

① ئاچلىقنىڭ

تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتىمىزدىن دەسلەپكى قەدەمدە تۆۋەندىكى خۇلاسىگە كەلدۇق:

(1) «مەسنەۋىي خەراباتى» قولىيازمىلىرىنىڭ كۆپى مەۋلانا جالالىددىن رۇمىي «مەسنەۋىي» سىنىڭ دەسلەپكى مىسرالىرى بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇلار 13816، 8884، 8885 نومۇرلىرى بىلەن ساقلىنىۋاتقان تاش باسما نۇسخىلاردا «مەسنەۋىي مەۋلانا خەراباتى فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» دېگەن نام بىلەن چاپ قىلىنغان ئەسەرنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر.

(2) باسما نۇسخىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىزگە «مەسنەۋىي خەراباتى» نامى بىلەن مەلۇم بولۇپ كەلگەن ۋە قىسقارتما نەشرىگە ئاساس بولغان ئەسەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار مەۋلانا رۇمىينىڭ مىسرالىرى بىلەن باشلانمايدۇ. مەزمۇن ۋە ھەجىم جەھەتتىنمۇ «فەرزەند» دىن كۆپ ۋە ئۇزۇن.

(3) ئىككى ئەسەرنىڭ تىلى، ئۇسلۇبى، غايىۋى يۆنىلىشى ۋە مەزمۇنى قاتارلىقلاردىن ئېيتىش مۇمكىنكى، بىزگە «مەسنەۋىي خەراباتى» ياكى «كۇللىياتى مەسنەۋىي خەراباتى» نامى بىلەن مەلۇم بولۇپ كەلگەن ئەسەر بىلەن بىز تەتقىقاتىمىز جەريانىدا يېڭى بايقىغان «مەسنەۋىي مەۋلانا خەراباتى فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» دەپ ئاتالغان ئەسەر بىر شائىر — خەراباتىينىڭ قولىدىن چىققانلىقى شۈبھىسىز. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ 3 ـ 4 ـ ئەسىردىن بۇيان «مەسنەۋىي خەراباتى» دېگەن بىرلا نام بىلەن كۆچۈرۈلۈپ، تارقىلىپ كېلىۋاتقانلىقى، باسما نۇسخىلاردىمۇ بىر كىتاب قىلىپ چاپ قىلىنغانلىقى، قولىيازمىلار فوندىنىڭ كاتولوگلىرىدىمۇ بىرلا نام بىلەن كۆرسىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدەك ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزىمۇ پىكرىمىزنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

(4) بۇ ئىككى ئەسەر بىر — بىرىنىڭ تولدۇرۇلۇشى بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى يېقىن كەلسىمۇ، لېكىن قايتىلىنىش، تەكرارلىق يوق، ئەكسىنچە بىر — بىرىنى تولۇقلايدۇ. قايسى بىرىنىڭ ئەۋۋەل يېزىلغانلىقىنى ئېنىقلاش ھازىرچە قىيىن بولسىمۇ، تەخمىنىمىزچە، خەراباتى ئالدى بىلەن «فەرزەند» نى يازغان. ئەسەر مەۋلانا جالالىددىن رۇمىي «مەسنەۋىي» سىنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى بىلەن دۇنياغا كەلگەن بولغاچقا، ئۇنى مەنىۋىي جەھەتتىن رۇمىينىڭ «مەسنەۋىي» سىدىن تۇغۇلغان فەرزەند ھېسابلىغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇز ئەسىرىگە «مەسنەۋىي مەۋلانا خەراباتى فەرزەندى مەۋلانايى رۇمىي» دەپ نام بەرگەن ۋە رۇمىيغا بولغان ھۆرمىتى، ئىخلاسى يۈزىسىدىن ئەسەرنى مەۋلانانىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان دەسلەپكى 18 بېيىتىنىڭ تەرجىمىسى بىلەن باشلاپ، «مەسنەۋىي» تەرىپىدە ئاجايىپ بېيىتلارنى پۈتكەن، ئاندىن كېيىن ئاساسىي مەزمۇنغا ئۆتكەن.

(5) «مەسنەۋىي خەراباتى» ۋە «فەرزەند» نىڭ مىسرا سانى: «مەسنەۋىي خەراباتى» 12900 (بەزى نۇسخىلاردا 12928، يەنە بەزىلىرىدە 12850 مىسرا، شۇڭا تەخمىنىي 12900) مىسرا ئەتراپىدا بولۇپ، بىزدىكى دەرسلىك ۋە تەتقىقاتلاردىمۇ 13 مىڭ مىسراغا يېقىن دەپ يېزىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ.

«فەرزەند» بولسا قولىيازمىلار ئارىسىدا تولۇقراق نۇسخا ھېسابلانغان 5938 ـ نومۇرلۇق نۇسخىدا 5434 مىسرا (219 ـ نومۇرلۇق قولىيازمىدا بولسا 4700 مىسراغا يېقىن، ئەمما بۇ نۇسخىدا كۆچۈرۈش جەريانىدا چۈشۈپ قالغان مىسرالار كۆپ) بولۇپ، قولىيازمىلارنىڭ

ھەممىسىنىڭ ئاخىرى بىر خىل، يەنى:

*ھەردەمى گەيشى فەنا جۇيەندەسى،*
*يوق بەشەردە مەن كەبى شەرمەندەسى.*

دېگەن مىسرالار بىلەن تۈگەيدۇ. 5938 - نومۇرلۇق نۇسخىمۇ شۇنداق. باسما نۇسخىلار بولسا بۇ مىسرالاردىن كېيىن يەنە خېلى داۋام قىلىدۇ. شۇلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، 13816، 8884، 8885 نومۇرلىرىدىكى «فەرزەند» نىڭ ئومۇمىي مىسرا سانى 5716 مىسرا-دۇر.

بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ مىسرا سانلىرىنى بىرلەشتۈرسەك جەمئىي 18618 مىسرا، يەنى 9300 بېيىت بولىدۇ.

دېمەك، خەراباتىنىڭ بىزگە قالدۇرغان ۋە ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان ئەدەبىي مىراسى «مەسنەۋىي خەراباتى» (ھەر ئىككى ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ-مۇئەللىپ) 18618 مىسرا-لىق زور ھەجىمدىكى ئەسەر بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتمەكتە.

(6) خەراباتى مىراسىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭغا شەرھ ئىشلەش ئالىلقاچان باشلانغان بولۇپ، شائىرنىڭ ئەسىرىگە «شەرھى خەرابات» ناملىق شەرھمۇ يېزىلغان. بۇ شائىرنىڭ ئەسىرى شۇ زامانلاردىنمۇ قىزىقىش قوزغاپ، ئۆگىنىلىشكە، تەتقىق قىلىنىشقا باشلانغانلىقى-نى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ شەرھلەرمۇ بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ.

«مەسنەۋىي خەراباتى» نىڭ قولىيازما ۋە باسما نۇسخىلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمىزدىن چىقارغان دەسلەپكى خۇلاسىلىرىمىز مانا شۇلاردىن ئىبارەت. بۇ خۇلاسىلەر چوقۇم شائىرنىڭ ئەدەبىي مىراسى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى خېلىلا تولۇقلايدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.
(تۈگىدى)

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن، دوكتور)

# ئۇيغۇرلاردا ئالما ھېرىسمەنلىكى

ئابدۇرۇسۇل داۋۇت

تەبىئەتتىكى مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىلەرگە بولغان ھېرىسمەنلىك، قىزىقىش، جۈملىدىن ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىغا يارىشا ھوزۇر ئېلىش قەدىمدىن بېرى ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئىپادىلىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارمۇ بۇ جەھەتتە باشقا قەدىمىي مىللەتلەرگە ئوخشاشلا تەبىئەت بىلەن ئۇزۇن مەزگىللىك كۆرەش قىلىش، تەبىئەت سىرلىرىنى بىلىش ۋە ئۇلارنى ئىپتىدائى يوسۇندا ئىپادىلەش ۋە ئىزاھلاش، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ئېستېتىك گۈزەللىكىنى نامايان قىلىش قاتارلىق بىلىش جەريانلىرىدا بەلگىلىك ئېتىقاد ۋە فولكلور مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن. بۇنىڭ بىر مىسالى ئۇيغۇرلاردىكى ئالما ھېرىسمەنلىكىدۇر.

ئوخشىمىغان شەيئىلەرگە قارىتا ئوخشىمىغان كىشىلەردىكى ھېرىسمەنلىكمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ شۇ كىشىنىڭ گۈزەللىك چۈشەنچىسى ۋە مەنپەئەت تۇيغۇسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە كانىت مۇنداق دەيدۇ: «مەلۇم ئوبيېكتنى گۈزەل ياكى گۈزەل ئەمەس دەپ بېكىتىشتە ئەڭ مۇھىم ھالقا ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى، مەلۇم ئوبيېكت ئىنسان تەسەۋۋۇرى بىلەن بىرلەشكەندىلا، ئىنسان ئۈچۈن ياكى گۈزەل بولۇپ تۇيۇلىدۇ ياكى گۈزەللىككە ئېرىشەلمەيدۇ».

مەلۇم مىللەتتە گۈزەللىك چۈشەنچىسىنى ھاسىل قىلغان مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ شەكىللىنىشى شۇ مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي مۇساپىسى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلاردا ئالاھىدە بىر گۈزەللىك چۈشەنچىسىنى ھاسىل قىلغان ئالما ھېرىسمەنلىكىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئىپادىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىك قاتلىمى قانداق بولىدۇ، دېگەن مەسىلىلەر بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتماي قالمايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئالمىغا بولغان ھېرىسمەنلىك، ئالما گۈزەللىك چۈشەنچىسىگە ئائىت تەپسىلاتلار ئۇيغۇرلار شەيئىلەردىن زوق ئېلىش جەھەتتە شەيئىلەرنى سىمۋوللۇق، ئىلاھى تەسەۋۋۇر قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن مەلۇم مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنى ھاسىل قىلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

روشەنكى، ئۇيغۇرلارمۇ تەبىئەت بىلەن ئۇزۇن مەزگىل كۆرەش قىلىش جەريانىدا تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە شەيئىلەرنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە قادىر بولالمىغاچقا، ئۇلارنى ئىلاھى يوسۇندا چۈشەنگەن، ھەر خىل سىمۋوللۇق مەنىلەرنى يۈكلىگەن ئىدى. ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار بىلىش جەھەتتە ئەشۇ سىرلىق ئىلاھىيەت دۇنياسىدىن ئىنسانىيەت دۇنياسىغا قايتىپ كەلدى، يەنى ئاشۇ سىرلىق ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى تەبىئەت دۇنياسىدىن ھالقىغان ئىلاھلار دۇنياسىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياشاۋاتقان ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن ئىزدىدى. بۇ خىل ئىزدەشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى گەۋدىلىك ئىپادىسى ئۆز ئەجدادىنى ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن، كونكرېت تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىزدەش بولدى. نەتىجىدە تەبىئەتتىكى مەلۇم بىر شەيئىنى ئۆز ئەجدادى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاش كېلىپ چىقتى. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ھايۋان ئېتىقاد-

www.uyghurkitap.com

چىلىقى ۋە دەرەخ ئېتىقادچىلىقىدۇر. هايۋان ئېتىقادچىلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، دەرەخ ئېتىقادچىلىقىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، دەرەخ تۇغۇش قابىلىيىتىگە ئىگە، بولۇپمۇ مېۋىلىك دەرەخلەر ئالاھىدە ئۇلۇغ دەپ قارالدى، ئۇ ماي دەرەخ ئىلاھى، پەرزەنت ئىلاھى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۇ دائىم سۇ كۆپ جايلاردا، ئورمانلىقلاردا ياشايتتى. شۇڭا تۇغماس ئاياللار پەرزەنت تىلىمەكچى بولسا، ئورمانلىققا بېرىپ ئۇمايغا تىۋىناتتى. «ئۇمايغا تىۋىنساڭ ئوغۇل تاپۇرسەن» دېگەن ماقالمۇ دەل شۇنىڭ يالدامىسىدۇر. دەرەخكە بولغان بۇ خىل چوقۇنۇش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە جىنسقا چوقۇنۇش بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. شەخسەن ئالما دەرىخى مېۋىلىك دەرەخ بولغاچقا، ئالما دەرىخىگە چوقۇنۇش ۋە ئالمىنى ئاياللارنىڭ كۆكسىگە سىمۋول قىلىپ، ئۇنى جىنسقا چوقۇنۇشنىڭ بەلگىسى قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئالما ھېرىسمەنلىكى ۋە ئالما دەرىخى ئېتىقادچىلىقىنىڭ، شۇنداقلا جىنسقا چوقۇنۇش مەدەنىيىتىنىڭ روشەن ئىزناسىدۇر.

ئالمىغا بولغان ھېرىسمەنلىك ۋە ئالمىنى ئەرۋاھلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكى دەپ بىلىش، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شامان تۈسىنى ئالغان پېرىخونلۇق ئادەتلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. يەنى پېرىخونلۇق ئادىتىدە تۇغ باغلىغاندا ئۈستىگە بىر تال ئالما شېخى ئېسىپ قويىلىدۇ. باخشىنىڭ قولىدىمۇ ئالما شېخى بولىدۇ. ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا تەگسۇن دەپ ئالما پوستى ياكى ئالما قېقى بىلەن ئىسرىق سېلىنىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت بىمارغا چاپلىشىۋالغان جىنغا ئالما بېرىپ ياكى ئالمىنىڭ ھىدىنى پۇرىتىپ، ئۇنىڭدىن بىمارنىڭ تېنىدىن چىقىپ كېتىشىنى ئىلتىجا قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى يۇغاندا، يۇيىدىغان سۇيىگە ئالما قېقى سېلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت بوۋاقنىڭ تېنى كېيىنچە ئالمىدەك پۇراقلىق بولسۇن دېيىشتىن ئىبارەت. خەلقىمىز ئارىسىدا يەنە ئېغىر بوي ئاياللار ئالمىنى كۆپ يېسە بالىسى ئالىم بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەت تۇيغۇسى بويىچە ئالما ھېرىسمەنلىكىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇيغۇرلار ئالمىنىڭ شىپالىق رولى، دورىلىق قىممىتى بويىچە شۇنىڭغا ماس ھالدا ھەر خىل ماددىي ۋە مەنىۋىي فولكلور مەدەنىيىتىنى ياراتقان ۋە ھەر خىل سەنئەت شەكىللىرىدە نامايەن قىلغان. مەسىلەن ئالمىنىڭ شىپالىق رولى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمىي داستانلىرىدىن بىرى بولغان «چىن تۆمۈر باتۇر» دا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

«سىڭلىسىنى مانجۇلار ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن سىڭلىسىنىڭ دەردىدە چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ. سىڭلىسى ئاكىسىنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن ئاكىسىنىڭ كۆزىنى خالتىسىدىكى ئالما ئارقىلىق ئاچماقچى بولۇپ مۇنداق قوشاق توقۇيدۇ:

ئالمالىقنىڭ ئالمىسى،
مەختۇمسۇلانىڭ خالتىسى.
مەختۇمسۇلا بولمىسا،
قايدىن كېلۇر ئالمىسى.

مەختۇمسۇلا بۇ قوشاقنى ئوقۇپ، ئالمىنى ئاكىسىنىڭ كۆزىگە سۈرتىشىگىلا ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ». بۇ ئالمىغا بولغان ھېرىسمەنلىكنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەكس ئېتىشى بولۇپ، بۇنىڭدا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنداق بىر قەدىمىي ئىلاھ قارىشى ئەكس ئەتكەن. يەنى بۇ ئالەمدىكى روھلار يامان روھ ۋە ياخشى روھ دەپ ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، يامان روھلار ئادەم تېنىگە كىرىۋالغاندىن كېيىن شۇ ئادەمدە ھەرخىل ماغدۇرسىزلىنىش، ئاجىزلاش

ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقى قانداقتۇر جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاش ئەمەس. بۇ ئاجىزلىقنى يېڭىش ئۈچۈن شۇ ئادەمنىڭ تېنىگە كىرىۋالغان يامان روھنى ھەيدەپ چىقىرىش زۆرۈر. بۇنىڭغا پېرىخونلۇق قىلىش ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ. پېرىخونلۇق ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئوخشاتما پېرىخونلۇق ۋە تېگىشمە پېرىخونلۇق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئوخشاتما پېرىخونلۇقتا شۇ كىشىنىڭ مەلۇم يېرىگە ئوخشايدىغان نەرسىگە ئەپسۇن ئوقۇش ئارقىلىق شۇ يامان روھنى شۇ نەرسىگە بەنت قىلىپ، ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىش كېرەك قىلىنىدۇ. تېگىشمە پېرىخونلۇقتا شۇ كىشىنىڭ مەلۇم يېرىگە شۇ روھنى ھەيدەپ چىقىرىدىغان نەرسىنى تەگكۈزۈش ئارقىلىق مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، يۇقىرىقى قوشاقتا يۇقىرىقى ئىككى خىل پېرىخونلۇقنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلغان. يەنى، «چىن تۆمۈر باتۇر»نىڭ كۆزى يامان روھ تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاچقا، ئۇنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئالمىنى كۆزىگە تەگكۈزۈش ئارقىلىق بۇ يامان روھ ئۇنىڭ تېنىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، كۆزى ئېچىلغان. ئۇيغۇرلاردىكى ئالما ھېرىسمەنلىكى يەنە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىمۇ گەۋدىلىك. مەسىلەن:

باغىڭغا كىرىۋېلىپ،
ئالما ئىرغىتاي يارىم.
ناخشامغا قېتىۋېلىپ،
سېنى يىغلىتاي يارىم.

— «ئاشناجان» دىن

بۇ قوشاقتىكى ئالدىنقى ئىككى مىسرا قانداقتۇر كېيىنكى ئىككى مىسرانىڭ قاپىيىسى ئۈچۈنلا كەلتۈرۈلگەن بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى تولىمۇ سىرلىق، سىمۋوللۇق بىر مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يەنى، «باغ» دېگىنى قىزنىڭ قوينى، «ئالما» دېگىنى قىزنىڭ كۆكسى بولۇپ، ئالمىغا بولغان ھېرىسمەنلىك ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قىز - ئاياللارنىڭ مۇھەببىتىگە ھېرىسمەنلىكىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار ئەڭ ئەزىزلىگەن شۇ ئالمىنى يەنە كۆڭۈلنىڭ رايى بىلەن نىسبەتلەشتۈرىدۇ. مەسىلەن:

كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمە،
كۆڭۈل ھەر جايغا باشلايدۇ.
سەمەرقەندنىڭ ئالمىسىدەك،
ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ.

— «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» دىن

ئۇيغۇرلاردىكى ئالما ھېرىسمەنلىكى يەنە ئالما رەڭگىنىڭ قىزىللىقى بىلەنمۇ بىرلىشىپ كەتكەن، بىراق قىزىل رەڭ بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ھەرقانداق نەرسىنى ئالما سۈپىتىدە قارىمىغان، پەقەت شەكىل نۇقتىسىدىن ئالمىغا، رەڭ نۇقتىسىدىن ئالما رەڭگىگە ئوخشاپ كېتىدىغان شەيئىلەرگىلا ئىشلىتىلگەن. بۇ ئارقىلىق ئالمىغا بولغان ھېرىسمەنلىك، گۈزەللىك چۈشەنچىسى ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، «ئۆزھال» مۇقامىنىڭ «جۇلا» قىسمىدا مۇنداق بېيىت ئۇچرايدۇ:

ئاق ئالما قىزارغاندەك،

قىزىل يۈزلۈكۈم يارىم.
ناۋات بىلەن يۇغارغاندەك،
شېرىن سۆزلۈكۈم يارىم.

بۇ بېيىتتا گۈزەل جانانىنىڭ يۈزى ئاق ئالمىغا، ئۇنىڭ مەڭزى قىزىل ئالما رەڭگىگە ئوخشىتىلىپ، قىزلارغا بولغان گۈزەللىك چۈشەنچىسى ئالاھىدە ئەكس ئەتكەن.
ئۇيغۇرلارنىڭ ئالما ھېرىسمەنلىكى ۋە ئالما گۈزەللىكى چۈشەنچىسىگە ئائىت مەزمۇنلار ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بۇ خىل مەزمۇندىكى ئەسەرلەر كۆپلەپ ئىجاد قىلىنغان. بىز بۇ يەردە 18 ـ ئەسىردە ياشىغان لىرىك شائىر نەۋبەتىنىڭ ئالما ھەققىدىكى مۇنۇ بىر غەزىلىنى مىسال كەلتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىمىز:

ئالمە دەيدۈرلار، ئالۇرلار ئالمەنى،
قوينىغە يىلداپ سالۇرلار ئالمەنى.
ئالمەغە مەيل ئەتسە ھەر كىم ناگەھان،
شاخىدىن ئېگىپ ئالۇرلار ئالمەنى.
ھېچ مېۋە ئالمەدەك مەرغۇب ئەمەس،
زەۋق بىرلە تالاشۇرلار ئالمەنى.
نازەنىن رۇخسارى يەڭلىغ رەڭ بەرەڭ،
تەختەغە تىزىپ قويارلار ئالمەنى،
تورفە خۇشبۇيلۇق بولۇر ئۇي زىينەنى،
چوڭلاغە تۇھفە قويارلار ئالمەنى.
كەلسە نەۋرۇز فەسلى ئەييامى بەھار،
فۇل بېرىپ ساتىپ ئالۇرلار ئالمەنى.
ئۆتتى ئۆمرۈڭ، نەۋبەتى، ھەسرەت بىلە،
جۇستىجۇ قىلسە تاپارلار ئالمەنى.

بۇ شېئىردا ئالمىنىڭ تۈرلۈك سۈپەتلىرى ۋە شائىرنىڭ ئالمىغا بولغان مەپتۇنلۇقى، خەلقىمىزنىڭ ئالمىغا بولغان ھېرىسمەنلىكى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.
كىشىلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئېشىپ بېرىۋاتقان، گۈزەللىك چۈشەنچىسى سىمۋوللۇق تەسەۋۋۇردىن ئەركىن تەسەۋۋۇرغا ئۆتىۋاتقان، بەخۇدۇك ھۇزۇرنى ئاساس قىلغان بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالمىغا بولغان ھېرىسمەنلىكى تېخىمۇ ئاشماقتا. شۇڭا، مەدەنىيەت تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇرلاردىكى ئالما ھېرىسمەنلىكنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچكى گۈزەللىك قاتلىمىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئېچىپ بېرىش زور مەنىۋى قىممەتكە ۋە ئەمەلىي ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم تېما ھېسابلىنىدۇ.

(ئاپتور: مەكىت ناھىيە قۇمقىسار يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزىدىن)

# قەدىمكى مۇ قورۇقلۇقى①

ج. چېرچۋارد

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: يۈسۈپ ئىگەمبەردى

## گرېك ئېلىپبەسى

ئېرايىمىزدىن 403 يىل ئىلگىرى قەدىمكى گرېك گراماتىكاشۇناسلىرى ئافىنا ئېلىپبەسى ئاساسىدا ھازىر ھەممىمىزگە تونۇش بولغان ئېلىپبەلىك بەلگىلەرنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، ئەينى دەۋرنىڭ زامانىۋى گرېك ئېلىپبەسى مايا سۆزلەملىرىدىن ئېپىك بايانلارنى ئوبرازلاشتۇرۇپ بېرىش بىلەن بىرگە مۇ ئېلىنىڭ ھالاكىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. گرېك ئېلىپبەسىنىڭ تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە:

ئەدەبىي تەرجىمىسى:

سۇلار تۈزلەڭلىككە زەرب بىلەن ئۇرۇلدى، تۈزلەڭلىكلەر تۆۋەنلىدى، ئۇ يەرلەردە توسالغۇلارمۇ پەيدا بولۇپ، ئېگىز - پەس قىرغاقلار ھاسىل بولدى. زېمىن سۇلارنىڭ زەربىسىنىڭ تەمىنى تېتىدى. سۇلار ھەممىنى، ياشاۋاتقانلارنىمۇ، ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىرىنىمۇ يوتۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇ دۆلىتى چۆكۈپ كەتتى. سۇ قايىنىمى ۋە قويۇنلار ھەممە ئەتراپنى قاپلىدى. سوغۇق ھاۋا ۋاقتىنچە كەتمىدى. ئۇ يەردە بۇرۇن تۈزلەڭلىك بولغان، ھازىر ناھايىتى چوڭ، چوڭقۇر ھاڭلار، سۇ ئامبارلىرى بار بولدى. يانار تاغ ئېغىزلىرىدا پاتقاق - لاي - لاتقىلاردىن قىرغاق شەكىللەندى. يانار تاغ ئېغىزلىرى ئېچىلىپ، ئۇنىڭدىن ھورلار ۋە ۋۇلقان لاۋىلىرى ئېتىلىپ چىقتى.

گرېك ئېلىپبەسى ۋە ئۇنىڭ تىلسىملىق مەناسى

| گرېك ھەرپى | كارا - مايا سۆزلەملىرىنىڭ مورفېمىسى ۋە مەناسى |
|---|---|
| ئالفا | ئال (ئېغىر)؛ پائا (سۇنۇش، بۇزۇلۇش)؛ با (سۇ) |
| بېتا | بې (يۈرۈش)؛ تا (قەيەر، نە، ئورۇن، تۈزلەڭلىك، زېمىن) |
| گامما | كام (ئېرىشىش، تاپشۇرۇۋېلىش)؛ ما (ئانا، موما، زېمىن) |
| دېلتا | تېل (چوڭقۇرلۇق، تېرەنلىك، تېگى - تەكتى)؛ تا(قەيەر، نە ۋە باشقا) |

① بېشى 2004 - يىللىق 5 - سانىدا.

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| ئەپسىلون | ئەپ (توسۇلماق، توسالغۇ)؛ زىل (چەك پەيدا قىلىش)؛ ئونۇم (قايىنام، قۇيۇن) |
| دزېتا | دزي (ئۈرۈلۈش)؛ تا (قەيەر، نە، زېمىننىڭ پارچىسى ۋە باشقا) |
| ئېتا | ئېت (بىرلىكتە، بىللە)؛ دا (سۇدا) |
| تېتا | تېمبىبا (سۇغا چېلىنىش، يۇيۇش)؛ با (سۇ) |
| يوتا | يو (ھەممە، ياشىماق، ھەرىكەتلەنمەك، مىدىرلىماق)؛ تا (قەيەر، نە، زېمىننىڭ پارچە-سى) |
| كاپپا | كا (چۆكۈش توسالغۇ)؛ پائا (سۇنۇش، بۇزۇلۇش، قالايمىقانلىشىش) |
| لىيامبدا | لام (چۆكۈش)؛ بې (يۇرۇش، مېڭىش)؛ تا (قەيەر، نە، زېمىننىڭ پارچىسى ۋە باشقە-لار) |
| مىيۇ | مۇ (مۇ قۇرۇقلۇقى) |
| نىيۇ | نى (توچكا، ئېگىزلىك، پەللە) |
| كسى | كسى (كۆتۈرۈلمەك، كۆرۈلمەك، چوقچايماق) |
| ئومىكرون | ئوم (پىرقىراش)؛ ئىك (شامال، يەل)؛ لې (ئورۇن)؛ ئون (يۇمىلاق، يايسىمان) |
| پى | پى (بارا - بارا، بارغانسېرى) |
| رو | لا (ۋاقتىنچە)؛ رو (كەلمەك) |
| سىگما | زى (سوغۇق، سوغ)؛ ئىك (شامال، يەل)؛ ما (زېمىن، ئانا، موما) |
| تائۇ | تا (قەيەر، نە)؛ ئۇ (تېگى - تەكتى، ئويمان، ھاڭ) |
| ئىپسىلون | ئۇ (ھاڭ، تەگ، ئاست)؛ پا (بۇلاق، ساقلانغان سۇ)؛ زى (سوغۇق، سوغ)؛ لې (ئورۇن)، ئون (يۇمىلاق، يايسىمان) |
| فى | پې (كەلمەك)؛ بى (لاي - لاتقا، پاتقاق، بالچىق) |
| خى | خى (تۆشۈك، ئېغىزلار) |
| پسى | پى (كەلمەك، كەتمەك) |
| ئومېگا | ئو (ئۇ يەر)؛ مېك (ئايلانماق، چۆرگىلىمەك)؛ كا (چۆكۈش، توسالغۇ) |

| گرېك ھەرپلىرى | كارا ـ مايالار سۆزلە. مىسىنىڭ مورفېمىسى | ھەرپلەر ئاساىدىكى تەرجىمە. |
| --- | --- | --- |
| ئالفا | ئال ـ پائا ـ با | سۆلار زەرب بىلەن ئۆرۈلدى. |
| بېتا | بې ـ تا | تۇزلەئلىكلەرگە تېشىپ چىقىپ. |
| گامما | كام ـ ما | |
| دېلتا | تېل ـ تا | تۆۋەن تەرەپتە، توسالغۇلۇق يەردە، قىرغاقلارنى بۇزۇپ تاشلىدى. |
| دزېتا | دزې ـ تا | زېمىنغا ئۆرۈلدى |
| گەتا | گەت ـ با | سۆلار بىلەن. |
| تېتا | تەتىببا ـ با | سۆلار كېچىپ |
| يوتا | يو ـ تا | ھەممىنى، ياشانغانلارنىمۇ، مىدىرلاۋاتقانلارنىمۇ باستى. |
| كاپپا | كا ـ پائا | يوللاردا توسالغۇلار پەيدا بولۇپ |
| لىيامبدا | لام ـ بې ـ دا | زېمىن چۆكتى |
| مىيۇ | مۇ | مۇ دۆلىتىنىڭ |
| نىيۇ | نى | پەقەت ئېگىزلىكلىرىلا |
| كسى | كسى | سۇنىڭ ئۈستىدە قالدى. |
| ئومىكرون | ئوم ـ مىك ـ لې ـ ئون | قاينام، بوران ـ چاپقۇنلار ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈردى. |
| پى | پى | بارا ـ بارا |
| رو | لا ـ بو | ۋاقتىنچە يوقالمىغىنى. |
| سىگما | زد ـ ئىك ـ ما | سوغۇق ھاۋا بولدى. ئۇ يەر، ئاۋۋال |
| تائو | تا ـ ئو | ئۆيمانلىق ئىدى. |
| ئېپسىلون | ئۇ ـ پا ـ زد ـ لې ـ ئون | ھازىر چوڭقۇر ھاڭغا، سوغۇق چوڭقۇرلۇققا ئايلاندى. دۆ. گىلەك دائىرىدە |
| فى | پې ـ بى | لاي ـ لاتقىلار پەيدا بولدى. |
| خى | خى | ئېغىز |
| پسى | پې ـ زى | ئېچىلىپ، ھورلار |
| ئومېگا | ئو ـ مېك ـ كا | كۆتۈرۈلۈپ ۋولقان چۆكمىلىرى پەيدا بولدى |



مۇنىڭ غايىبلىق مەنىلىرى بىلەن پۈتۈلگەن گرېك ئېلىپبەسى

www.uyghurkitap.com



يۇقىرىقى پۇتۇك سولدىن ئوڭغا ئوقۇلىدۇ. ئادەتتە، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ يازمىشلىرى كۆندىلەڭ سىزىقسىمان پۇتۇلگەن بولسا ئوڭدىن سولغا يېزىلغان ھەمدە شۇنداق ئوقۇلىدىغان بولىدۇ، دەيدىغان قاراش بار.

## گرېك كرېستىنىڭ مەنبەسى



Fig. 1.

Греческий крест



Fig. 2.

Геральдический щит Му

**مۇنىڭ ئەلتەمغا كەشتىسى[①]، گرېك كرېستى**

بىزگە داڭلىق بولغان «گرېك كرېستى» دائىم ئىلىم ئەھلىلىرى ئۈچۈن تىلسىملىق، تېپىشماقسىمان قالدى. گەرچە «گرېك كرېستى» كۆپلىگەن پۇتۇكلەردە ئازدۇر - كۆپتۇر ئۇچرىسىمۇ، بىزنىڭ ئارخېئولوگلىرىمىز ئوقۇپ چۈشىنىشكە ئامالسىز قالدى. ئۇ «گرېك كرېستى» يۇكاتان ۋە ئوتتۇرا ئامېرىكىدىن تېپىلغان پۇتۇكلەرنىڭ ئاساسلىقىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ۋىنتېر ئۆزىنىڭ «گۋاتېمالا» ناملىق ئەمگىكىدە مۇنداق قەيت قىلغان: «تېپىشماقسىمان تېمسال بولغان <گرېك كرېستى> كرىگۇئا، كوپانادىن تېپىلغان تاشلاردا ئۇچرايدىغان بولۇپ ئىلىم ئەھلىلىرىنى چوڭقۇر ئويغا پاتۇردى». ئاۋۋالقىلىرىغا ئوخشاشلا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھېچقانداق ئىلىم ئەھلى بۇ ئاددىي تېپىشماقنى يېشەلمىدى.

گرېك كرېستى مۇ ئېلىنىڭ — يەنى قۇياش ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھانە كەشتىسىنىڭ نەقىشلىك ئېلېمېنتى بولغان بولۇپ، بۇ تەسۋىرىي يېزىقسىمان بەلگە پۇتۇلەي مۇنىڭ ئەۋۋەلىي تىلى بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئۇ مۇنداق ئوقۇلىدۇ: «ئۇ - لۇئۇمىل»، تەرجىمىدە مۇنداق مەنىگە ئىگە: «زېمىن»، «ئەل، دۆلەت» ياكى تېخىمۇ تولۇق بولغان مەنىدە «ئىمپېرىيە»، «قاغانات»، بۇنداق بولغاندا كرېستلىك ھەممە پۇتۇكلەردە ئۇ ئايرىم مەنىنى بىلدۈرگەن بولىدۇ. ئوي - پىكىر ئۇنىڭ بىلەن چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ ھەم ئۇنىڭدىن كېڭىيىدۇ.

گرېك كرېستى مېنىڭ گرېك ئېلىپبەسىنى توغرا يېشىشىم بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. گرېك ئېلىپبەسى كرېستىنىڭ توغرا ئىزاھلىنىشى بىلەن تېخىمۇ ئىناۋەتلىك بولدى. بۇ گرېك كرېستى بىلەن گرېك ئېلىپبەسى مۇنىڭ، يەنى قۇياش ئىمپېرىيىسىنىڭ مەۋجۇد بولغانلىقىنى ھەمدە مۇنىڭ گرېكلەرنىڭمۇ ئەۋۋەلىي زېمىنى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(داۋامى بار)

(يۇسۇپ ئىگەمبەردى: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكولتېتىدىن)

---

① دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، بۇ ئەلتامغا مەركىزىدە كرېست بولمىغان ھالەتتە باشقىرت ئالىمى زەكىي ۋەلىدى توغان ئىجادىيىتىدە ئۇچرايدۇ.

# زۇلمەت ئىچىدە نۇر[1]

(ئەلىشىر نەۋائى ھەققىدە قىسسە)

مىركەرىم ئاسىم

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ

## يىگىتلىك پەسلىنىڭ تىكەنلىك گۈللىرى

شاھرۇخنىڭ نەۋرىسى پادىشاھ ئەبۇلقاسىم بابۇر مەشھەد شەھىرىگە كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ شەرىپىگە ھاكىمنىڭ شەھەر سىرتىدىكى بېغىدا كاتتا زىياپەت بېرىلدى. مەرمەر كۆل ئەتراپىغا سېلىنغان گىلەم ۋە شايى كۆرپىلەر تۆپىسىدە شەھەر ئەمەلدارلىرى، بەگلەر، سەركەردىلەر كېرىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. بەللىرىنى چىڭ باغلاپ، پەشلىرىنى قىستۇرۇۋالغان ئەپچىل خىزمەتكارلار ئالدىراپ – تېنەپ ئۇلارغا تۈرلۈك تائاملارنى توشۇپ تۇراتتى. پوتىسىغا قىرىقتىن قوڭغۇراق ئاسقان چىرايلىق يىگىتلەر ئالتۇن سۇراھىلاردىن[2] شاراب قۇيۇپ، كۈمۈش قەدەھلەرنى پادىشاھقا ۋە ئۇنىڭ مېھمانلىرىغا تۇتاتتى.

يۈزىنىڭ گۆشلىرى ساڭگىلىغان، بادام قاپاق، قىسىق كۆز پادىشاھ ئالدى تەرىپى ئېچىپ قويۇلغان يىپەك چېدىر ئىچىدىكى تەختتە ئولتۇرۇپ، ساقىيلارنىڭ قولىدىن كەينى – كەينىدىن شاراب ئىچەتتى. شارابخور، تەنتەك، ئىشرەتپەرەست ئەبۇلقاسىم تېۋىپلارنىڭ چەكلىشىگە قارىماي ئىچىشنى تاشلىمىغان بولۇپ، خەلقتىن يىغقان سېلىقنىڭ كۆپىنى زىياپەتلەرگە سەرپ قىلاتتى.

بىراق بۇ نۇقسانلىرىغا قارىماي، ئۇ ياخشى شېئىرلارنى يازاتتى، سارايغا شائىرلارنى يىغىپ يازغان نەزمىلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى، نەۋائىدەك ياش شائىرلارنى قانات ئاستىغا ئالاتتى.

مەكتەپنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن، ئون ئالتە ياشقا كىرگەن نەۋائى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە ئۇنىڭ خىزمىتىگە كىرگەنىدى. ئۇ نەگە بارسا بىر توپ مۇلازىملار بىللە كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرۈشەتتى. ھازىرمۇ ئۇلار شۇ زىياپەتتە بولۇپ، بىر چەتتە تۈرلۈك – تۈمەن نازۇ نېمەتلەر بىلەن بېزەلگەن داستىخان يېنىدا ئولتۇرۇشاتتى.

نەۋائى پادىشاھنىڭ ئەلپازىغا قاراپ تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدى. ئەبۇلقاسىم قەدەھ ئۈستىگە قەدەھ كۆتەرسىمۇ چىرايى ئېچىلمايتتى، چىرايى بارغانسېرى تاتىراتتى. ئۇنىڭغا ئۆلۈم ئۆز سايىسىنى تاشلىغاندەك ئىدى.

— شاھىمىزنىڭ چىرايى بىر قىسما، بىرەر ئەھۋال يۈز بەرمىسە بولاتتى، دەپ قورقى-

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

② سۇراھ — بوينى ئىنچىكە مەي قاچىسى.

www.uyghurkitap.com

مەن، — دېدى نەۋائى ھۇسەيىنگە ئاستا.

شۇ چاغدا ئەبۇلقاسىم بابۇر نېمىشقىدۇر ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن بەگلىرىدىن بولغان ئابدۇۋەلى تارخانغا كايىشقا باشلىدى، زىياپەتچىلەرنىڭ كەيپى ئۇچۇپ، بىردىن جىمىپ قېلىشتى.

— شاھىمىزنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلدى، — دېدى ھۇسەيىن پىچىرلاپ، — ئەجەل يېقىنلاپ، گېلىدىن ئالدى، شۇڭلاشقا سەپراسى قايناپ كەتتى.

ھۇسەيىن بايقارا بۇ چاغدا ئون سەككىز ياشقا تولغان، قىزىل يۈزلۈك، كېلىشكەن يىگىت بولۇپ قالغان ئىدى. ئەبۇلقاسىم ئۇنىمۇ ھىماتى ئاستىغا ئېلىپ پەرۋىش قىلاتتى، ئۆز ئوغلىدەك تەربىيىلەيتتى.

نەۋائىغا ھۇسەيىنىنىڭ سۆزلىرى ياقمىغاندەك، قاپىقىنى سېلىپ سۆزلىدى:

— بىرى ئۆلەي دېسە، بىرسى كۈلەي دەيدۇ. ۋاھالەنكى، مىرزا بابۇرنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيسىزغۇ؟ ئۇ سىز بىلەن بىزدىن قولىدىن كەلگىنىنى ئايىمىغانغۇ!

— ھەي نەۋائى، ساددا يىگىتسىز - دە، — دېدى ھۇسەيىن قېشىنى ئوينىتىپ، — ياخشىلىق قىلدى، دەپ تاج - تەختتىن ۋاز كېچەيمۇ؟ — ئاندىن زەھەرلىك كۈلدى، — ئەبۇلقاسىمنىڭ ئۆلۈمى يولۇمدىكى بىر توساقنى ئېلىپ تاشلايدۇ!

نەۋائى نائىنساپلىق قىلىۋاتقان كونا ساۋاقدىشىغا يىرگىنىپ قارىدى:

— بۇ سۆھبەتنى توختىتايلى، بىرسىنىڭ قۇلىقىغا كىرسە ياخشى بولماس. تىل يۈگۈرۈكى باشقا، پۇت يۈگۈرۈكى ئاشقا. تىلىڭىزغا ئېھتىيات قىلسىڭىز، مەقسەتكە يېتىسىز!

زىياپەتتىن كېيىن پادىشاھنىڭ ھالى ئېغىرلىشىپ قالدى. ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ئورۇنغا ياتقۇزۇشتى. كېچىسى تىلىدىن قېلىپ كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى ئەتراپىدىكىلەرگە كۆز ۋە قول ئىشارىتى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى. بىراق ھېچكىم نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمىدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەبۇلقاسىم بابۇر يورۇق دۇنيادىن كۆز يۇمدى. ئۇنىڭ سەركەردىلىرى، مىڭبېشى ۋە يۈزبېشىلىرى تەختكە دەۋاگەر بولغان شاھزادىلەر ئارىسىدىن ئۆزلىرىگە ھامىي ئىزدەشكە باشلىدى. ھۇسەيىن مىرزىمۇ بۇ لاچىنلاردىن بىرنەچچىسىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىۋالدى. ئۇ تەخت ئۈچۈن كۆرەش باشلاش پەيتى كەلگەنلىكىنى بايقىغانىدى. بىر كۈنى نەۋائىنى چېدىرىغا چاقىرىپ، ئۆزى بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىشقا تەكلىپ قىلدى.

— مەن دالىغا چىقىمەن، — دېدى ھۇسەيىن ئىنچىكە بېلىدىكى كەمىرىگە قىلىچ غىلاپىنى ئېسىپ تۇرۇپ، — مېڭىڭ، بىز بىللە سۇمرۇغ قۇشى ئىزدەيمىز.

ئۇنىڭ ئىزدىگەن سۇمرۇغ قۇشى پەنجىسى ۋە تۇمشۇقى قان، ئادەم گۆشىگە تەشنا قۇش ئىكەنلىكىنى نەۋائى ياخشى بىلەتتى، شۇڭلاشقا دوستىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ:

— مەن مەشھەد شەھىرىدە قېلىپ، مەدرىسىدە ئوقۇماقچىمەن، — دېدى.

— ئەپسۇسكى، سىز قىلىچ ئەمەس، قەلەم بىلەن مەشىق قىلىپ كەلگەنسىز. بولمىسا ماڭا ئەگىشىپ ماڭغان بولاتتىڭىز. مەيلى، سىز ئىلىم خەزىنىسىدىن گۆھەرلەر تېرىۋېرىڭ، ئەلگە ئەسقىتىپ قالار. مەن كۆكسۈمنى شامالغا تۇتۇپ سۇمرۇغ قۇشى ئىزدەيمەن.

— سىزگە بەخت - سائادەت، ئىشىڭىزغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن. ئەگەر ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلىپ، نەۋكەرلىرىڭىزنى رازى قىلىپ يۈرسىڭىز، ئەلۋەتتە مۇرادىڭىزغا يەتكەيسىز، — دېدى نەۋائى ھۇسەيىن بىلەن خوشلىشىۋېتىپ.

ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، ئەلىشىر ئىمام رىزا مەقبەرىسى يېنىدىكى خانىقادىن بىر

ھۇجرا ئېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلىدى.

## پەھلىۋان مۇھەممەدنىڭ چاقچىقى

ئەلىشىر ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچقاندا ئىمقاراڭغۇ ھۇجرا ئوتتۇرىسىدىكى شىرە ئۈستىگە پەنجىرىدىن تەڭگىدەك كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. مىجەزى يوق بولۇپ، ئورنىدىن تۇتۇپ ياتقان شائىر پۈتۈننىڭ ئاغرىقى توختىغىنىنى سېزىپ خوش بولدى ۋە تۆپىسىدىكى يوتقاننى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىدىن قوپتى - دە، تامنى تۇتۇپ مېڭىپ دالانغا چىقتى. چۆگۈندىن سۇ قۇيۇپ يۈز - كۆزىنى يۇدى، پوتىسىدا سۈرتۈنۈپ، يەنە جايىغا كېلىپ ياتتى. ئۇ ئورۇقلاپ كەتكەن جۇدەڭگۈ قوللىرىنى سوزۇپ، يېنىدىكى تاكچىدىن قەغەز، قەلەم ئالدى ۋە ئېگىز قويۇلغان ياستۇقىغا يۆلىنىپ يېزىشقا باشلىدى. قەلىمى يۇرۇشكەنسېرى يۇمىلاق يۈزى نۇرلىنىپ، كىيىكنىڭكىدەك كۆزلىرى چاقنايتتى، كېچىسى ئۇيقۇسىزلىقتىن ئويلاپ قويغان پىكىرلەر ۋەزىن قېلىپقا چۈشۈپ، قاپىيىلەر ئاسانلا بىر - بىرسى بىلەن تېپىشاتتى.

شائىر يازغان شېئىرىدىن زوقلىنىپ، قەغەزنى تۆت قاتلىدى ۋە قوزۇققا ئېسىقلىق تۇرغان چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى - دە، يەنە ياتتى.

ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم، ھامىيسىز قالغىنى يەتمىگەندەك مۇساپىرلىقتا مۇفاسىل (بوغۇم ئاغرىقى) كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ قالدى. تۇرىۋاتقان تەسكەي ھۇجرىسى ئىمقاراڭغۇ، زەي ئىدى. ئەتىگەن بىر ئاز چۈشكەن ئاپتاپ ھۇجرىدىكى نەملىكنى بېسىپ كېتەلمەيتتى، ياخشى، بەختىگە مەشھەدتە پەھلىۋان مۇھەممەد بار ئىدى. بولمىسا ئەھۋالى نېمىمۇ بولاتتى! ئۇ ھەر كۈنى بىر قېتىم كېلىپ يېمەك - ئىچمەكىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى، شەھەرنىڭ مەشھۇر تېۋىپلىرىنى باشلاپ كېلىپ داۋالىتاتتى.

ئەلىشىر كېچىسى ئويغىنىپ، خېلى ۋاقىتقىچە خىيال سۈرۈپ ياتقانلىقى ئۈچۈن ئەمدى ئۇنى ئۇيقۇ بېسىشقا باشلىدى. پۈتۈن ئەزايى بوشاپ، قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى ...

پېشانىسى كەڭ، گەۋدىلىك كەلگەن، قاراساقال پەھلىۋان مۇھەممەد ھۇجرا ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىچكىرى كىرگەندە شائىر ئۇخلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ كېلىپ، شىرە يېنىدا ئولتۇردى. ئۇ شائىرنىڭ قوزۇققا ئېسىقلىق چاپىنىنىڭ يېڭى يىرتىلغانلىقىنى كۆردى - دە: «تىكىپ قوياي، مىق ئىلىۋالغانغا ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قوزۇقتىن ئالدى ۋە چاپىنىنىڭ ياقىسىغا قاداپ قويغان يىپ ئۆتكۈزۈلگەن يىڭنىنى ئېلىپ تىكىشكە باشلىدى، شۇ چاغدا يانچۇقتا بىر نېمە شىرىقلىدى. ئېلىپ قارىسا، تۆت قاتلانغان قەغەز چىقتى قەغەزنى ئاچقاچ: «يېڭىدىن يازغان شېئىرىكەن - دە» ، دەپ ئويلىدى ۋە زوق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى. شېئىر ئۇنىڭغا تولىمۇ يارىغانىدى. ئۈچ - تۆت قېتىم ئوقۇپلا يادلىۋالدى. ئاندىن قەغەزنى يەنە بۇرۇنقىدەك قاتلاپ ئورنىغا سېلىپ، چاپاننى قوزۇققا ئاستى.

پەھلىۋان ئەلىشىرغا قارىغاندا خېلى چوڭ بولسىمۇ ئەھلى فازىل ئوتتۇرىسىدا نام قازانغان ياش شائىرنى چوڭلاردەك ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلار ئەبۇلقاسىم بابۇر سارىيىدا ئۇچرىشىپ، دوست بولۇپ قالغانىدى.

www.uyghurkitap.com



يالغۇز كۈشتىگىرلىك[1] ئەمەس، مۇشائىرىدىمۇ رەقىبلىرى پەھلىۋان مۇھەممەدنىڭ دۈمىسىنى يەرگە تەگكۈزەلمىگەنىدى. ئۇ فارس تىلىدا «كۈشتىگىر» تەخەللۇسى بىلەن ئاجايىپ رۇبائىيلار، مەسنەۋىلەرنى يازاتتى. مۇزىكىدىنمۇ خەۋەردار بولۇپ، بىرقانچە ئاھاڭ ئىجاد قىلغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇ دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىلىملەردىنمۇ بەھرىدار ئىدى. ئۇ قايسى ئىشقا قول تىقسا، ھۆددىسىدىن چىقاتتى ۋە ئىستىئداتىنىڭ ھەر تەرەپلىمىلىكى بىلەن ئادەملەرنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۆزى مەرد، سېخى بولغانلىقى ئۈچۈن بېشىغا كۈن چۈشكەن تونۇشلىرى، ئەل - ئاغىنىلىرىنى ئۇنتۇمايتتى، تاپقىنىنى ئۇلار بىلەن تەڭ كۆرەتتى.

ئۇ بۈگۈن ياش شائىرنىڭ غېمىنى يەپ، پىتىرنان، قاتلىما، شەرۋەت ئېلىپ كەلگەنىدى. ھازىر تاڭ ئۈيقۇسى قويىنىغا ئالغان دوستىنىڭ سارغايغان يۈزىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئويغۇنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. «بىر نىمە يېمەي ئۇخلاپ قالغان بولسا، ياخشى ئەمەس»، دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە جىددىيلىشىپ يۆتىلىپ قويدى. ئۈيقۇدا سەگەك ياتقان شائىر ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى ۋە ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ سالام بەردى.

— ۋە ئەلەيكوم ئەسسالام! سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟ مەۋلانە ئابدۇسالام بەرگەن دورا پايدا قىلدىمۇ؟

— پۈتۈمنىڭ ئاغرىقى ئازراق بېسىلغاندەك.

— مەۋلانە زامانىنىڭ ماھىر ھەكىمى. ئۇ ئېيتقانكى، كېسەل ساقايغاندىن كېيىن تېرە ئاستىدا قالغان كېسەل قالدۇقلىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇۋۇلاش كېرەك. ئاۋۋال ناشتا قىلىۋالايلى، ئاندىن ...

ئەلىشىرنىڭ ئىشتىھاسى بولمىسىمۇ پىتىرنان ۋە قاتلىمىدىن بىر - ئىككى پارچە يەپ، شاپتۇل قېقى سۈيىدىن بىر پىيالە ئىچتى.

ناشتىدىن كېيىن پەھلىۋان ئۇنىڭ پۈتىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى ۋە ئادىتى بويىچە شېئىردىن سۆز ئاچتى:

— سىز تۈركىي تىلدا شېئىرنى ياخشى ئوقۇيسىز. مەرھۇم ئەبۇلقاسىم مىرزىمۇ سىزنى ماختايتتى. خوش، ئەمدى سىزگە بىر سوئالىم بار، جاۋاب بېرىڭ.

— بىلسەم جاۋاب بېرەي، سوئالىڭىزنى سوراڭ.

— سوئالىم شۇكى، — دېدى پەھلىۋان شائىرنىڭ پۈتىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — تۈركىي شائىرلاردىن قايسىسى ياخشىراق يازىدۇ ۋە قايسى شېئىرنى ياقتۇرىسىز؟

— ياخشى يېزىلغان شېئىرنىڭ ھەممىسىنى ياقتۇرىمەن.

— راستىنى دەڭ، تۈركىي شائىرلارنىڭ قايسىسىنى سۆز مۈلكىنىڭ پادىشاھى دەپ بىلىسىز؟

— مەۋلانە لۇتفى، بەرھاياتدۇر، ئۇ كىشى تۈركىي قەۋمىنىڭ ئۇستازىدۇر، ئۇنى مالىكۇششۇئەرا[2] دەپ ھېسابلايمەن.

— نېمىشقا مەۋلانە سەئىد نەسىمىينى دېمىدىڭىز؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، — دەپ كۈلۈپ جاۋاب بەردى نەۋائى، — مەۋلانە لۇتفىنى

[1] كۈشتىگىر — چېلىشچى، پالۋان.
[2] ئۆتمۈشتە ئەڭ مەشھۇر شائىرلارغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان ۋە شۇنداق شائىرلارغا بېرىلىدىغان ئەمەل.

پادشاھ بىلسەڭ، سەئىد نەسىمىي ئۇ كىشىگە ۋەزىرلىككە ئەرزىيدۇ.

— ياق، مەۋلانە نەسىمىيدەك ئاتەشنەپەس شائىر تۇرغان يەردە لۇتفىنى پەسەنت قىلغىنىڭىزغا ئەجەبلىنىمەن. سەئىد نەسىمىينىڭ ھەربىر شېئىرى ھېكمەت خەزىنىسى بولۇپ، كۆرۈنۈشتە بىر جانانغا ئېيتىلغان شېئىردەك كۆرۈنسىمۇ، مەزمۇنى كائىناتنىڭ بىرلىكى ۋە پۈتۈنلۈكىگە ئاشىق بولغان شائىرنىڭ نىداسىدۇر، ئۇ ھەربىر جۇزئىي نەرسىدە ئۇلۇغ بىرلىكنىڭ نامايەندىسىنى كۆرىدۇ. مانا، قۇلاق سېلىڭ، — ئۇ ئۇزۇلاشتىن توختاپ، ياش نەۋائىنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن يازغان شېئىرىنى زوق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

*ھەرقايان باقسام يۈزۈمگە گۈل قونۇياشتىن نۇر ئېرۇر،*
*ھەر سارى قىلسام نەزەر گۈل ئاي ماڭا مەنزۇر ئېرۇر.*

شېئىرنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىنى ئوقۇۋاتقىنىدا «نەۋائى» سۆزى ئورنىغا «نەسىمىي سۆزىنى قوشۇپ ئوقۇدى.

*گەر نەسىمىي سىيمبەرلەر ۋەسلىن ئىستەپ كۆرسە رەنج،*
*يوق ئەجەب، نېچۈنكى خام ئەتكەن كىشى رەنجۇر ئېرۇر.*

تەئەججۈپتىن كۆزلىرى قىنىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ياش شائىر چاندۇرماي شېئىر ئوقۇۋاتقان پەھلىۋانغا تىكىلىپ قارىغان پېتى تۇرۇپ قالدى.

— قېنى ئېيتىڭ، كۆرۈنۈشتە مەجاز تەرىقىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، مەنا جەھەتتىن ھەقىقەت تەرىقىگە داخىل ئەمەسمۇ، — دېدى پەھلىۋان شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، — ۋاھ نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسىز؟

نەۋائى: «بۇ شېئىرنى بۈگۈن مەن يازدىمغۇ!» دېمەكچى بولدىيۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— بۇ شېئىرنى قاچان يادلىۋالغانىدىڭىز؟ — دوپ سورىدى ئۇ تىلغا كىرىپ.

— بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل بۇرۇن، بابۇر مىرزىنىڭ بىر مەجلىسىدە سەئىد نەسىمىي ئوقۇغانىدى، مىرزىغا غايەت يارىدى. مەن ئۇنى كۆچۈرۈۋېلىپ يادلىۋالدىم.

— ئېھتىمال، سىز خاتالىشىۋاتقاندۇرسىز، بۇ باشقا شائىرنىڭ ...

— ياق، ياق، مەن خاتالاشمىدىم. گۇۋاھچىلىرىم بار. سۆزۈمگە ئىشەنمىسىڭىز، ئۇلارنى باشلاپ كېلەي، — بۇ سۆزنى دەپ بولۇپ، پەھلىۋان سىرتقا چىقىپ كەتتى ۋە ئۆز چاچچىقىدىن زوقلىنىپ، كۆزىدىن ياش چىققۇچە كۈلدى.

نەۋائى بولسا قولىنى سوزۇپ چاپىنىنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇردى، يازغان شېئىرى جايىدا، تۆت قاتلاغلىق پېتى تۇرۇپتۇ. پەھلىۋان ئۇنى قاچان ئېلىپ ئوقۇدى، قاچان يادلىۋالدى؟ قىزىق! ھە ئۆزى خاتالىشىۋاتامدىكىن، بىر چاغدا ئوقۇغان غەزەلنى خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالغان - دە، شېئىر يېزىشقا باشلىغاندا سىرتقا پارتلاپ چىققانمىكىن؟ ياقەي!

نەۋائى مۇشۇلارنى ئويلاپ بېشى قېتىپ تۇرغاندا پەھلىۋان يۈزىگە جىددى تۈس بېرىپ، يەنە ھۇجرىغا كىردى ۋە ئۇ يەر - بۇ يەردىن سۆز ئېچىپ، ئەلىشىرنىڭ دىققىتىنى چاچماقچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولدى. ئەمما شائىرنىڭ خىيالى ھامان پەرىشان، كۆڭلى پاراكەندە ئىدى.

— راستىنى ئېيتىڭ، ئۇ شېئىرنى سەئىد نەسىمنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغانمىدىڭىز؟

— ۋاي ئېمىشقا ماڭا ئىشەنمەيسىز، ئۇ مەجلىستە مەن بىلەن ئىككى شاگىرتىمۇ بار ئىدى. ئۇلارمۇ بۇ شېئىرنى يادقا ئېلىشىۋالغان. ئىشەنمىسىڭىز، ئۇلارنى ئەتە باشلاپ كېلىمەن.

«يا پالۋان ماڭا چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، ياكى كېسەل بولغانلىقىم ئۈچۈن زېھنىم ئاجىزلەشىپ، نەسىمىينىڭ خاتىرەمدە قالغان شېئىرىنى باشقىدىن قەغەزگە چۈشۈرگەنمەن» دەپ ئويلىدى شائىر ھەيران بولۇپ.

پەھلىۋان بولسا ئۆز ئۆيىگە بېرىپ، شاگىرتلىرىدىن سۇلتان ئەلى بىلەن مۇھەممەد ئەلىنى ئالدىغا چاقىرىۋالدى ـ دە، ئۇلارغا نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىنى يادلاتتى. ئەتىسى ئۇلار كېلىپ، پالۋاننىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىدى ۋە گويا ئون ئىككى يىل بۇرۇن ئاڭلىغان شېئىرىنى قىرائەت بىلەن ئوقۇپ بېرىشتى. پەھلىۋان «مانا كۆردىڭىزمۇ؟» دېگەندەك قىلىپ، قېشى، كۆزى بىلەن ئىما قىلىپ قويدى. ئۇ چاقچاقنى ھەددىدىن ئاشۇرۋەتكەنلىكىنى بايقاپ سۆزنى تاماملىدى ـ دە، ياش شائىرنى ھەيران قالدۇرۇپ، شاگىرتلىرى بىلەن چىقىپ كەتتى. ئەتىسى نەۋائىينىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن شاگىرتى سۇلتان ئەلىنى ئەۋەتتى. ئۆزى ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلدى ـ دە، قولىدىكى تۈگۈنچەكنى دېرىزىگە قويۇپ، خىيال ئىچىدە ياتقان شائىرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ سالاملاشقاندا ئەلىشىر:

— يامان ئەمەس، پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى بېسىلدى، ئەمما ئۇنىڭ ئورنىغا بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى نارازى ئاھاڭدا.

پەھلىۋان ھېسداشلىق بىلدۈرۈش ئورنىغا قاقاقلاپ كۈلىۋەتتى.

— مۇپاسىل پۇتىڭىزدىن بېشىڭىزغا چىقىپتۇ ـ دە، ھە! بۇنىڭ ئامالى ئاسان، بىر پىيالىدىن مەي ئىچىۋالساق باش ئاغرىقى توختايدۇ، — دېگىنىچە ئورنىدىن قوپتى ـ دە، دېرىزىدىن ئىككى نان ئارىسىغا ئېلىنغان سوغۇق گۆش بىلەن بىر كوزا مۇسەللەسنى ئېلىپ كېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى.

ئىككىسى بىر پىيالىدىن ئىچىپ قىزىشىۋالغاندىن كېيىن پەھلىۋان كۈلۈپ ھەممە ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.

— كىيىمىڭىزنى ئالسام، قولۇمغا يانچۇقىڭىزدىن بىر پارچە قەغەز ئۇرۇندى. ئۇنى ئاستا ئېلىپ قارىسام تېخى يېقىندا يېزىلغان شېئىرىڭىز ئىكەن. ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئوقۇپ يادلىۋالدىم ۋە ئورنىغا قويۇپ قويدۇم، سىز ئويغانغاندا، ھېلىقى سۆزلەرنى چىقاردىم ...

— خاتىرىڭىزگە بارىكاللا! ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئوقۇپ يادلىۋاپسىز. ئەمما مېنى ھەيرانلىق ۋە تەئەججۈپتە قالدۇرۇپ، مېنى پاراكەندە قىلىشتىن مەقسىتىڭىز نېمە ئىدى؟

— بېشىڭىزنى ئاغرىتىپ، پۇتىڭىزنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى كۈلۈپ پەھلىۋان مۇھەممەد.

## ياخشىنىڭ شاراپىتى

— قاچانغىچە مۇساپىرلىقتا چىرايىڭىزنى سارغايتىپ يۈرىسىز، — دېدى بىر كۈنى ئەلىشىرنىڭ ھۇجرىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان پەھلىۋان مۇھەممەد، — ئۆز شەھىرىڭىز ھىراتقا كېتىڭ. مەشھەدنىڭ ھاۋاسى سىزگە ياقمىدى. چىرايىڭىزغا قارىغىلى بولمايدۇ، زەپىرەڭ.

— راست، ھىراتنى سېغىنىپ چىرايىم زەپىرەڭ بولدى. قانات چىقىرىپ ئۇچقۇم كېلىپ تۇرىدۇ، بېرىپ مەرھۇم ئاتامنىڭ چىرىقىنى يېقىشىم كېرەك.

— بەس، نېمىشقا يولغا چىقمايسىز؟

— ھىرات تەختىگە چىققان ئەبۇسەئىددىن قورقىمەن. ئۆزۈڭىزگە مەلۇم، مېنىڭ تاغىلىرىم ئۇنىڭ غەنىمى بولغان ھۇسەيىن بايقارانىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. تاغىسىنى كۆرەرگە كۆزى يوق پادىشاھ جىيەنىنىڭ بېشىنى سىلىماس.

پەھلىۋان كەتمەن ساقىلىنى تۇتاملاپ، بىردەم خىيال دەرياسىغا چۆمدى - دە، كېيىن بېشىنى كۆتىرىپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن دېدى:

— ئەلۋەتتە، بىر ئىشقا بەل باغلاشتىن ئالدىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاش كېرەك. ئۇلۇغبېكنىڭ ئانىسى گۆھەر شاد بېگىمدەك تەۋەررۇك خوتۇننى جاللات ئىختىيارىغا تاپشۇرغان، بىگۇناھ بەگ شاھزادىلارنى قەتل قىلدۇرغان پادىشاھتىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ. كىمكى تۇتۇن چىقىرىپ يېنىۋاتقان بۇ ئوتقا يېقىنلاشسا، بېشى كۆيىدۇ. شۇ سەۋەبتىن سىز ھىراتقا بارغىنىڭىزدا ئۇنىڭغا يېقىن يولىماڭ. «يېقىر ئادەم پانادا» دېگەندەك زالىمنىڭ كۆزىدىن يىراقراق تۇرۇڭ. مەن تېخى يېقىندا ھىراتقا كۆچۈپ كېتىش نىيىتىدىمەن. بۇ يەردە ئىشىم يۈرۈشمىدى.

— مەشھەددە ماڭا سىزدىن باشقا مېھرىبان يوق. يالغۇز قالسام، مۇساپىرلىق بېشىمغا يېتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئىككى ئوت - چوغدىن بىرىنى تاللاڭ. مەن كەتسەم بۇ يەردە ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدىغان ھېچكىم يوق. ھىراتتا بولسا يار - بۇرادەرلىرىڭىز بار. مەۋلانا ئابدۇرەخمان جامى ۋە سەئىد ھەسەن ئەردەشىر جانابلىرى ھەر دائىم سىزنى ھىمايە قىلىدۇ. سىز سىپاھ ئەمەس، شائىرسىز. ئاقىۋەت، ئەبۇسەئىد تاغىلىرىڭىزنىڭ ئۆچىنى سىزدىن ئالماس...

ئۆزىمۇ ھىراتنى سېغىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇ يەرگە ئىنتىلىپ تۇرغان ياش شائىرغا پەھلىۋاننىڭ سۆزى ياغدەك ياقتى. ئەبۇ سەئىد ئۆز دۈشمەنلىرىنى يېڭىپ خوراساندا بىر قەدەر تىنچلىق ئورناتقانىدى. شائىر ئالدىغا قويۇلغان قىزىق شورپىنى ئىچىشتىن قورققان كىشىدەك، يەنە بىر نەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇردى. كېيىن تەۋەككۇل ئېتىنغا مىنىپ، ئۆز يۇرتى ھىراتقا ماڭدى.

ئەمدى يىگىرمە - يىگىرمە بىرگە كىرگەن تەجرىبىسىز يىگىتلەردەك ئەلىشىرمۇ سەپەر قىلىشنى بىلمەيتتى. كەڭ قوللۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاتىسىدىن قالغان ئانچە - مۇنچە پۇلىمۇ تۈگىگەن، ئۇ خەقتىن قەرز سوراشنى خالىمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى شائىر ھەسەن ئەردەشىرنى يوقلىغىلى بارغاندا، ئۇ گەپ ئاچتى:
— بىكار يۈرگەندىن بىكار ئىشلە، دېگەن گەپ بار. شېئىر بىلەن قورساق تويغۇزغىلى بولمايدۇ. ئىشلىمىسىڭىزمۇ ئاچ قالمايسىز، مەن بار، ئاغىنە - بۇرادەرلەر بار. ئەمما سىز بەك نازۇك، رىيازەت بىلەن تاپقان بىر چىشلەم ناننى ئويلايسىز.
— كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز، ئاتا، — دېدى قىزىرىپ نەۋائى.
— شۇڭلاشقا سىزگە لايىق بىر ئىش تاپايلى، ئەگەر شېئىر موخلىسى بولغان ئىنساپلىق بىر ئەمەلدار سىزنى ئۆزىگە مۇلازىم قىلىشقا رازى بولسا، خوپ دەيتتىڭىزمۇ؟
— مۇناسىپ بىر ئادەمگە مۇلازىم بولۇشتىن نومۇس قىلمايمەن، باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىش ئەيىب ئەمەس.
— راست ئېيتتىڭىز، بۇ نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ. مەن بىر كۈن سۇلتان ھەسەنبېكنىڭ ئۆيىدىكى مەجلىستە سىزنىڭ بىر شېئىرىڭىزنى ئوقۇغانىدىم. ئۇ كىشىگە تازىمۇ ياراپ كەتتى. بۇرۇنراق ماڭا، بىر پاكىزە، پەم - پاراسەتلىك يىگىت بولسا، نەۋكەر قىلىپ ئالاتتىم، دېگەنىدى. مەن سىزنى ئېيتىپ باقاي، كەڭ قول ئادەم، ياخشى ماڭاش بەرسە كېرەك.
— سۇلتان ھەسەنبېك مەيپەرەس، دەپ ئاڭلىغانمەن. ئوغلى تېخىمۇ كۆپ ئىچىدىكەن، — دېدى نەۋائى.
— مەيپەرەس بولسىمۇ كۆڭلى ئاق ئادەملەر. ياخشى ئادەم مەست بولسىمۇ ئۆزگىگە يامانلىق تىلىمەيدۇ.
نەۋائى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ياش بولسىمۇ شېئىر مۇخلىسلىرى ئارىسىدا داڭقى چىققان نەۋائىدەك شائىرنى مۇلازىم قىلىۋالغانلىقىدىن ھەسەنبېكتەك ئادەم پەخىرلىنەتتى.
مۇلازىم ياكى نەۋكەر بولۇش لاۋازىملىكتىن بىر دەرىجە يۇقىرى بولۇپ، بۇ بەگ بىلەن خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ. خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى خىزمەتچىلەرگە يەتكۈزىدۇ، داستىخان سېلىپ، خوجايىن ئالدىغا تاماق ئەكېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەيدۇ، سۆھبەتلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى نەۋائى جەڭگىۋارىبېك بىلەن سەپەرگە بىللە چىقىشى چۆل ۋە تاغ - دەشتلەردە بىللە بولۇشى، ھەربىي سەپەر جاپالىرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تارتىشى كېرەك ئىدى.
نەۋائى مىرزا بەگنى ئىچىملىكتىن ياندۇرۇشقا، ئۇنىڭدا شېئىر ۋە مۇزىكىغا ھەۋەس ئويغىتىشقا ھەرىكەت قىلدى. مۇزىكىغا ھەۋەس ئويغىتىشقۇ قىيىن ئەمەستى، ئىچىملىكتىن كۆڭلىنى ياندۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. بىراق، مىرزابەگ ئاق كۆڭۇل بولۇپ، مەست بولمىغان چاغلىرىدا ناھايىتى خۇشخۇي ۋە رەھىمدىل يىگىت ئىدى. بىر كۈنى يۈز بەرگەن بىر ۋەقە بۇنى ئەستىقلىدى.
ھۈسەيىن بايقارا خارازمدا كۈچ توپلاپ، دائىم خوراسانغا ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر توپ ئەسكەرلىرى زاقزاق دېگەن يەردىكى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ قۇتۇلدى، بىر قىسمى قورشاۋدا قېلىپ ئەسىرگە چۈشتى. بۇ جەڭدە ئەبۇ سەئىدنىڭ ياش ئەسكەر بېشلىرىدىن مىرزابەگ ئۆزىنىڭ ماھىر جەڭچى، ئۇستا قىلىچۋاز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. شۇ

ۋاقىتنىڭ ئادىتى بويىچە ئەسىرلەرنى ئەسكەر باشلىقلىرى ۋە نەۋكەرلەرگە ئىككى - ئۈچتىن بۆلۈپ بېرەتتى، ئۇلار بۇ ئەسىرلەرنىڭ بېشىنى ئېلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىرىغا ئەۋەتەتتى.

مىرزا بەگ قارارگاھقا جەڭدىن ھېرىپ كەلدى. قوراللىنى چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈككە ئاستى ۋە ئۆزىنى يەردىكى كىگىز ئۈستىگە تاشلىدى. ئۇ تېخى ھوشىغا كەلمىگەن، ھاسىراپ نەپەس ئالاتتى، كۆزلىرى باشقىچە ئىدى.

— ئاغزىڭىزنى ھۆللەپ ئالسىڭىز تۈزۈلۈپ قالاتتىڭىز، — دېدى ئەلىشىر.

مىرزا بەگ ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ، بىر پىيالە شەرۋەت ئىچىپ، ئاغزى - بۇرنىنى سۈرتتى - دە:

— شۈكرى، — دەپ قويدى ئەندىكىپ، — ئۆزى تېخى ... ئانداق - مۇنداق جەڭ بولمىدى. ئەھمەد ھاجىبەگ ... ئۆز چېرىكى بىلەن ... يېتىپ كەلمىسە ... ئىشىمىز چاتاق ئىدى.

ئۇ ھاسىراپ جەڭ تەپسىلاتلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، سىرتتىن ئاياق تىۋىشى، ئاتنىڭ پۇشقۇرۇشى ئاڭلاندى. قوراللىق تەۋاچى (خەۋەرچى) بەگنىڭ چېدىرى ئىچىگە كىرىپ سالام بەردى - دە، ھاسىراپ:

— مىرزابەگ، ئۇلۇشىڭىزنى ئېلىپ كەلدىم، ئىككى ئەسىر، — دېدى، — دەرھال بېشىنى ئېلىپ مىرزىغا ئەۋەتكەيمىز!

قوراللىرىنى ئاسقان مىرزا بەگ بىلەن نەۋائى دەرھال سىرتقا چىقىپ، قوراللىق ساقچىلارنىڭ يېنىدىكى كىيىملىرى يىشىۋېتىلگەن ئىككى ئەسىرنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بىرسى كېلىشكەن، قاپقارا ساقىلىنى تۈركمەنچە ياساتقان يىگىت ئىدى. ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەغرۇر قاراپ تۇراتتى، كۆزلىرىدە قورقۇشتىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئوتتۇرا بويلۇق، يوغان باش ھەمرايى خىيال ئىچىدە يەرگە قارىغىنىچە قېتىپ قالغانىدى.

تەۋاچىبەگ ئىككىلا ئەسىرنىڭ بېشىنى ھۆكۈمدارغا ئەۋەتىشى كېرەكلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئۇقتۇرۇپ، ئېتىغا مىندى. ساقچىلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، باش قارارگاھقا قاراپ كېتىشتى. نەۋائى بېشى ھازىر ئېلىنىشى كېرەك بولغان يىگىتلەرگە ئېچىنىپ قارايتتى، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش يولىنى ئىزدەيتتى.

— بەگ، بۇ ئىككى بەندىنى قەتل قىلىپ ھېچنېمىگە ئىگە بولالمايسىز، — دېدى ئۇ، — جەڭدە ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ يولى باشقا. سىز جەڭدە ئۆلتۈرمىسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ بېشىڭىزنى ئالىدۇ، ئەمما قورالسىز ئەسىر يىگىتلەرنى جېنىدىن جۇدا قىلىش چوڭ گۇناھ.

— نېمە قىلاي، پەرمانى ئالىيغا قارشى ئىش قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

— بىز پادىشاھنىڭ پەرمانىنىمۇ جايىغا كەلتۈرىمىز، بۇلارنىمۇ ئۆلتۈرمەيسىز، — ئۇ سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ قالغان مىرزا بەگكە يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر چىنارنى كۆرسەتتى.

— ئۇ دەرەخ تۈۋىدە ئوق تېگىپ ئۆلگەن بىر ئەسكەرنى كۆرگەنىدىم، بېشى پۈتۈن. پۇل بەرسىڭىز، بىر ئەسكەر ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلگەي. بىز بىر بەندىنىڭ بېشى ئورنىغا ئۇنى ئەۋەتكەيمىز. ئەمما ئىككىنچىسىنى قانداق خالاس ئېتىمىز؟ — نەۋائى نېمىشقىدۇر ئالدى بىلەن ھېلىقى قاملاشقان يىگىتنى قۇتۇلدۇرماقچى ئىدى.

مىرزا بەگنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

— ئۇ چىناردىن يۈز قەدەمچە نېرىدا ساي ياقىسىدىكى قورام تاش يېنىدا مەن مىرزا مۇسەيىننىڭ بىر نەۋكىرىنى مۈرىسىدىن چېپىپ تاشلىغان ئىدىم. ئۇنىڭمۇ بېشىنى ئېلىپ كېلىشسۇن، — شۇنداق دەپ مىرزا بەگ يانچۇقىدىن بىر دىنار چىقىرىپ، نەۋائىيغا تۇتقۇزدى. نەۋائىي ياندىكى چېدىرغا كىرىپ، تونۇش بىر ئەسكەرنى باشلاپ چىقتى ۋە قولىغا تىللا پۇلنى تۇتقۇزۇپ، ۋەقەنى چۈشەندۈردى ...

ئارىدىن چارەك سائەت ئۆتەر - ئۆتمەيلا، كېسىپ ئېلىنغان ئىككى باشنى خورجۇنغا سېلىپ، تەۋاچى بەگكە ماڭدۇردى. جېنى ئامان قالغان ئىككى ئەسىرنى كەچكىچە چېدىردا تۇتۇپ تۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە قويىۋەتتى. نەۋائىي ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، ھەربىرىگە بىردىن نان بەردى.

سۇلتان ھەسەنبەگ مىرزا بەگنىڭ قىلغان خەيرلىك ئىشىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، نەۋائىينىڭ شاپائىتى بىلەن ساۋاپلىق ئىش قىپسەن. مەن ئىككىڭلاردىنمۇ چەكسىز خۇشمەن. ئەمما تىلىڭىزغا ئېھتىيات قىلىڭ، ئەگەر بىرسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئەبۇسەئىدكە يەتكۈزسە، ھالىڭىزغا ۋاي بولىدۇ!

## سۈرگۈن

بىر كۈنى شائىر ئۆز ھۇجرىسىدا ئولتۇرغاندا سارايدىن ئادەم كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئۇنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرتقانلىقىنى ئېيتتى.

— ھازىر، ئازراق سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ، — دېدى چىرايى تاتارغان ئەلىشىر، ئالدىراپ كىيىنىپ قەغەزلىرىنى يىغىشتۇرغاچ، «نېمىشقا چاقىرىدىكىن؟ ئىشقىلىپ، ياخشى ئىش بولغاي» دەپ ئويلىدى ئۇ ھودۇقۇپ. بىراق چاندۇرماستىن، ئالدىرىماي بېشىغا كۆك شايى سەللىسىنى ئورىدى ۋە ھاۋارەڭ چاپىنىنى كىيىپ، قاراۋۇلغا:

— قېنى، ماڭايلى، — دېدى.

شائىرنىڭ يۈرىكى بىئارام بولۇپ، بىر پالاكەتتىن خەۋەر بېرىۋاتقاندەك دۈكۈلدەپ ئۇراتتى، قورقماي بولالامتىمۇ؟

ئەبۇسەئىدنىڭ ئەمرى بىلەن ھەر كۈنى كۆشكنىڭ ئۇدۇلىدىكى مەيداندا بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ تۇراتتى. بەزىدە شۇ مەيداندا ئېسىلغان چوڭ قازاندا جاللاتلار سۇ قاينىتىپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغانلارنى تىرىكلا قازانغا تاشلايتتى.

پادىشاھ «ھۇجرەئى خاس» دا زەر كۆرپە ئۈستىدە يۇمىلاق ياستۇققا يۆلىنىپ، ۋەزىرى سۇلتان ھەسەننىڭ سۆزىنى تىڭشايتتى.

كەڭ پېشانە، قامەتلىك، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن سۇلتان ھەسەن قەشقەر چېگرىسىدىكى ئەھۋال توغرىسىدا مەلۇمات بېرەتتى:

— سۇلتان مۇھەممەدنىڭ كەنجى ئوغلى، خەۋەرچىلىرىمىزنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا قەشقەردە قوشۇن توپلاۋاتقانمىش، — دېدى ئۇ مەنىلىك قىلىپ، — بەدەخشانغا قوشۇن

ئەۋەتىش كېرەك. ئۇ يەردە خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بەردى.

ئەبۇسەئىد پېشانىسىغا قولىنى قويۇپ، خىيالغا پاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەملىكەتنىڭ ھەر تەرىپىدىن كېلىۋاتقان يامان خەۋەرلەر ئۇنىڭ سەپراسىنى قوزغىتاتتى. خارەزىم ۋە مەرۋ ۋىلايىتىدە بىرمۇنچە ئەسكەر توپلىغان ھۇسەيىن بايقارانىڭ قوشۇنلىرى خوراسان چېگرىسىدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئەسكەر باشلىقلىرىدىن مىرسەئىد (نەۋائىينىڭ تاغىسى) ئازراق ئەسكەر بىلەن سەرەخس قورغىنىنى ئىشغال قىلغانىدى. مانا شۇ ۋاقىتتا قەشقەردىن كەلگەن يامان خەۋەر دەرد ئۈستىگە دەرد بولدى.

— پەرمانى ئالىي ھازىرلاڭ، — دەپ ئەمىر قىلدى ئەبۇسەئىد، — شەيخ ئەلى باھادىر بەلخ ۋىلايىتىدىن ئۈچ مىڭ چېرىك ئېلىپ بەدەخشانغا بارسۇن!

— بېشىم بىلەن، مىرزام.

— سەرەخس قورغىنىنى قورشاپ ياتقان چېرىكلىرىمىزگە ئوزۇق - تۈلۈك ئېۋەتىلسۇن!

— خوپ، تەقسىر.

— مىرسەئىدنىڭ جىيەنى بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىدۇ؟ خەۋەردار بولۇڭلار.

— مىرزام، نەۋائى شائىر ۋە دەرۋىش سۈپەت يىگىت. ئۇنىڭ سىياسەت ۋە رىياسەت بىلەن كارى يوق. مەن ھەمىشە ئەلىشىرنى نازارەت ئاستىدا ساقلاۋاتىمەن. ئۆزۈڭىزگە مەلۇمكى، شائىر مېنىڭ ئوغلۇم مىرزا بەگنىڭ مۇلازىمى. ئۇنىڭ ھەربىر ماڭغان قەدىمى بىزگە مەلۇم.

— ھەممىسىدىن خەۋەردارمەن. زاقزاقتا يۈز بەرگەن ۋەقەدىنمۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ۋەزىر بىر سەسكىنىپ كەتتى.

— تاغىسى كىم ئىدى، جىيەنى كىم بولاتتى؟... — دەپ غۇڭشىدى ئەبۇ سەئىد، — ھەر قانداق نەرسە ئەسلىنى تارتىدۇ.

ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، قاراۋۇل نەۋائىينى باشلاپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

— كۈتۈپ تۇرسۇن!

ئارىدىن يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ شائىرنى ئۇ ھوزۇرىغا چاقىرتتى. نەۋائى ئىشىكتىن كىرىشى بىلەن تەزىم قىلىپ تىز چۆكتى ۋە ئىجازەتتىن كېيىن پەگادا تىزلىنىپ ئولتۇردى. بۇ ۋاقىتتا شائىر يىگىرمە ئۈچ - يىگىرمە تۆت ياشلاردا بولۇپ، قىزىل مەڭىز، قىيىق كۆز، دومىلاقىنا يىگىت ئىدى. پادىشاھ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغاندا:

— دۆلىتىڭىزنىڭ سايىسىدا، ئەلھەمدۇلىللا، ساق - سالامەتمىز ۋە زاتى ئالىيلىرىغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ ياتتۇق، — دېدى. شائىر ئۆزىنى يارىندار بولغان يىرتقۇچ ھايۋانىڭ غارىغا كىرىپ قالغان كىشىدەك ھېس قىلاتتى. ئاغزىدىن بىرەر نامۇۋاپىق سۆز چىقسا بېشىغا تۈلۈم كېلىشى ئېنىق ئىدى. ئۇ تەۋازۇ بىلەن ئولتۇرۇپ، پادىشاھنىڭ بەرگەن سوئاللىرىغا ئېھتىيات بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

— سىزنىڭ ياخشى غەزەللىرىڭىز كۆپ ۋە لېكىن بەزىلىرى چۈشىمغا تېگىدۇ، — دېدى ئەبۇسەئىد ۋە ياستۇق ئاستىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇدى:

www.uyghurkitap.com



*مېلى گىشقتىن مەنگى قىلار سادە شەيخ،*
*دېمە سادە شەيخ، گىت كەبى لادە شەيخ!*

— بۇيېقىنى ئوقۇمايمەن، ئۆزىڭىز بىلىسىز، بۇ غەزەلنى سىز يازدىڭىزمۇ؟

ئەبۇسەئىدنىڭ قىسىق كۆزلىرىدە، ھىجايغان گۆشلۈك يۈزىدە غەزەپ ئارىلاش ئىستىھزا ئالامىتى كۆرۈندى.

— مەن يازدىم، — دەپ دادىل جاۋاب بەردى شائىر.

ئەبۇسەئىد ئېغىر خورسىنىپ، سول قولىنىڭ باشمالتىقى ۋە يان بارمىقى بىلەن بۇرنىنى سىلىدى، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى چاقنىدى.

— قانداق جۈرئەت قىلدىڭ، — دېدى سەنلەپ، — شەيخلەر، قەلەندەرلەر، ئىشانلار ئاۋام خەلقنى دىن ۋە دىيانەت يولىغا باشلىغۇچى رەھنەمالاردۇر. ئۇن نەپەر ئالىمنى بىر نەپەر شەيخنىڭ هارام تۈكىگە ئالمايمەن.

— غەزەلنىڭ زاتى شاھانىلىرىغا تاپشۇرۇلغان نۇسخىسىدا خاتالىق بار، — دېدى نەۋائى بېشىنى كۆتۈرۈپ، — كۆچۈرگۈچى «ئەيتكىم» سۆزىنى «ئىت كەبى» قىلىپ غەلەت يېزىپتۇ.

*مېنى گىشقدىن مەنگى قىلار سادە شەيخ،*
*دېمە سادە شەيخ، گەيتكىم لادە شەيخ!*

ئەبۇسەئىد بۇ قېتىممۇ شائىر مېنى مات قىلدى، دېگەندەك قىلىپ ۋەزىر سۇلتان ھەسەنگە قاراپ قويدى. شۇ كەمگىچە شائىرنىڭ ھاياتى ئۈچۈن قورقۇپ، ئىچى تىت - تىت بولىۋاتقان ۋەزىر يېنىك نەپەس ئېلىپ، جاۋاب ئورنىغا باش ئېگىپ قويدى.

— گەپ بىر سۆز ھەققىدە ئەمەس، — دېدى ئەبۇسەئىد، — غەزەل غەرەزلىك ۋە يامان نىيەت بىلەن يېزىلغان. ئادالەت، خەلقچىللىق ھەققىدە، شەيخلەر ھەققىدە غەزەل يېزىپ نېمە قىلىسىز؟ سىياسەت ۋە رىياسەت دائىرىسىگە كىرىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ سەنەملەرنىڭ قاش ۋە كۆزى توغرىسىدا شېئىر يېزىڭ، ھېچكىم بىر نېمە دېمەيدۇ.

ئۇ نەسىھەت سۆزلىرىنى قىلىپ، شائىرنى يەنە سىزلەشكە باشلىغانىدى. نەۋائى ئۈنچەماي، ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى. ئەبۇسەئىد شائىرنىڭ ئىچكى نۇر بىلەن يورىغان، ئىنساپ، مۇرۇۋۋەت، كەمتەرلىك ئەكس ئەتكەن يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەت شەيداسى ئىكەنلىكىنى، قىلىچ بىلەن شۆھرەت ۋە بايلىق توپلاشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان تاغىلىرىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىدى ۋە «مەيلى، شەيخلەرگە قارشى شېئىرلار يېزىۋەرسۇن، ئەمما رىياسەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسۇن. ھەر ھالدا ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇش كېرەك» دەپ ئويلىدى.

ئەبۇ سەئىد بەدەخشاننى بېسىۋالغان چاغلاردا، ئۇنىڭ پادىشاھى سۇلتان مۇھەممەدنى ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىنى ئەسىر ئېلىپ، ھىراتقا ئېلىپ كەلگەنىدى. بەدەخشان شاھىنىڭ كەنجى ئوغلى قەشقەرگە قېچىپ قۇتۇلغان. ئەسىرلەر ھىراتتا نەزەربەند ئاستىدا، ئاددىي ئادەملەر

قاتارىدا ياشىدى. ئەسىر شاھ «لەئلى» تەخەللۇسى بىلەن تاجىك تىلىدا ياخشى غەزەللەر يازاتتى. ئەسلى بەدەخشانلىق بولغان شائىر ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئىدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇنىڭ ئۆيىگە سۇلتان مۇھەممەد مېھمان بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ «لەئلى» چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان بولۇپ، قوللىرى تىترەيتتى. ئابدۇسە-مەت ئەسىر پادىشاھ بىلەن سالاملىشىپ، كۆرپىگە ئولتۇرغۇزدى - دە، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى.

— دۈشمىنىمىزدىن ئۆچ ئالىدىغان پەيت يېقىنلاشماقتا، — دېدى ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن قامەتلىك لەئلى، — يا ئۆلىمىز، يا ئازاد بولىمىز.

— نېمە گەپ، تەقسىر؟ ئوچۇقراق سۆزلەڭ!

شۇ چاغدا لەئلى قەشقەردىكى كەنجى ئوغلىنىڭ بەدەخشانغا ئۆتۈپ، ئەبۇسەئىدگە قارشى جەڭ ئېچىشقا ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە ھۇسەيىن بايقارانىڭ مەرۋ تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلى-ۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئالغان مەلۇماتلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئىككى دوست پىچىرلىشىپ، يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ئاقىۋىتى ۋە بولىدىغان ئىش - ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا ئۇزۇن مەسلىھەتلەشتى. شۇ ئارىدا ئىشىك چېكىلدى.

— ئەلىشىر كەلگەندۇر، ئۇنىمۇ چىللىغانىدىم، — دېدى ئۆي ئىگىسى دەككە - دۈككە بولغان مېھمانغا.

نەۋائى ئۆي ئىچىگە كىرىشى بىلەن سۆھبەتكە جان كىردى. ئۆيگە چىراق ياققاندەك، دوستلارنىڭ يۈزى تەبەسسۇم بىلەن يورىدى. شائىر ئۆي ئىگىسى ۋە لەئلى بىلەن يېقىن دوستلاردەك سەممىي ھال - ئەھۋال سورىشىپ، داستىخانغا ئولتۇرۇشتى.

— سۆھبەت ئەھلى تەييار ۋە لېكىن ئوتتۇرىدا سۆھبەتتىن ھېچبىر سادا يوق، — دېدى نەۋائى.

— ھازىر ئۇ جانابلىرىمۇ ئۆز ئورنىدا ھازىر بولىدۇ، — دەپ ئابدۇسەمەت شىرە تېگىدىن بىر كوزا چىقاردى، — سىزنى كۈتۈپ تۇرغانىدۇق.

نەۋائى تولدۇرۇلغان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، لەئلىگە قاراپ:

— لەئلى بەدەخشاننىڭ تاجىگىزدىن ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن! — دەپ پىيالىنى كۆتەر-دى، ئاندىن كۆچۈرگۈچى خاتا كۆچۈرگەن، شەيخلەر توغرىسىدا يازغان كېيىنكى شېئىرىنى ئوقۇپ، پادىشاھ بىلەن بولغان مۇلاقىتىنى سۆزلەپ بەردى.

— كاتىپىڭمۇ شەيخلەرنى كۆرەرگە كۆزى يوق ئىكەن، — دېدى بەدەخشىنى كۈلۈپ، — ئەمما شەيخلەرگە بولغان ئاداۋىتى سىزنىڭكىدىن چوڭ ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئەيتىكىم، سۆزىنى ئىت كەبى» دەپ كۆچۈرۈپتۇ. ئەجەب، ئەبۇسەئىدكە بۇ سۆز يارىماپتۇ.

— لەقىمى ئىت بولغاچقا ياقمىغان، — دېدى ئاچچىق بىلەن لەئلى.

دوستلار چاقچاق، شېئىرخانلىق بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشتى.

ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، سۇلتان مۇھەممەدنىڭ ئوغلى بەدەخشانغا باستۇرۇپ كىردى. ئىككىنچى تەرەپتىن ھۇسەيىن بايقارا ئەبۇسەئىدنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى.

رىياكار موللىلار، شەيخلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھىراتنى ئىگىلىگەن زالىمنىڭ تەختى تەۋرىدى. ئەبۇسەئىد بەئەينى قۇيرۇقىدىن قاپقانغا چۈشكەن يىرتقۇچ ھايۋاندەك، چىشلىرىنى

www.uyghurkitap.com



ھىڭگايتىپ، ئەتراپىنى قان بىلەن بويىدى. جاللاتلارنىڭ پىچاقلىرى بىلەي ئۈستىدە، كوشىنىڭ مەيدانىدىكى داشقازانلار تىنماي قايناپ تۇراتتى.

بەدەخشاندا قوزغىلاڭ باشلىنىشى بىلەن سۇلتان مۇھەممەد، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى قولغا ئېلىندى. ئەبۇ سەئىد ئۇلارنى قىيناپ سوراق قىلغاندىن كېيىن، ساراي ئالدىدىكى چوڭ مەيداندا كاللىسىنى ئالدۇردى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سۇلتان ھەسەن ئەلىشىرنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ توغرىدىن - توغرا شۇنداق دېدى:

— ئىككى كۈندىن كېيىن سەمەرقەندكە كەتكەيسىز، ھازىردىن باشلاپ يول ھازىرلىقىنى قىلغۇلۇق.

بۇ سۆز شائىرنى ئاسماندىن تاشلىغاندەك گاڭگىرىتىپ قويدى.

— بۇ قانداق گەپ، بېگىم؟ زادى ...

— سۆزنى ئۇزارتماڭ، پەرمانى ئالىي بۇ، ئەتە ئەمەس، ئۆگۈنلۈككە ئەخمەت ھاجىبەگ كارۋىنى يولغا چىقىدۇ، بىللە كەتكەيسىز.

«پەرمانى ئالىي بۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، شائىرغا ھەممە نەرسە ئېنىق بولدى: «بەدەخشانلىقلار بىلەن دوست بولغىنىم ئۈچۈن پادىشاھ مېنى جازالىماقچى، سۈرگۈن قىلماقچى»، دەپ ئويلىدى ئۇ. كېيىن ۋەزىرنىڭ چېكە تومۇرلىرى بۆرتۈپ چىققان جىگەررەڭ يۈزىگە قاراپ دېدى:

— ئاخىر مەندە زادى راھىلە①يوق.

— مەندە خىزمەت ھەققىڭىز بار، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بولدى ۋەزىر، — سىزگە ئىككى - ئۈچ دىنار بېرىدىغىنىم بار. ئەخمەت ھاجىبەگ مۇرۇۋۋەتلىك ئادەم، ئۇنىڭ ھىمايىسىدا سىز سەمەرقەندتە خار بولمايسىز.

شائىر تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئورنىدىن قوپتى .

## سەمەرقەند بوسۇغىسىدا

ئەلىشىر مىنگەن كۆرۈمسىز قالماق ئېتى بېشىنى چايقاپ، كارۋاننىڭ كەينىدىن بىر خىلدا يورغىلاپ باراتتى. ئاتلىق بولسا خاموش، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئاستا سىلكىپ «چۇ، جانۋار» دەپ قوياتتى. كۆڭلى غەش، ھەرخىل پىكىرلەر بېشىنى قاتۇراتتى.

ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن يار - بۇرادەرلەر ھەمراھلىقىدا يولغا چىقىش باشقا يۇ، ئادالەتسىز پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن تۇغۇلغان شەھرىڭنى تاشلاپ سەپەرگە چىقىش باشقا.

ئەلىشىر يۈرىكىنى ئېزىۋاتقان ئېغىر خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھاياتىدا سادىر بولغان بىرەر خوشاللىق ئىشنى ئەسلەشكە ئۇرۇندى. ئۈستىگە ئېغىر يۈك ئارتىلغان تۆگىلەر بولسا كىچىككىنە بىر ئىشەكنىڭ ئۇلارنى يېتىلەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن نارازىدەك بۆكىرىشىپ خالار - خالىماس قەدەم تاشلايتتى. كۈن قىيامغا يېقىنلاشقاندا، سەھەر تۇرۇپ يولغا چىققان يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى مۈگدەشكە باشلىدى. ئەمما نەۋائىنىڭ كۆزىدە ئۇيقۇ يوق ئىدى. يۈرەكنى

① زادى راھىلە — يول تەييارلىقى، سەپەردە كېرەكلىك ئۇلاغ ۋە ئوزۇق - تۈلۈك — مۇھەررىردىن.

ئېزىدىغان مۇدھىش خاتىرىلەردىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، بېشى ئاغرىيتتى. ھەمراھلىرىغا ئاڭلاتماستىن ئاستا بىرەر كۈيگە غىڭشىپ قوياتتى. تاغىسىنى ئەسلىسە، كۆزلىرى لىق ياشقا تولاتتى، بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، بىرەسى بايقاپ قالدىمۇ، دېگەندەك قىلىپ، ئەتراپقا قاراپ قوياتتى.

ئەلىشىر يولغا چىققىشتىن بۇرۇن تاغىسى مىرسەئىد توغرىسىدا دەھشەتلىك بىر خەۋەر ئاڭلىغان، سەرەخس قەلئەسىنى قورشاپ ئالغان ئەبۇسەئىدنىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىرسى — مىرزا بەگنىڭ نەۋكىرى مىرسەئىدنىڭ پاجىئەسى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنىدى.

— مۇشۇ كەچكىچە تاغىڭىزدەك مەرد ئادەمنى كۆرمىگەنتىم، — دەپ ھېكايە قىلغانىدى ئۇ، — ئازلا چېرىك بىلەن سەرەخستەك مۇستەھكەم قورغاننى ئالدى. مىڭدەك چېرىك بىلەن قورشىۋالدۇق، ھەرقانچە ھەرىكەت قىلساقمۇ ئېلىشنى بىلمىدۇق. ئۇنى ئاچ قالدۇرۇپ، تەسلىم قىلماقچى بولدۇق. مىرسەئىد ھۈسەيىن بايقارادىن ياردەم كېلىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلغان بولسا كېرەك، ياردەم بولمىدى. ئۇنىڭغا چەتتىن مەدەت كەلمىگەچ، قورغان ئەھلى ئاچ قالدى. شۇندا پادىشاھ جانابلىرى مەۋلانە مۇھەممەد تەبەدگانى ھەزرەتلىرىنى مىرسەئىد بىلەن سۆزلىشىشكە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. مەۋلانە تەبەدگانى قورغانغا كىرىپ، مىرسەئىدكە: «ئەگەر تەسلىم بولسىڭىز، پادىشاھى زامان سىز ۋە ھەممە نەۋكەرلىرىڭىزنىڭ قېنىدىن كېچىدۇ» دەپ ۋەدە بەرگەندىن كېيىن تاغىڭىز تەسلىم بولۇشقا ماقۇل بولۇپتۇ ۋە دەرۋازىنى ئېچىپ، قوراللىرىنى تاپشۇرۇپتۇ ... پادىشاھ ھەزرەتلىرى ئۇنىڭ چېرىكلىرىنى تارقىتىۋې-تىپ، ئۆزىنى جاللاتقا تاپشۇردى.

نەۋائىي بۇ دەھشەتلىك خەۋەرنى ئاڭلاپ ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتكەنىدى.

ئەبۇسەئىد مىرسەئىدنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد ئەلى غەرىبىدىنمۇ قاتتىق ئۆچ ئالدى. غەرىبى دۇنيا ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، سەمەرقەندتە دەرۋىشانە ياشايتتى. زالىم پادىشاھ ئۇنىمۇ تۇتقۇزۇپ، ئازابلاپ ئۆلتۈردى.

نەۋائىي مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز ئاھ دەۋەتتى، يېنىدا كېتىۋاتقان بىر نەۋكەر، ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىغانىدى، شائىر ئىزا تارتىپ پاشىنىسى بىلەن ئېتىنى نىقتىدى، جانىۋار بىر دېۋىنىپ يۈرۈپ كەتتى. شائىر كارۋاننىڭ بېشىدا كېتىۋاتقان ئەخمەت ھاجىبەگ بىلەن ياندىشىپ ئاستا ماڭدى.

— ھە، نېمە بولدى سىزگە؟ بىرسى خاپا قىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى سەمەرقەند ھاكىمى شائىرنىڭ ياشتىن قىزارغان كۆزلىرىگە قاراپ.

— ياق، ئۆزۈمچە، يادىمغا بىر نېمە چۈشۈپ، خاپا بولۇپ قالدىم.

— سىز غەم لەشكىرىنى ئۆزۈڭىزگە يېقىن يولاتماڭ. سەۋر - ماتانەت قالقىنى بىلەن ئۇلارنى دەپئى قىلىڭ.

— سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېلىپ يېنىكلەپ قالدىم، — دېدى شائىر ئىگەر تۆپىسىدە قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇرغان خۇشخۇي ئەخمەت ھاجىبەككە قاراپ.

— مۇساپىر بولۇپ كېتىۋاتىمەن، — دەپ قايغۇرماڭ، ئەلۋەتتە، ۋەتەننى تەرك ئېتىپ كېتىش ئاسان ئەمەس. ئەمما سەپەرگە چىققان ئادەم تەۋەككۇل ئېتىغا مىنىپ، سەۋر - تاقەت كەمىرى بىلەن بېلىنى باغلىشى كېرەك. يوغان بېشىڭىزنى كىچىك قىلىپ، ھەرقانداق يەرگە

سىغىپ كېتەلەيسىز. تۇراقلىق مەئاشىم يوق، دەپ قورقماڭ، سەمەرقەندتە مەندەك دوستلىرىڭىز بار ئىكەن، قىينالمايسىز.

ئەخمەت هاجىبەگ ئەسلى قەشقەرلىق بولۇپ، شۇ زاماننىڭ مەشهۇر ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىدىن سۇلتان مەلىكنىڭ ئوغلى ئىدى. ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن خۇراساندا كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلدى. ھەددىدىن تاشقىرى قابىلىيەتلىك، خۇشخۇي، غەيرەتلىك، چاققان يىگىت بولغاچقا، چوڭ ـ كىچىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. خەلق ئالدىدا بىر تىيىنچىلىك ئېتىۋارى بولمىغان زالىم ئەبۇسەئىد پەقەت ئەخمەت هاجىبەگدەك ئادەمنىڭ ئابرويىدىن پايدىلىنىپ، سەمەرقەند ئېلىنى ئىتائەتتە تۇتۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئىدى.

سەمەرقەند ئەھلى مېھماندوست، مۇساپىرلارنى ياخشى كۆرىدىغان خەلق ئىدى. ئۇ يەرگە تاشكەنت، ئەنجاندىن كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان يىگىتلەر كۆپ ئىدى. سەمەرقەند ئالەمنىڭ گۈلزارى، ئىلىمنىڭ كانى ئىدى ...

ــ راست، ئۇلۇغبېك زامانىدا شۇنداق ئىدى. ئۇلۇغبېك، قازىزادە بۇ دۇنيادىن كەتتى، ئەلى قوشچى رۇمغا كېتىپ قالدى، سەمەرقەند ئىگىسىز ئۆيگە ئوخشىسا كېرەك.

ــ قېتىق تۆكۈلسە يۇقى قالار، دېگەن ماقالنى ئاڭلىغانسىز؟ ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ياساپ كەتكەن بىنالىرى، مەدرىسىلىرى، هاممام، كارۋانسارايلىرى ئۆز ئورنىدا تۇرۇپتۇ. شاگىرتلىرى، سۆھبەتداشلىرى بەرھايات ... راست، ئىلىم، رىيازىيەت ۋە فەلەكىياتتىن تەلىم بېرىدىغانلار يوق، ئەمما مەنتىقە، پەلسەپە، فەرايز (يەر ئۆلچەش) ئىلمى روناق تاپقان. بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

ــ يىگىرمە بەشكە.

ــ تېخى ياش ئىكەنسىز، ۋاقىت غەنىيمەت. ئوقۇۋېلىڭ! سىزنى ھەزرەت ئەبۇللەيس مەدرىسىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن.

ــ ئاتىدارچىلىق قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن مىڭ رەھمەت.

سەمەرقەند ياش شائىرنى قۇللاپ قارشى ئالدى. سەمەرقەند تۇپرىقىغا قەدەم قويۇشى بىلەن ئاجايىپ جامىئە ۋە مەدرىسەلەرنى كۆرۈپ، نەۋائىينىڭ كۆڭلى كۆتىرىلىپ، تەشۋىشلىرى ئۇنتۇلغاندەك بولدى.

مۇدەررىس خوجا فەزلۇللا ئەبۇللەيس ئەلىشىرنى ئوچۇق چىراي قارشى ئېلىپ، مەدرىسىسىگە قوبۇل قىلدى. ئەرەب تىلى ـ سەرف نەھۋىنى ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىدىنمۇ ياخشى بىلىدىغان بۇ ئالىم، پازىل ۋە شائىر ئادەمگە نەۋائىينىڭ ھۆرمىتى زور ئىدى. ئەلىشىر ئۇنىڭدىن ئەرەب تىلى، پەلسەپە ـ مەنتىق ئىلمىنى قىزغىن ئۆگىنىشكە باشلىدى، يېنىدىكى ھۇجرىدا ئەنجانلىق ئىككى يىگىت — يۇسۇپ سەفايى بىلەن يۇسۇپ ئەنجانى تۇراتتى. بىر كۈنى ئۇلار پولۇ قىلىپ، ئەلىشىرنى مېھمانغا چاقىردى.

يۇسۇپ ئەنجانى خۇشچاقچاق يىگىت ئىكەن. داستىخان سېلىنىپ، ئاش ئېلىنىپ كەلگەندىن كېيىن «ئېلىڭ، ئېلىڭ» دەۋېرىپ، مېھماننى زورلايتتى. قوللارغا سۇ قۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بىر دەم سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، نەۋائىينىڭ ھىراتتىكى ھاياتى، ئەل ـ بۇرادەرلىرىنى سوراپ ـ سۈرۈشتە قىلدى.

ــ ھىراتتا قارىغاندا بۇ يەر تىنچ، ــ دېدى يۇسۇپ ئەلىشىرنى بەزلىمەكچى بولغاندەك، ــ

سەمەرقەندتە ھاۋالىق جەننەتتەك ماكان، زەرەپشان سۈيى بىلەن تاتلىق، يەتمىش يەتتە خىل دەردكە داۋا. بۇ يەردە ھايات قايناپدۇ. ھىراتتا بولسا ئەجەلنىڭ بازىرى ئىتتىك، ئاڭلىشىمچە، ھەر كۈنى ھىرات ئېرىقى ئالدىدىكى داشقازانلار تېگىدە ئوت قالىنىپ، سۇ قايناپدىكەن، مەھكۇملەرنى ئۇ قازانغا تاشلايدىكەن، راستمۇ؟

— راست، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى ئەلىشىر. ئەمما ھەمرالىرىنىڭ كىملەكىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىپ، گەپنى ئۈزارتىپ ئولتۇرمىدى. «ئەگەر ھىراتتا قالغان بولسام مېنىڭ بېشىممۇ خەتەرلىك بولىدىكەن» دەپ ئويلىدى. ئارىغا سۈكۈت چۈشتى.

— ئەلىشىرنى شەھەر ئايلاندۇرۇپ تاماشا قىلدۇرساق ياخشى بولاتتى، — دېدى سەفايى ھەمرايىغا قاراپ.

— مەن جامىئە، مەدرىسلەرنى، كۆك سارايىنى تاماشا قىلدىم. ئۇلۇغبېك سالدۇرغان ھاممامغىمۇ چۈشتۈم، — دېدى ئەلىشىر كۈلۈپ، — ئەمما رەسەتخانىنى كۆرەلمىدىم. يىراق...

— يىراق ئەمەس، — دېدى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ يۈسۈپ، — ئابى مەشھەد بويلاپ ماڭسا، ئون بەش دەقىقىلىق يول. خالىسىڭىز، جۈمە كۈنى بارايلى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ئىككى دوست مەشھەد ئۈستىڭىنى ياقىلاپ، رەسەتخانا تەرەپكە مېڭىشتى. ئۇلار پاراڭلاشقاچ ماڭغاچقا، ئۇ يەرگە قانداق يېتىپ بارغانلىقىنى بىلمەي قېلىشتى.

كوھەك دۆڭلۈكى تۆپىسىگە سېلىنغان ئۈچ قەۋەتلىك ئۇستۇۋانە① شەكلىدىكى، ئېگىزلىكى قىرىق مېتىردىن ئوشۇق بولغان بىنا ئۆزىنىڭ ھەشەمىتى، ھەيۋىتى بىلەن ئەلىشىرنى ھەيران قالدۇردى. پىششىق كېسەكتىن ئىشلىنىپ، سىرتى مەرمەر تاش بىلەن قاپلانغان ياي شەكلىدىكى كۆزىتىش ئەسۋابىنىڭ بىر ئۇچى بىنانىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىپ ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى.

ئېگىسىز قالغان رەسەتخانا ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىنغان. ئەمدى بۇ ئەسۋابلاردىن ھېچكىم يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنى كۆزەتمەيتتى. تۆۋەندە ئابىرەھمەت سۈيى بۇ يەرلەرنى ئاۋات قىلغان ئۇلۇغ ئالىملارنى خاتىرىلەپ شارقىرايتتى. كۆپكۆك تۇمان قوينىدىكى زەرەپشان تىزما تاغلىرىدىن چىققان شامال باغلارنىڭ خۇشپۇراق ھىدلىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. رەسەتخانىنى تۆۋەندىن زىرائەتلەر، باغلار ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ ئالغانىدى. غەربىي جەنۇب تەرەپتىن سەمەرقەند مەدرىسەلىرى، سارايلار، جامىئەلەرنىڭ گۈللۈك پەشتاقلىرى، مۇنارلار كۆزنى قاماشتۇراتتى. شەھەر ئۈستىنى يېنىك قوڭۇر چاڭ قاپلىۋالغان، ئەمما بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ساپ، ئاسمىنى چاڭ - توزاڭدىن خالى، يۇلتۇزلارنى كۆزىتىش ئۈچۈن قولاي ئىدى.

«دۇنيا ئۇلۇغبېكتەك ئالىملار پادىشاھىنى ۋە پادىشاھلار ئالىمىنى كۆرمىگەن. ھىراتتەك يەردىن كېلىپ بۇ يەرلەرنى زىيارەت قىلغىنىم ئۈچۈن تەقدىردىن مىننەتدارمەن» دەپ ئويلىدى كۆڭلى تاغدەك كۆتىرىلگەن نەۋائى. ئۇ ئۆزۈندىن بېرى ئۆزىنى بۇنداق بەختلىك ھېس قىلمىغانىدى.

① ئۇستۇۋانە — سىلىندىر.

www.uyghurkitap.com



## خوراسانسېرى

ئەبۇ سەئىدنىڭ سەمەرقەنددە ھاكىم بولۇپ تۇرغان چوڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد ئاتىسىدەك شىجائەتلىك ئەمەس، ئەكسىچە، ھورۇن، مەيپەرەس، پىرلارغا سىغىنىدىغان نادان يىگىت ئىدى. ئۆزىنىڭ ئەقلى كامىلىقىنى، ماۋەرائۇننەھردەك ئۇلۇغ دىيارنى باشقۇرۇشقا ئەقلى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگىنى ئۈچۈن، ئۇ ھەممە ئىشلارنى ئۆزىنىڭ تاغىسى دەرۋىش ئەلى مۇھەممەت تارخان بىلەن ئەخمەت ھاجىبېك ۋە ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى پالۋان جانبەك دولداينىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويغانىدى.

بىر كۈنى سۇلتان ئەھمەد ھەرەمدە ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى قۇتبىكە بىلەن ئارام ئېلىپ ئولتۇرغاندا، ھىراتتىن چاپارمەن كېلىپ قالدى. دىۋانخانىدا مۇھەممەد تەرخان دولداي ۋە ئەخمەت ھاجىبەگ دۆلەت ئىشلىرى توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى. تارخان چاپارمەننىڭ قولىدىن بۇيرۇقنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا كۆز يۈگۈرتتىيۇ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئەبۇسەئىد ئۆز بۇيرۇقىدا غەربىي ئىرانغا — ئەزەربەيجانغا قوشۇن تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىپ، ئوغلى سۇلتان ئەھمەدكە دەرھال قوشۇن بىلەن ھىراتقا يېتىپ كېلىشنى بۇيرۇغانىدى. ھۈسەيىن بايقارا ئەبۇسەئىدنىڭ ئەزەربەيجانغا كېتىپ قالغىنىدىن پايدىلىنىپ، خوراسانغا بېسىپ كىرىشى مۇمكىن ئىدى.

— پەرمانى ئالىينى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دەرھال ئەتراپتىكى قەلئە ھاكىملىرىغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئۆز چېرىكلىرىڭلار بىلەن يېتىپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇش كېرەك. سىز ئەھمەد ھاجىبەگ بۇ ئىشقا كىرىشىڭ، — دېدى مۇھەممەد تارخان.

— تېزلىكتە دۈشمەن ھۇجۇمىنىڭ ئالدىنى ئالايلى، — دېدى دولداي، — دەرھال بۇ ئىشلاردىن ساھىبى دۆلەت — سۇلتان ئەھمەد مىرزىنى ئاگاھلاندۇرايلى.

مۇھەممەد تارخان گەپنى سوزۇپ ئولتۇرماي بۇيرۇقنى تۇتقان ھالدا ئىچكىرىگە — ھەرەمگە ماڭدى. ئىشىك ئاغىسى ئارقىلىق جىيەنىنى خەۋەردار قىلىپ ئىچكىرى كىردى.

— مۇلۇك پاسبانى مەست، يۇرتنىڭ ئەھۋالىدىن بىخەۋەر، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ.

بوينى ئىنچىكە مەي كوزىسىنى يېنىغا قويۇپ ئولتۇرغان قالماق چىراي، ئاق يۈزلۈك، چىرايلىق قۇتبىكە خۇمار كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە ئورنىدىن قوپتى ۋە ئىزا تارتىپ، نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولغان داستىخانغا قارىغان پېتى تۇرۇپ قالدى.

— تاغا، ئېيتىڭ، يۇرت نېمە بولدى؟ تىنچلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئورنىدىن قوپۇپ دەلدەڭشىپ كەتكەن ھۆكۈمران. ئۇ تاغىسىدىن بىر غىرىچ ئېگىز، ئىككى يۈزى قىپ-قىزىل، كېلىشكەن يىگىت ئىدى، ئىڭىكىدىلا ئۆسكەن قارا ساقىلىغا يېپىشقان نان ئۇۋۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ، — يۇرت نېمە بولدى؟ — سورىدى يەنە، — سەمەرقەند ئېلى مەندىن رازى، ناھەق قان تۆكمىدىم...

— سەن ناھەق قان تۆكمىيسەن، سەمەرقەند ئەھلى سېنىڭدىن رازى، — دېدى تاغىسى، — ھازىر باشقا بىر ئىش چىقىپ قالدى.

— ئېيتىڭ، نېمە ئىش؟

— مەن چاكىنا ئادەم بىلەن سۆزلەشمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا، ئۇ ئىشنى ئۆزۈڭىز پۈتتۈرۈۋېرىڭ. مەن مۇتەكەببىر ئەمەسمەن. سىزگە ۋە بەگلەرگە ئىشىنىمەن. قانداق قارارغا كەلسىڭىز، ھەممىسىگە رازىمەن.

— ياق، سەنسىز پۈتمەيدىغان ئىش چىقىپ قالدى ... ھەي مەيەرگە كېلىڭ! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى مۇھەممەد تارخان قۇتبىكىگە، — بىر پىيالە قېتىق ئېلىپ كېلىڭ، مىرزا ئۇيۇپ ئەيلەسۇن[1].

دەرھال ئېلىپ كېلىنگەن قېتىقنى ئىچىۋالغاندىن كېيىن سۇلتان ئەھمەد خوتۇنى سېلىپ بەرگەن ئورۇنغا ياتتى ۋە ھايال بولماي خورەك تارتىپ ئۇخلاشقا باشلىدى.

غەربىي ئىران ۋە خوراساندا ئۆلۈمنىڭ بازىرى قىزىپ، دالا - قىرلاردا لالە ئورنىنى قان داغلىرى قاپلىدى. ئىككى پايتەختنى — سەمەرقەند ۋە ھىراتنى ئىككى چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرغان ئەبۇسەئىد ئىران ئەزەربەيجاننىڭ پايتەختى بولغان تەبرىزگىمۇ چاڭ سالدى. ئەمما ئۆزىدەك يىرتقۇچ ھۆكۈمران بولغان ھەسەنبەگ ئۇنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، ئۆزىنى ئۇ دۇنياغا ئۇزاتتى. ئەبۇسەئىد ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپى ئۆلۈپ، قالغانلىرى قاچقىلى جاي تاپالمىدى.

قاراقۇم دەشتىدە جەۋلان قىلىپ يۈرگەن ياش ھۇسەيىن بايقارا ئىككى كۈچلۈك رەقىبىنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن تۇرۇپ كۈزەتكەنىدى، ئەبۇسەئىد قوشۇنىنىڭ تارمار بولۇشىنى كۆرۈپ، ئۇ چاقماق تېزلىكىدە خۇراسانغا باستۇرۇپ كىردى ۋە ھىرات تەختىنى ئىگىلىدى. ئامۇ دەرياسىدىن ئەمدى ئۆتكەن سۇلتان ئەھمەد چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەلىشىرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن ئەھمەد ھاجىبەگ ئۇنى ھۇزۇرىغا چىللاپ، مۇنداق دېدى:

— بىز ماۋەرائۇننەھرگە يېنىپ كېتىمىز. ئەمدى سىزگە رۇخسەت، ئانا شەھرىڭىز ھىراتقا بېرىڭ. سۇلتان ئەبۇسەئىد ماڭا: «ئەلىشىرنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئۇنىڭغا كۆز قۇلاق بولۇپ تۇر» دەپ تاپشۇرغانىدى. ئۇلار دۇنيادىن ئۆتتى. پەرمانلىرى ئۆز كۈچىنى يوقاتتى. ئەمدى ئەركىڭىز ئۆزىڭىزدە.

ئەلىشىر ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ۋىدالاشتى ۋە ھىراتقا قاراپ يول ئالدى.

— سىز بىلەن ھەسەن ئەردەشىرگە بەگلىك ئورنىنى بېرىپ پۈتۈن دۆلەت ۋە مالىيە ئىشلىرىنى ئىككىڭلارغا تاپشۇرۇش نىيىتىدىمەن، — دەپ قالدى ھۇسەيىن بايقارا ھۇجرىسىدا نەۋائى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ. ئەلىشىر ھىراتقا يېتىپ كەلگەن كۈنىلا سارايغا كېلىپ كونا دوستىنى تەبرىكلىگەن ۋە «قەسىدەئى ھىلالىيە»نى ئوقۇپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدا ھۇسەيىن بايقارا دۇدۇقلاپ كېتىپ:

— مېنىڭ كېلىشىمگە ھېچكىم بۇنداق ئاجايىپ تۈركانە لىباس كىيدۈرمىگەنىدى، — دەپ ماختىغان ۋە نەۋائىدەك بىلىم ئەھلىلىرىنى دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشىغا جەلپ قىلىش زۆرۈرلۈكىنى كۆڭلىدىن كەچۈرگەنىدى.

— سىلەرگە بەئەينى ئۆزۈمگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن. پادىشاھلىق ئۈچۈن سىلەردەك ساداقەتمەن، ھالال ئادەملەر زۆرۈر، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ھۇسەيىن بايقارا.

---

① ئۇخلىغاي.

— ئىلتىپاتىڭىز ئۈچۈن مىڭ رەھمەت، بېشىم ئاسمانغا يەتتى. ئەمما ماڭا بىردىن بەگلىك ئۇنۋانى بېرىپ، مالىيە، دۆلەت ئىشلىرىنى تاپشۇرسىڭىز، بارلاس، ئەرلات قەبىلە ئاقساقاللىرى، ئەلىشىر تەييار ئاشقا باقاۋۇل بولدى، دەپ ئېيتماسمىكىن.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيدۇ. سىز ئەبۇسەئىدتىن ئازار يېدىڭىز، سەمەرقەندكە سۈرگۈن قىلىندىڭىز.

— مېنىڭ تېرىقتەك گۇناھىم يوق ئىدى، ئۇ ناھەق مېنى جازالىدى. «كەلىلە ۋە دىمنە» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى: «بىگۇناھ ئادەملەرنى قورقۇتۇپ، ئۇلارغا جازا بەرگەن پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن بەدنام بولغاي» دېگەن ئىكەن...

— بارىكاللا، نېمىدېگەن ھېكمەتلىك سۆز بۇ، — دېدى ھۇسەيىن نەۋائىينىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — دەرۋەقە، ئەبۇسەئىد بەدنام بولدى، ھېچكىم ئۇنى ياخشىلىق بىلەن تىلغا ئالمايدۇ. ھەي، مەيلى. بىر ھېسابتا سىزنىڭ سۆزۈڭىزنىڭمۇ جېنى بار. سىزگە ھازىرچە كىچىكرەك بىر ۋەزىپە بېرەي. ئىشلەپ ئۆزۈڭىزنى كۆرسىتىڭ. ساراي ئەھلىنىڭ كۆزى سىزگە چۈشسۇن، — ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، پېشانىسىنى تۇتقان پېتى ئويلىنىشقا باشلىدى، — سىزگە ھازىرچە مۆھۈردارلىق دەرىجىسىنى بېرەي. پادىشاھلىق مۆھۈرى ئىلكىڭىزدە تۇرىدۇ. مېنىڭ پەرمانلىرىمغا مۆھۈر باسقايسىز. مۇزەپپەر بارلاسنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرگەيسىز. مىرزا بابۇر ۋاپاتىدىن مۇشۇ كەمگىچە ئەمىر مۇزەپپەر مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ، زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.

مۇزەپپەر بارلاس ئۆزىنى يېرىم پادىشاھ دەپ ئويلايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ياردىمىسىز ھۇسەيىن تەختنى ئالالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. «ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالماي، بىر قەدەممۇ ماڭالمايمەن. پۇتقا كىشەن بولغان دوست دۈشمەندىن يامان. پەيت كۈتۈپ، ئۇ كىشەننى چېقىپ تاشلىمىسام ئىشىم ئالغا باسماس» دەپ ئويلايتتى ھۇسەيىن.

ئىسلام بارلاس ھەددىدىن ئاشقىنى ئۈچۈن سۇلتاننىڭ نەزىرىدىن چۈشكەنىدى. خۇسۇسەن نەۋائىي مۆھۈردار قىلىپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئۇ ھەر يەردە غودۇڭشۇپ «ئورمىدا يوق، باشاق تەرگەندە يوق، خاماندا تەييار بولغانلار»غا تاش ئېتىپ يۈردى. ئەمما نەۋائىي «تاش ئاتقانلارغا ئاش ئات» يوسۇنىدا ئىش كۆردى. بىر كۈنى ئۇ سۇلتان ھوزۇرىغا كىرگەندە ئىسلام بارلاسنىڭ شىجائەتلىك، تەدبىرلىك ئەسكەر بېشى، سىياسەتچى مەمۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى بەلخ قەلئەسىگە دورغا قىلىپ ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى. سۇلتان شائىرنىڭ سۆزىگە ئىلتىپات بىلەن قۇلاق سېلىپ، شۇ ھەقتە ئويلىنىپ بېقىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى، دىۋاندا ھۇسەيىن بايقارانىڭ سول تەرىپىدىكى شەرەپلىك ئورۇندا ئولتۇرغان مۇزەپپەر بارلاس ھەيران بولۇپ، نەۋائىيغا قاراپ قويدى ۋە «ۋەھالەنكى، ئەلىشىر ئۆزىگە يامان نىيەتتە بولغان بىر ئادەم توغرىسىدا شۇنچە غەمخور ئىكەن!» دەپ ئويلىدى. ئۇ سۇلتاننىڭ شائىرنىڭ سۆزىنى يەردە قويمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن نەۋائىي سارايغا كەلگەندە، سۇلتاننىڭ پەرمانىنى ئېلىپ بەلخكە مېڭىش تەرەددۇتىدا يۈرگەن ئىسلام بارلاس ياساۋۇلخانا يېنىدا نەۋائىينى ئۇچرىتىپ، سالام بەردى.

— مەن نادان، سىزنىڭ قەدرىڭىزنى بىلمەپتىمەن، ياخشىلىققا يامانلىق ھەر كىشىنىڭ

ئىلكىدىن كېلىدۇ، ئەمما يامانلىقتا ياخشىلىق سىزدەك ئالىيجاناب، ئەركىشىنىڭ ئىلكىدىن كېلىدۇ. مەن ئۆلگىچە سىزنىڭ سادىق قۇلىڭىزمەن، ـــ دېدى.

ـــ مەن يەنىلا سىزنىڭ دوستىڭىزمەن، ـــ دېدى شائىر، ـــ ئىمانىم كامىلكى، سىز سۇلتانغا سادىق، چېرىكلەرگە غەمخور ۋە ئادالەتلىك بولارسىز.

ئۇلار سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا ياساۋۇلخانىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان بىر نەۋكەر شائىرغا سالام بېرىپ، تەزىم قىلغان پېتى تۇرۇپ قالدى. نەۋائى بۇ قاراساقال كېلىشكەن ئادەمنى نەدىدۇر كۆرگەندەك قىلاتتى.

ـــ تونۇمىدىڭىزمۇ؟ ئەبۇسەئىد زامانىدا جەقجەقتە بولغان جەڭدە بىز ئەسىرگە چۈشكەندۇق. جانابلىرى مېنى بىر دوستۇم بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغانىدىڭىز، ـــ نەۋائىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

ـــ سىزنى يەنە ساق ـ سالامەت كۆرۈپ چەكسىز خۇش بولدۇم. دوستىڭىز نەدە؟ تىنچ ـ سالامەتمۇ؟

ـــ ساق ـ سالامەت، شۇ كۈنىلا مېنىڭدىن ئايرىلىپ ئۆز يېزىسى پەيزىۋاتقا كەتكەن. مەن يەنە ئۆز چېرىكلىرىمىزگە بېرىپ قوشۇلدۇم.

ـــ بارىكاللا، مىرزىغا سادىق ئىكەنسىز.

جاھانگىر بارلاس ئۇلارنىڭ سۆزىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ شائىرنىڭ نېمە دېگەن قورسىقى كەڭ ئادەم ئىكەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم ئىشەنچ ھاسىل قىلدى.

## سەلتەنەت ئاسمىنىدا چىققان سوغۇق شاماللار

مەجدىددىن شەھەر سىرتىدىكى بېغىغا پىلان بىلەن ھەر تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىككەن، ھويلىسىنىڭ كەينىگە كۆل قازدۇرۇپ، چۆرىسىگە ۋە ئاستىغا مەرمەر تاش تىزدۇرغانىدى. شامال چىققاندا سۈپسۈزۈك ئاسمان ئەكس ئەتكەن سۈزۈك سۇدا كۆل ئەتراپىدىكى سەرۋ دەرەخلىرىنىڭ سايىسى جىلۋىلىنەتتى. شاپتۇل، ئۆرۈك چېچەكلىرىنىڭ يېقىملىق ھىدى ئەتراپقا تارىلاتتى.

ئۈستىگە تۈركمەن گىلىمى سېلىنغان شاھسۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان شىرە يېنىدا ئىككى كىشى ئاستا سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى، پىيالىلارغا قويۇلغان مەيدىن ئاز ـ ئازدىن ئىچىشىپ، غەلۋىرەك بادامنى بارماقلىرى بىلەن چېقىپ ئاغزىغا تاشلىشاتتى.

باغ ئىگىسى ئوتتۇرا بوي، بەردەم، ئاق ئارىلىغان ساقىلىنى چىرايلىق قىلىپ ياساتقان مەجدىددىن ئالدىدا تەۋازۇ بىلەن ئولتۇرغان ياشقا چوڭراق نىزامۇلمۇلكنى سارايدىكى يېڭىلىقلار بىلەن تونۇشتۇرماقتا ئىدى.

ـــ تۈنۈگۈن كەچ يەنە مىرزىغا قۇللۇق قىلىپ، نەۋكەرلىك مۇشەققىتى، بەگلىك دەرىجىسىدىن ئۆزىنى خالاس قىلىشنى سورىدى. ئىككى يىل ئاۋۋالمۇ بىر ئىلتىماسنى پادىشاھنىڭ ئۆزىگە سۇنغانىدى. ئەمما پادىشاھ قوبۇل كۆرمىگەنىدى. بۇ قېتىم مىرزا ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، يىراققا چېكىنىشكە رۇخسەت بەردى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مېھمانىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

— ئىسسىق ئورنىنى بوشىتىپ قويغىنى ياخشى بولۇپتۇ، — دېدى ئۇ چىرايلىق ياساتقان بۇرۇتىنى باشمالتىقى ۋە يان بارمىقى بىلەن سىلاپ قويۇپ. نىزامۇلمۇلك دىۋاندا مالىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، يۇقىرى دائىرىلەر ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەردىن كۆپىنچە بىخەۋەر قالاتتى. سارايدا بولۇۋاتقان سۆزلەردىن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن بۈگۈن ئاتايىن مەجدىددىننى يوقلاپ كەلگەنىدى.

گەپ ھەسەن ئەردەشىر ھەققىدە كېتىۋاتقان ئىدى. نەۋائى زەرباپ چاپان، نەۋرۇزى كۇلاھ كىيىپ، خۇراسان مۇلكىنىڭ پۈتۈن ئىختىيارىنى قولىغا ئالغان يىلى ئەردەشىرمۇ بەگلىك دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەن. نەۋائى ئىككىسى يۇرتىنىڭ تىنچلىقى، باياشاتلىقى يولىدا قول تۇتۇشۇپ ئىشلەشكەنىدى. شۇ يىلى مەجدىددىن ئىچ پەرۋانىچى قىلىپ تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پادىشاھلىق ئاستانىسىغا ئەرز - ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئەرزنامىلىرىنى كۆرۈپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلىش، بەزى مۇشكۇل ماجىرالارنى پادىشاھقا ھاۋالە قىلىش، مالىيە دىۋانىنى نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. نەۋائى ئىستىپا بېرىپ، دۆلەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزگەندىن كېيىن پەرۋانىچى ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشكە ئۇرۇنۇپ باقتىيۇ، لېكىن ئەپلەشتۈرەلمىدى. ئەلىشىرنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ شاگىرتى ھاجى ئەفزەل تەيىنلەندى. مەجدىددىن بولسا نەۋائى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى ئىغۋا تۇمانى بىلەن قەستلىدى. نىزامۇلمۇلك خۇددى ئوۋغا چىققان سىرتلان كەينىدىن ئەگەشكەن تۈلكىدەك قۇيرۇقىنى ئوينىتىپ، بۇ خەتەرلىك ئىغۋا يولىدىن باراتتى. ئەردەشىرنىڭ ئىستىپا بەرگىنىنى ئاڭلاپ، تېرىسىگە پاتماي قالغان بۇ تۈلكە:

— يولىمىزدىكى چېقىرتىكەن مۇھرى بىلەن يۇلۇپ تاشلىنىپتۇ. مىڭ قاتلا شۈكۈر، — دېدى، — ئاڭلىمىدىڭىزمۇ، ئەردەشىر ئەمدى نېمە ئىش قىلماقچى؟

— نېمە قىلاتتى، قولىغا تەسبىھ ئېلىپ ئۇ دۇنيا توغرىسىدا ئويلاشتىن باشقا ئىش قالمىدى ئۇنىڭغا. ئاڭلىشىمچە، مەۋلانە شەمسىددىن مۇھەممەد تەبەدگانىڭغا مۇرىد بولۇپ، ئۇ بوزرۇكنىڭ خانىقاسىدا ئىستىقامەت قىلماقتا.

— ئەمدى ئۆز ئورنىنى تېپىپتۇ. دەرۋىشلىكنى خالايدىغان ئادەمگە ئەمەلدارلىقنى كىم قويۇپتۇ! يەتتە - سەككىز يىل شۇنداق يۇقىرى مەنسەپ تۇتۇپمۇ بايلىق يىغمىدى. ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەيدىغان ئادەم ئىدى. ئاتام رەھمەتلىك ئۆز مەنپەئىتىنى بىلمىگەن ئادەم دىۋانىدۇر، دەيتتى.

— ئەمما ئۇنىڭ دوستى ئەلىشىر باشقىچە ئادەم. ئۇ دېھقانچىلىقتىن چوڭ دارامەت ئېلىپ، كۈندىن - كۈنگە بېيىماقتا. خىزمەت ھېسابىغا پادىشاھ ئۇنىڭغا سۇيۇرغال قىلغان يېرىلاردا دېھقانچىلىق راۋاج تاپماقتا. ئەلىشىر ئەقىللىق ئادەم. ئۇ ئات - ئۇلىقى يوق دېھقانغا ئات ئېلىپ بېرەتتى، ئۇرۇقلۇق بېرەتتى. ئەلۋەتتە، دېھقان مىننەتدار بولۇپ، ياخشىلىقنى ئىككى ھەسسە قىلىپ قايتۇراتتى. ئۇ تولىمۇ ئەقىللىق ئادەم. ئەمما ئۇ دۆلەت ئىشلىرىدا چوڭ خاتاغا يول قويدى، — نىزامۇلمۇلكنىڭ سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ داۋاملاشتۇردى، — ئۆزىنىڭ يۈزىنى، خەلقنى ئويلاپ، سارايي تەلەپلىرىنى ئۇنۇتتى. خەزىنىگە چۈشكەن مەبلەغنىڭ كۆپىنى كارۋانسارايلارنى، قورغانلارنى، ھاممامىلارنى، كۆۋرۈكلەرنى سېلىش ۋە ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىش ئۈچۈن سەرپ قىلدى. ھازىرقى چاغدا پادىشاھ

ۋە شاھزادىلەرنىڭ خىراجىتى ۋە زىياپەت ـ مەجلىسلەر ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسىدە ياماق يوق. ھاجى ئەفزەل ئۆز ئۇستازىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدۇ.

ـــ نېمە ئۈچۈن مىرزىمىزنىڭ پېشانىسىنى تۈرۈپ، قاپاقلىرىدىن قار ياغىدىغاندەك بولۇپ قالدى دېسەم سەۋەبى بار ئىكەن ـ دە. ئادەمنىڭ ھەمىيانى قۇرۇقدىلىپ قالسا، مەشىقى تۆۋەنلەيدۇ، ـــ دېدى نىزامۇلمۈلك لېۋىنى پۈرۈپ.

ـــ سىز ھەمراھلىرىڭىزنىڭ ئاجىز يېرىنى تېپىپسىز. ئۇستىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشىڭىز غەلىبە قىلىشىڭىزغا ئىشىنىمەن. مەن سىزنىڭ ياردەمچىڭىزمەن. ماڭا ئۆزۈڭىزگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىۋېرىڭ، ـــ دېدى. ئىچىدە بولسا: «مەنمۇ سېنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىڭنى بىلىمەن، ـــ دەپ ئويلىدى، ـــ باي ۋە مۆتىۋەر ھاجەتمەنلەردىن پارە ئېلىپ، كۆندىن ـ كۈنگە بېيىۋاتىسەن. ئۆيۈڭدە قانچە گۆھەر، ئالتۇن، كۈمۈش ئەسۋابلار بارلىقى ماڭا مەلۇم. مەيلى، ھازىرچە مەنسەپ يولى بىلەن يۈكسىلىۋەر، سېنىڭ پېشىڭدىن تۇتۇپ مەنمۇ يۇقىرى دەرىجىگە چىقىۋالاي، كېيىن بىر گەپ بولار!»

## ئاستراباد

ھۈسەيىن بايقارا سەھەر ئويغىنىپ شارابچىسىنى چاقىردى ـ دە، بىر قاچا مەي ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى جانسىز، بېشى لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇراتتى. مەينى ئىچىۋالغاندىن كېيىن سەل تۈزىلىپ، مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارى ئەسلىگە كەلدى. ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلارنىڭ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ بەزىسى يوشۇرۇن، بەزىلىرى ئاشكارە رەۋىشتە كۆرەش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقلىرى ئۈستىدە ئويلاشقا باشلىدى. بىر ـ بىرىسى بىلەن ئېلىشىۋاتقان سەپداشلارنى تارازىنىڭ ئىككى پەللىسىگە قويۇپ، قايسىبىرىنىڭ سالمىقى ئېغىر ئىكەنلىكىنى چاملاپ كۆردى: «ۋەزىر ھاجى ئەفزەل ئىنساپلىق، دىيانەتلىك ئەمەلدار. شەھەر ئۇششاق تىجارەتچىلىرى، ھۈنەرۋەنلەر، دېھقانلار ئۇنىڭدىن نالىمايتتى. باجنى ئىنساپ بىلەن ئالاتتى. ئەمما... خەزىنە كۈندىن ـ كۈنگە بوشاپ، كىرىم چىقىمدىن ئاز ئىدى. ئاقىۋەت، زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، ئىككى تۈمەن دىنار تېپىپ چىقىرىپ بېرەلمەيتتى! پادىشاھ دېگەن كاتتا زىياپەتلەر بېرىپ تۇرۇشى، چاغىتاي ئۇلۇسىنىڭ بېگەلىرى ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك مەنسەپدارلارغا قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى بېرىپ، كۆڭلىنى ئېلىپ تۇرۇشى كېرەك. مەجدىددىن بولسا مەككار ۋە ئاچكۆز ئادەم، ئەگەر ھۆكۈمەت تىزگىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇلسا، خەزىنىنى دەرھەم ۋە دىنار بىلەن، قىپ ـ قىزىل تىللا بىلەن تولدۇرىدۇ. ئەمما ئۆزىنىمۇ ئۇنۇتمايدۇ. خەلقنىڭ قېنىنى ئىچىپ، زۇلۇكدەك سەمرىيدۇ... مەيلى، سەمرىۋەرسۇن، بىر كۈنى قۇسۇشى ھېچ گەپ ئەمەس.»

ھۈسەيىن بايقارا كۆڭلىدە ئاللىقاچان مەجدىددىننى تاللاپ، خوجا ئەفزەلنىڭ چاپىنىنى پىچىپ قويغانىدى. ئەمما بەزىبىر مۇلاھىزىلەر بۇ قارارنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلاتتى. مەجدىددىننىڭ ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلىشىشىغا ئەلىشىر نەۋائى باشلىق ئەربابلار، ئالىملار، ئۇنىڭدىن باشقا پۈتۈن خەلق چىش ـ تىرنىقى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭلاشقا سۇلتان قانداق قىلىپ ئەلىشىرنى پايتەختتىن يىراقلاشتۇرۇش چارىسىنى

www.uyghurkitap.com



ئىزدىدى. شائىر ھىراتتا بولمىسلا مەجدىددىنگە زەر چاپان كىيدۈرۈشى مۇمكىن. «نەۋائى مېنىڭ ئەھۋالىمنى چۈشەنمەيدۇ، مەيگە تولا بېرىلمە دەپ نەسىھەت قىلىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئاقىۋەت مەن بارلاس، ئەرلوت، قىيات، قوڭقىرات قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە سارت ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزنى بىلىشىم ئۈچۈن ئۇلارنى ئىچكۈزۈپ، مەست قىلىپ قويۇپ، سۆزلىرىگە ئاستىرىتتىن قۇلاق سېلىشىم كېرەك!»

ئۇ ئىككى كۈن شۇ ھەقتە باش قاتۇرۇپ، ئۈچىنچى كۈنى نەۋائىنى ئۆز ھۇزۇرىغا چىللىدى. ئۇ ھۇجرىسىدا كىمخاب تۆشەككە پۇتىنى سۇنۇپ، يىپەك رەختتە قاپلانغان دومىلاق ياستۇقىغا سول تەرىپىنى تىرەپ يانپاشلىغان ھالدا شائىرنى كۈتتى. ئۇنىڭ سېمىز يۈزىدە بىلىنەر - بىلىنمەس تەشۋىش ئالامىتى كۆرۈنەتتى.

نەۋائى ئىشىكتىن كىرىپ تەزىم قىلىشى بىلەن ھۇسەيىن بايقارا ئىنجىقلاپ ئاران ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. شائىرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ:

— پۇتۇم ساق بولغىنىدا ئورنۇمدىن قوپۇپ سالام بېرەتتىم، — دېدى ئۇ، — خوش، سالامەتلىكىڭىز قانداق؟ ياخشى ئۇخلاپ قوپتىڭىزمۇ؟ قېنى يېقىنراق كېلىپ ئولتۇرۇڭ.

سۇلتان ھۇسەيىن تىزىنى ئۇۋۇلاپ، سالامەتلىكىنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلدى.

— ئىچىملىك كۆپ بولغىنىنى تۈزۈك. خۇسۇسەن، ئەتىتىگەندە ئىچىشنىڭ زىيىنى كۆپتۇر، — دېدى شائىر. سۇلتاننىڭ ئاغزىدىن گۈپ - گۈپ قىلىپ پۇراپ تۇرغان شارابنىڭ ھىدى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتقانىدى.

ھۇسەيىن بايقارا شائىرنىڭ سۆزىدىن خاپا بولمىدى، ئەكسىچە، ئاستا باش لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللىغاندەك بولدى.

بەش - ئون دەقىقە ئۇياق - بۇياقتىن سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سۇلتاننىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، دەردىنى ئىزھار قىلىشقا باشلىدى:

— كېيىنكى كۈنلەردە ئاستراباد كۆڭلۈمنىڭ ئارامىنى قويمىدى، — دېدى ئۇ خورسىنىپ، — ئۇ ۋىلايەتنىڭ ھاكىمى موغۇلبەگ ئىككى يىلدىن بېرى باج - سېلىق ئەۋەتمەي قويدى. پەرىزىمچە، يىغىلغان پۇلنى قىمارغا سەپ بەرگەنگە ئوخشايدۇ. مەملىكەت گۈلزارىنىڭ ئوت بېسىپ كەتكەن گۈلشىنىنى ئاۋات قىلىش كېرەك. يا سۆزۈم توغرا ئەمەسمۇ؟

— تولىمۇ ياخشى گەپ، — دېدى نەۋائى كۆزلىرىدە چاقنىغان ئىستىھزالىق كۈلكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يەرگە قاراپ. ئىچىدە: «مۇشۇ كەمگىچە ئېسىڭىزگە كەلمىگەن ئاستراباد ۋىلايىتى نېمىشقا ئەمدى سىزنى تەشۋىشكە سېلىپ قويدى، بۇنىڭدا بىر گەپ بار» دەپ ئويلىدى.

— ئاڭلىشىمچە، موغۇلبەگ خەلققە زۇلۇم سېلىپ، مېنىڭ نامىمغا داغ چۈشۈرۈۋاتقانمىش.

— ئۇنداق بولسا، موغۇلبەگنى ئالداپ، ھىراتقا ئەپكېلىش ۋە ئۇنىڭ جازاسىنى بېرىش، ئورنىغا مۇتىۋەر ئادەمدىن بىرنى ئەۋەتىش كېرەك، — دېدى نەۋائى يەردىن كۆزىنى ئالماي.

— بارىكاللا، ئويلىغىنىمنى تاپتىڭىز، ئاسترابادقا سىزدەك تەدبىرلىك بىر ھاكىم كېرەك.

نەۋائى تىلىنى چىشلەپ قالدى. سۇلتاننىڭ نىيىتى ئۇنىڭغا ئەينەكتەك روشەن بولدى. قارىغاندا، مەجدىددىن ئۇنى ھىراتتىن يىراقلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسا كېرەك.

— ئىشەنگەنلىكىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، ئەمما سالامەتلىكىم سەپەرگە يار بەرمەيدۇ. بۇ ۋەزىپىگە باشقا بىر ئادەمنى مۆلچەرلەپ قويغانمەن.

— ئاسترابادتىكى ئىشلارنى سىزدىن باشقا ئادەم يولغا سالالمايدۇ، — دېدى ھۈسەيىن بايقارا قەتئىي قىلىپ.

— مىرزام، ئىلتىجا قىلىمەن. ئۇ يەرگە باشقا ئادەمنى ئەۋەتىڭ. مەن سىياسەت ۋە رىياسەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، پاراكەندە غەزەللىرىمنى توپلاپ، دىۋان تۈزۈش خىيالىدا ئىدىم.

— دىۋان تۈزۈش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ھىراتتا بولۇش شەرت ئەمەس، بۇ ئىشنى ئاسترابادتا قىلسىمۇ بولىدۇ.

نەۋائى ئۈچۈن ئېتىراز قىلىشقا يول قالمىغانىدى. ئۇ رەنجىگەن ھالدا:

— مەن بايا ئېيتتىم، يەنە تەكرارلايمەن: سىياسەت ۋە رىياسەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماي-مەن. كىمنىڭ ئۈچىسىدىن زەرتوننى ئېلىپ، كىمگە كىيدۈرسىڭىز، بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق. ئەمما مېنى ھىراتتىن يىراقلاشتۇرماڭ! — دېدى.

— باشقىچە ئويلاپ قالماڭ يەنە، — دېدى ھۈسەيىن، — سىزنى ئاسترابادقا ئەۋەتىشتىن مەقسەت — بۇ يىراق ۋىلايەتنى گۈللەندۈرۈشتۇر. ئەمما باشقىچە پىكىرلەر كۆڭلىمىزنىڭ كوچىسىدىن ئۆتكىنىمۇ يوق.

ئۇنىڭ سۆزىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئورۇن قالمىغان ئىدى، شائىر بۇنى بايقاپ، ئۈنچىقماي باش ئېگىپ قويدى.

— سەپەرگە چىقىش ئۈچۈن ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىلىدۇ، — دېدى پادىشاھ گەپنى قىسقا قىلىپ. شائىر ئورنىدىن قوپتى.

دەرۋازىۋەن ئالدىراپ - تېنەپ، چوڭ دەرۋازىنى ئېچىشقا باشلىغاندا، سۆزلىشىپ ئولتۇ-غان سۆھبەتداشلار چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. شائىرنىڭ سادىق مۇلازىمى بەھلۇل يۈگرۈپ كېلىپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتتى. ساھىبدارا ئۈزەڭگىنى تۇتۇپ تۇردى. نەۋائىنىڭ چىرايى بىر ئاز تاتارغان، قاشلىرى تۈرۈلگەنىدى. دوستلىرى ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورىغاندا:

— بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ، — دېدى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە دۇنيا قاراڭغۇ كۆرۈندى، بېشى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى.

پاكارغىنە ئاددىي بىر ئۆيدە ئىككى كىشى قارىمۇقارشى ئولتۇرۇشاتتى. كىيىنىشى ۋە گەپ سۆزلىرىگە قاراپ، بىرى چوڭ ئەمەلدار، ئىككىنچىسى بولسا ئاددىي بىر نەۋكەر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بىرىنچىسىنىڭ ئۈچىسىدا زەرباب چاپان، بېلىدە ئالتۇن كەمەر، ئىككىنچىسى بولسا ئۈچىسىغا ئاددىي چاپان، بېشىغا پاپاق، پۇتىغا قوپال كۆن ئۆتۈك كىيگەنىدى. ئۇ زوڭ ئولتۇرۇپ ئۇدۇلىدا سالاپەت بىلەن ئولتۇرغان ئەمەلدارنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى.

— ياللاڭتۇش باھادىر، سېنىڭ ساداقىتىڭنى يەنە بىر قېتىم سىناپ باقماقچىمىز، ساڭا مۇھىم بىر تاپشۇرۇق بار.

www.uyghurkitap.com



— ھەرقانداق خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن، سىناپ بېقىڭ.

— ئاسترابادقا بارغىنىڭىزدىمۇ بۇرۇنقىدەك ئىش ئېلىپ بارغايسەن، يەنى ئەلىشىر بەگنىڭ دىققەت قىلىشقا لايىق ھەربىر سۆزىنى تومارچە قىلىپ يېزىپ، باقاۋۇلغا بېرىپ تۇرغايسەن.

— بېشىم بىلەن.

ئەمەلدار يېنىدىن نەي قىلىپ ئورالغان بىر قەغەزنى چىقىرىپ:

— بۇ مەكتۇبنى مىرھاجى باقاۋۇلغا تاپشۇر، — دېدى، يالاڭتۆش خەتنى ئېلىپ، ئالدىرىماي قوينىغا سېلىپ قويدى، — باقاۋۇل نېمە ئىش بۇيرىسا، ياق دېمەي بەجا كەلتۈر. ئۇنىڭ پەرمانى — بىزنىڭ پەرمانىمىز، ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئاڭلىدىم، تەقسىر، — دېدى يالاڭتۆش.

— ئەگەر ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىساڭ، مائاشىڭنى ئۆستۇرىمىز. كېيىنچە چوڭ مەنسەپكە ئېرىشىسەن، كەلگۈسىدىكى خىزمىتىڭ ئۈچۈن ماۋۇنى ئال.

يالاڭتۆشنىڭ ئالدىغا تەڭگە تولدۇرۇلغان بىر خالتا شاراقلاپ چۈشتى.

— رەھمەت، ئاكا، — دېدى نەۋكەر تۇزۇت قىلماي، خالتىنى ئاستا يانچۇقىغا سېلىپ تۇرۇپ.

— ئەمدى كەتسەڭمۇ بولىدۇ. خەق بىلمەستە خوجايىنىڭنىڭ ئۆيىگە كەتكىن. ھېچنەر-سىدىن قورقما، كەينىڭدە مەن بىلەن خەلىفەئى زامان بار.

يالاڭتۆش ئورنىدىن قوپۇپ تەزىم قىلدى - دە، بېشىنى ئەگكەن پېتى پاكار ئىشىكتىن ھويلىغا چىقتى.

نەۋائىنى ئاستراباد خەلقى چوڭ تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالدى.①

كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىنى ياقىسىدا، دىماۋەند تېغىنىڭ ئىتىكىدە سوزۇلۇپ ياتقان بۇ شەھەر ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، كارۋانسارايلىرى ۋە دۇكانلىرى كۆپ ئىدى. خۇراساندىن كاۋكازغا ۋە كىچىك ئاسىياغا بارىدىغان كارۋان بۇ شەھەر ئارقىلىق ئۆتەتتى.

ۋىلايەت ھاكىمىنىڭ نايىبى خوجا شەمشىددىن ۋە كەدخۇدا (شەھەر باشلىقى) ئۆز مۇلا-زىملىرى ۋە ئەمەلدارلىرى بىلەن شەھەرنىڭ مەشھەد دەرۋازىسىدىن چىقىپ، نەۋائىنى كۈتۈۋې-لىشتى. خوجا شەمشىددىن ئاتتىن چۈشۈپ، دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن يېڭى ھاكىمنى تەبرىكلىدى.

ئاھالىسى كورد، فارس، ئەزەربەيجان ۋە تۈركمەنلەردىن ئىبارەت بولغان ئاستراباد ھەرنىڭ ئۈۋىسىدەك گاژىلداپ تۇراتتى. كىمخاب، شايى تون كىيگەن ئەمەلدارلار، بايلارۋە سەكسەن ياماق ماتا چاپانغا ئورۇنۇپ، كەشنى ئاران سۆرىگەن ھۈنەرۋەنلەر، ھامماللار، مەدىكارلار كوچىلارنى بىر ئالغان ئىدى.

مەشھەد دەرۋازىسى تۆپىسىدە ناغرا، سۇنايلارنىڭ ئاۋازى ئەۋجىگە چىققان ئىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ كاناي نەرە تارتىپ شەھەرنى بېشىغا كىيەتتى. ئاتلىقلار شەھەرگە كىرىشى بىلەن ئاتنىڭ بېشىنى نەلبەند كوچىسىغا بۇراشتى. خالايىق چۇقان كۆتۈرۈپ، يېڭى ھاكىمنى ئالقىشلىدى. باشلىرىغا بۇدرە مويلۇق پاپاق كىيگەن ھەيۋەتلىك ياساۋۇللار ئالدىغا چۈشۈپ، قوللىرىدىكى ئۇزۇن تاياقلىرىنى ئوينىتىپ، ئاتلىقلارغا يول ئېچىپ بېرەتتى.

① نەۋائى 1487 - يىلى ئاسترابادقا يېتىپ كەلدى.

نەۋائى ئۆز نەۋكەرلىرى، شەھەر ئەمەلدارلىرى، ئالىملار، شائىرلار قورشاۋىدا دەۋانخانىغا يېتىپ كېلىپ، ئاتتىن چۈشتى. بۇ يەردە ئەلچىلەرگە زەرباپ چاپان ۋە كۇلاھ كىيدۈرۈپ، چۇقان - سۈرەن ئىچىدە مۇبارەكلەشتى. رەستە ئاقساقاللىرى، ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا ئەمەلدارلار سوۋغىلارنى ئېلىپ كېلىپ، يېڭى ھاكىمنىڭ پۇتى ئاستىغا قويۇشقا باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي يىپەك تونلار، توپ - توپ شايى، ئەتلەس، مەسە - كەش ۋە باشقا نەرسىلەر ئورالغان بوغچا ۋە تۈگۈنلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. بۇلارنى كۆرۈپ، ناقۇلاي ئەھۋالغا چۈشكەن نەۋائى ئىنزا تارتىپ، سوۋغا ئېلىپ كەلگەنلەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى، خوجا شەمشىددىن بىلەن يالغۇز قالغاندا ئۆزىنىڭ ناقۇلاي ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئېيتتى.

— تەقسىر، ئاتا - بوۋىلاردىن قالغان ئادەت بۇ، ئادەتكە قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، — دېدى خوجا شەمشىددىن.

— ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى، بۇ ئادەت بار. ئاقىۋەت، سوۋغا جاپاكەش خەلقنىڭ بوينىغا ئېغىر يۈك بولۇپ چۈشىدۇ. ئەمەلدار، خادىملارنى بۇزىدۇ. ئۇلارنى ئاچكۆزلۈك، تەمەگەرلىككە ئۆگىتىدۇ، — خوجا شەمشىددىن ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللىغاندەك باش لىڭشىتىپ قويدى.

شائىر يېڭى جايغا كەلگەندىن بىرى ئەسەبلىرى جايىغا چۈشۈپ تىنچ ئۇخلايدىغان بولۇپ قالدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە، ئۇ ئادىتى بويىچە ئورنىدىن قوپتى. قۇياش دەرەخلەر ئاستىغا چاڭگاللاپ ئالتۇن تەڭگىلەرنى چاچماقتا. دىماۋەند سىرتىدىكى ئورماندىن سالقىن شامال كېلىپ تۇراتتى. خەلقنىڭ ئېتىقادىغا ئاساسەن زەھھاك، جەمشىد ۋە رۇستەمدەك ئەپسانىۋى قەھرىمانلارغا مەقبەرە بولغان بۇ تاغنىڭ تۆپىسىدىن تۈتۈن چىقىپ تۇراتتى. شەھەر ئەتراپىدىكى باغلاردىن ئەپلىسىن، لىمون ھىدلىرى پۇراپ تۇراتتى. چىلدۇختەران دەرۋازىسىدىن كىرىۋاتقان تۆگە كارۋاننىڭ قوڭغۇرىقى، تۆگىلەرنىڭ پەريادى ھەممە ياقنى قاپلىغاندى.

بۇ يەرگە كېلىپ بىر ئاز دەم ئالغان شائىر شەرۋەت ئىچىپ، ناشتا قىلىۋېتىپ، قاپىقى تۈرۈلگەن بەھلۇلغا چاقچاق قىلدى:

— دىمىقىڭدىن ئىشەك قۇرۇتى يېغىۋاتىدۇ، مەخدۇم، يا ھىراتتا يېتىم قالغان ئېشەكىڭنى سېغىنىدىڭمۇ؟

نەۋائىنىڭ كەيپىياتى بەھلۇلغىمۇ تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— تاپتىڭىز، تەقسىر، ئەمما ئېشىكىم ئىگىسىدىن كۆرە بەختلىكرەك ئىكەن، چۈنكى ئۇ ئۆزى تۇغۇلغان شەھەردە راھەتلىنىپ ياتىدۇ. مەن بولسام بۇ يەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرىمەن.

— راست، سەلتەنەت سەھراسىدىن چىققان سوغۇق شامال سىزنى بۇ يەرگە ئۇچۇرۇپ كەلدى، ئەمما ئېشىكىڭگە كۈچى يەتمىدى. مەجدىددىن ئۇنىڭ تېرىسىنى شىلىپ ئالمىغىيدى، دەپ قورقىمەن.

— مېنىڭ ئېشىكىم تېرىسىنى شىلدۇرىدىغان ئېشەكلەردىن ئەمەس، ئالدىدىن كەلسە چىشلەيدۇ، كەينىدىن كەلسە تېپىدۇ.

بەھلۇل ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئۆزى زوقلىنىپ كۈلۈۋەتتى. نەۋائىمۇ كۈلكىسىنى توختىتال-

ھاي، روھلىنىپ، ئورنىدىن قوپتى - دە، دۇئانخانىغا قاراپ ماڭدى.

ساھىبى دۇئان خوجا شەمشىددىن ئۇنى بوسۇغىدا تەزىم بىلەن قارشى ئېلىپ، ھال - ئەھۋال سوراشتى. نەۋائىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— خەيرىيەت، ئاستىرابات ھاۋاسى سىزگە يېقىپتۇ، — دەپ قويدى.

دۇئانخانىگە كىرىپ، ھەر كىم ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن نەۋائى ئۆز ئادىتى بويىچە دۇئان باشلىقىنىڭ ئورۇندىغان ئىشلىرى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ، باش كاتىپ-نىڭ (ھېساپچىنىڭ) دەپتىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ ئىشلارنىڭ يۈرۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، باج - سېلىقلارنىڭ تەرتىپلىك كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بىر ئاز تەسكىن تاپتى.

چۈشتىن كېيىن دەۋاگەرلەرنىڭ شىكايىتىنى تىڭشاشقا باشلىدى. بىر - ئىككى كىشىدىن كېيىن مۈرىسىگە ياماق چۈشكەن ماتا يەكتەك كىيگەن، كېلىشكەن، چىرايلىق بىر يىگىت چورۇقىنى سۆرەپ كېلىپ، نەۋائىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان خوجا شەمشىددىنگە ئىگىشىپ تەزىم قىلدى. بەستلىك، كۆركەم، قامىتى زور دۇئان باشلىقىنى، قارىغاندا، ئۇ ھاكىم دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. يىگىت ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ:

— تەقسىر، جانابلىرىغا بىر ئەرزىم بار ئىدى، — دېدى.

تۆۋەنرەكتە قولىغا قەلەم ۋە دەپتەر ئېلىپ ئولتۇرغان كاتىپ ئۇنىڭ خاتاسىنى كۆرۈپ، «پىق» قىلىپ كۈلۈۋەتتى. دەۋاگەر يىگىت سۆزىنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا قارىدى. خوجا شەمشىددىن كاتىپقا بىر ئالىيىپ قويۇپ، يىگىتكە تۆۋلىدى:

— ئەخمەق، كۆزۈڭ قارىغۇمۇ؟ ئەلىشىر بەگ جانابلىرى ئالدىڭدا ئولتۇرىدىغۇ!

دېھقانلارنى ئادەم ئورنىدا كۆرمەيدىغان دۇئان باشلىقىنىڭ بۇ قوپال مۇئامىلىسىدىن نەۋائى قاتتىق رەنجىگەن بولسىمۇ، يات ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئۆز ياردەمچىسىگە تەنبىھ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، قىزىرىپ ئولتۇرىۋەردى.

ماتا يەكتەكلىك دەۋاگەر نەۋائىغا تەزىم قىلدى - دە، دۇئان ساھىبىغا تەگكۈزۈپ دېدى: كۆزۈمىز قارىغۇ بولمىسا، شۇنچىۋالا جاپاغا چىداپ ياتامتۇق؟!

خوجا شەمشىددىن غەزەپلىنىپ، «يوقال، بۇ يەردىن» دەپ ۋارقىرىماقچى بولۇپ تۇرغان-دا، نەۋائى مۇلايىملىق بىلەن:

— مەيلى ئەرزىنى ئېيتسۇن، — دەپ قالدى.

— تەقسىر، مېنى مەرىيەمئاباد كەنتىنىڭ جامائەسى دەرگاھىڭىزغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى…

— كەنتىڭدە ئەلچىلىككە سەندىن ياخشىراق بىر ئادەم تېپىلمىدىمۇ؟ — دەپ تەنە قىلدى دۇئان باشلىقى.

— ياخشىراقى، ساۋادلىقى مەن … ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىڭىز مەرىيەمئابادقا بېرىڭ، كەمبە-غەللىكتىن دېھقانلارنىڭ كىيىشكە كىيىمى، قاشلاشقا تىرنىقى قالمىدى، — قوينىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دېدى: — ھەممە ئەھۋال مۇشۇ ئەرزنامىدە يېزىلغان.

— ساۋاتلىق بولساڭ ئوقۇپ بەر! — دېدى خوجا شەمشىددىن زاڭلىق ئارىلاش.

سەھرالىق يىگىت قەغەزنى سول قولىغا ئېلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوقۇشقا باشلىدى:

(داۋامى بار)

(ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى)








# بۇلاق（قوش ئايلىق ژۇرنال）ئومۇمىي99 ـ سان
# 源泉（布拉克）（维吾尔文）总99期
MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

شىنجاك خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
（ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر）
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1050/1
ۋاكالەت نومۇرى: 58-108. باھاسى: 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118

国内统一刊号：CN65-1050/1
本刊代号：58—108　定价：6.50元
ISSN 1005—0876/ 国外代号：Q1118